


ISSN 1008-6498

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شائىر ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

— ئادىل ئىسمائىل فوتوسى

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا

## تەپەككۇر كۆزى


تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى........... ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان 2

تەپەككۇر مېۋىلىرى .............. مەرىيەمگۈل ياقۇپ قاتارلىقلار 20


## روھىيەت مەشئەللىرى


20 ـ ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى .............. يالقۇن روزى 25


## سەھرادىكى ھېكايىلەر


كېسەكچى.................. (ھېكايە) ............ ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت 44

ھارۋىكەش.................. (« ») ...........ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 46


## مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم


سايرا دۇتارىم، سايرا .............. مۇراد مەتنىياز 52


## «ئۆزۈڭنى تونۇ!»


بىز قانداق چاكىنىلىشىمىز: كىملىكىمىز، جەمئىيەتلىشىۋاتقان بىنورماللىقلىرىمىز ۋە شالغۇتلىشىۋاتقان قىممەت قارىشىمىز ..............زۇلپىقار بارات ئۆزباش 53


## «ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋۇلدۇرۇز»


ئەقىل ئۆتەڭلىرىدە .............. ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان قاتارلىقلار 70


## ھەق گەپ ــ نەق گەپ


«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار .............. مۇھەممەت ھۇسەن قاتارلىقلار تەرجىمىسى 73


## سەن كىمنىڭ زىيالىيسى، ئويلىساڭچۇ؟


مەنزىلىڭ قايان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى .............. ئادىل ئابدۇقادىر 76


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: توغراقلىقتىكى ئائىلە (ماي بوياق رەسىم) رەسسام: مۇھەممەت ھېيت


بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(59 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2010 ـ يىل 5 ـ سان
(ئومۇمىي 305 ـ سان)

باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى (قوشۇمچە)**
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ
باشقارما-باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش
مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر،
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
**بەگمەت يۈسۈپ**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

تەكلىپلىك گۈزەل سەنئەت
لايىھەلىگۈچى:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**
(ئەدەبىيات ماگىستىرى)



# تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى

ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان

**تەپەككۇر كۆزى**

بىلىشىمچە، مەدەنىيەت ئۇبزورچىلىرى، يەنى پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر، پەلسەپەچىلەر جەمئىيەت مەسىلىلىرىنى توغرا كۆزىتىش، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە ئوي - پىكرىنى توغرا تەھلىل قىلىش، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى، ھەرىكىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ، مۇۋاپىق يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى، پسىخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىپ ياخشىلىققا باشلاش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەردۇر. مەلۇم مەسىلىنىڭ توغرا يۆنىلىشى ئۈستىدە ئەمەلىي، ئىجابىي ئىزدىنىش، شۇنداقلا ھەممىگە ئورتاق بولغان قانۇنىيەتنى تېپىش ھەم يەتكۈزۈش جەريانى پەلسەپە، تەپەككۇر بولسا كېرەك. شۇڭا تەپەككۇر رېئالنىي مەسىلە ئۈستىدە بولىدۇ، گۈزەللەشتۈرۈلگەن ئەدەبىي تەسەۋۋۇر بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. پەلسەپە بىر قاراشتىن مۇرەككەپ، سىرلىق جەمئىيەت ئىلمى بولۇپ، ئەگەر چۈشىنىشلىك، ئاممىباب مەزمۇندا بولسا مۇرەككەپ بولمىغان ئىلىم ھېسابلىنىدۇ. پەلسەپەنىڭ تۈپ مەقسىتى دۇنيادىكى نەرسىلەر(شەيئىلەر)نىڭ، مەيلى ئۇ كۆرگىلى- تۇتقىلى بولىدىغان ياكى مەۋھۇم نەرسە بولسۇن، ئىچىگە يوشۇرۇنغان تۈپ قانۇنىيىتى(مىسالەن، ئىنساننىڭ ماھىيىتى)نى ئىزدەش، بايقاش ھەم بەرھەق نەرسىگە ھۆرمەت قىلىش جەريانى بولۇپ، ھەقىقەتتىن ئايرىلغاندا پەلسەپەنىڭ قىلچىلىك قىممىتى بولمايدۇ. ئۇ، كىشىلەرنى ئەقىل- پاراسەتكە ھۆرمەت قىلىش، تەپەككۇر ۋە ھەرىكىتىدە ئىدراك، پاكىتنى ئاساس قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىلىم. شۇڭا بۇ ئىلىمنى ئىسمى- جىسمىغا لايىق زاكونشۇناسلىق ئىلمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ، مەڭگۈ تېخىمۇ يېڭى بولغان قانۇنىيەتلەرنى بايقاشنى ئۆزىنىڭ ئىزدىنىش نىشانى قىلغان. شۇنداق بولغاندىلا ھەقىقىي ئەھۋال(قانۇنىيەت)نى بىلىش تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بۇ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، تەدرىجىي تەرەققىيات ئۈنۈمىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئۇزۇندىن بۇيانقى كۆزىتىشىمگە ئاساسەن نۆۋەتتىكى «يېزىقچىلىق، پەلسەپە، دۇنياغا قاراش، قىممەت قاراش» قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئويلىشىپ كېلىۋاتقانىدىم. بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇپ پىكىرلەشمەكچى بولغانلىرىم بىر خىل ئۇبزور ياكى بىرەر كىشىگە ھېسسىيات ھۇجۇمى قىلىش مەقسىتىدىن كۆپ يىراق بولۇپ، ئاساسلىقى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ساقلىنىۋاتقان پاكىتلىق مەسىلىلەرنى تولۇق توغرا ئوتتۇرىغا تاشلاپ، كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىشنى مەقسەت قىلدىم.

بايقىشىمچە، نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت ئۇبزورچىلىرى قاتلىمى ھەم خەلقىنىڭ تەپەككۇر ئېڭىدا جىددىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولماقتا.

## 1

### 1.1. تىلنىڭ كېكەچلىكى

بۇ تېمىدىكى ئاتالغۇ نۆۋەتتىكى «پەيلاسوپ» ياكى «مۇتەپەككۇر» نامىدا ئاتىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ماقالە ۋە ئەسەرلىرىدىكى ئېغىر تىل، پاساھەتلىك تىل، مەزمۇندار تىل

ئۇسلۇبىغا، ئۆزىنى تىلدار(تىلغا باي) قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان كىشىلەرگە قارىتا ئېيتقىنىمىزدىن ئىبارەت. ئۆزۈمنى گەرچە زىيالىيلاردىن دەپ ئېيتالمىساممۇ، پات - پات كىتاب - ژۇرنال كۆرۈپ تۇرىدىغان ئادەم بولۇشۇم بىلەن يەنىلا ئاز - تولا بىر نېمە بىلىدىغانلاردىن دەپ ئويلايمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق يۇقىرىدا دېيىلگەن كىشىلەر يازغان ماقالىلەر ھەم ئېيتقان سۆزلىرىنى چۈشەنمەسلىكىم، تېگىگە ھەقىقىي يېتەلمەسلىكىم بىر پاكىتتۇر. ناۋادا سىز بۇ ئەسەرلەرنى تولۇق چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسىڭىز مېنىڭدىن كۆپ ئەقىللىق ھەم تەلەيلىك ئىكەنسىز، ئەمما سىز ئەڭ ئىشەنچلىك شاھىت ئەمەس. سىز سەۋىيەڭىز يۇقىرى زىيالىيلار قاتلىمىغا تەۋە بولۇپ، ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشى توپىغا كىرىسىز. مەن تۆۋەن سەۋىيەلىك زور كۆپچىلىك كىشى توپىغا، ئوقۇغۇچىلارغا، ئادەتتىكى كىشىلەرگە ھەم قارا تۇرۇك دېھقانلار توپىغا تەۋە بولغان بولىمەن. بۇنىڭ دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، مەن ئومۇمىيلىققا ۋەكىللىك قىلىمەن. مەن تۇرغان تەرەپ ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت.

بىلىشىمچە، تەپەككۇر ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ توغرا كۆز قاراشلىرى ۋە ئىدىيەسى بىلەن جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق دۇنيانىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا روھ دۇنياسىدىكى «مۇنەۋۋەر سىياسىيونلار» دېيىشكە بولىدۇ. ئەپسۇس، ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەسى، ھېس قىلغانلىرى، ئىزدىنىش نەتىجىسى ھەم كۆز قارىشىنى، ئىستراتېگىيە ۋە تەپەككۇرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئۇسۇلىدا كەتكۈزۈپ قويىدۇ. ئۆز ئەجرىنىڭ جەۋھىرى مېۋىلىرى بولغان يازما ـــ ئەسەرلىرىدە ھەددىدىن زىيادە ئېغىر تىل ھەم پاساھەتلىك تىل ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ، ئۇنى ئىنتايىن دەبدەبىلىك بېزەپ چىقتى. مۇددىئاسىنى بىر تەرەپتىن زىيادە ئوخشىتىش ۋە كۆچمە مەنىدىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىش، جۈملە قۇرۇلمىلىرىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرى ئوقۇغان تولۇق ھەزىم قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن كىتابلاردىكى ئۆزۈندىلەرنى ئىشلىتىپ پەردازلاش، سىرلىق ئۇقۇملار بىلەن كىشىلەرنى گاڭگىرىتىش، ئۆز مەقسىتىنى ئۇدۇل ئېيتماي گەپ ئويىنىتىش ئارقىلىق نامەلۇم مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولۇشتى. بۇنداق ئىپادىچىلىكنى «ئىلمىي پوخورلۇق» دەپ ئاتاش ئەڭ مۇۋاپىق. ئۇندىن باشقا يەنە ئۆز مەقسەتلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا يات قەدىمىي سۆزلۈكلەر ھەم ئەرەب - پارس تىللىرىدىكى ئاتالغۇلار بىلەن ياپتى. ئەگەر بۇ گەپ - سۆزلەر بىلەن تىزىلغان جۈملىنىڭ ئىچىدىن مېغىزلىق مەزمۇنغا يەتمەكچى بولساق ئالدى بىلەن بىر ئوخشىما تىلشۇناس بولۇشىمىز، ھېچبولمىغاندا قولىمىزدا «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ياكى ئىبارىلەر لۇغىتى بولۇشى كېرەك. ئۇنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، بىر ماقالىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىپ چۈشىنىش، تېگىگە يېتىش بەزى «پەيلاسوپ»لارنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمۇ؟ ئۇلار ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ نەتىجىسى ئۈستىدە باشقىلارنىڭ ئىككىلەنمەچى مۇلاھىزە، شەرھ، تەپەككۇر، ئىزدىنىش ئارقىلىق چۈشىنىشىنى بەخت، ئابرۇي ھېسابلاشسا كېرەك.

يەنە بىر نۇقتىدىن ئويلانغاندا، ئۇلار دېمەكچى بولغىنىنى ئېغىر تىل ئىچىگە كۆمۈپ قويۇپ، ئويۇن ئويناۋاتامدۇ؟ پاساھەتلىك سۆز دۆۋىسىنىڭ ئىچىدە راستىنلا قىممەتكە يارىغۇدەك نەرسە بارمۇ؟ دېگەن خىياللار تەپەككۇرى ئويغاق كىشىلەرنى گۇمانغا سالماي قويمايدۇ. ئەگەر قىممىتى بار نەرسە بولسا ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا تاشلىماي، نېمە سەۋەبتىن سۆز ئويۇنى قىلىپ چۈشىنىكسىز گەپ - سۆزلەر ئىچىگە كۆمۈپ قويىدۇ؟ ئۇلارنىڭ نامايان قىلماقچى بولغىنى تىل بايلىقىمۇ ياكى ئۆز ئويىدىكى دېمەكچى بولغىنىمۇ؟ مېنىڭچە، بىر قىسىملارنىڭ دېمەكچى بولغىنىدىن تىل بايلىقىغا «پىشقان» مەنمەنلىكنى كۆز - كۆز قىلىشى مۇھىمدەك تۇرىدۇ. ئۇلار كىشىلەرگە ئاللىقاچان سىر بولماي قالغان مەسىلىلەرنى قايتا - قايتا تىلغا ئالىدۇ. پەقەت ئەدەبىياتچىلارغا خاس ئىشلىتىدىغان تىل ئۇسلۇبى ھەم يارەمچى ۋاستىلىرى ئوخشىمايدۇ.

ئوي - پىكرنى ئىپادىلەشتە ئېغىر خۇددۇكسىرەش، گاڭگىراش، ئىشەنچسىزلىك، كىلاسسىك پەلسەپەۋى پىكىر چەمبىركىنىڭ ئاسارىتى، يازمىلىرىدا يېڭى ئىدىيەنىڭ بولماسلىقى بۇ كىشىلەرنى مۇشۇنداق «رەڭلىك نىقاب» شەكلىدىكى غەيرىي يېزىش شەكلىنى قوللىنىشقا مەجبۇرلىغانمۇ ـــ قانداق؟ ئۇنىڭ ئىچىدە تۇتامغا چىققۇدەك نەرسىنىڭ بار - يوقلۇقى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە ئايان. ئاينىڭ يۈزىدە دېغى بولغىنىدەك، «مۇتىۋەر» كىشىلەرنىڭ بىلەرمەنلىكنى شەكلى ئۆزگەرگەن ئۇسۇلدا كۆز - كۆز قىلىشى، شۆھرەت تەمە قىلىشى نېمىدېگەن چوڭ پەسكەشلىك! ئۆز تەپەككۇرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇنداق غىلجىڭلاشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ ئوقۇرمەننى ھارغۇزۇپ قويىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ياشلارنىڭ قەلب تارىنى چېكىپ ھاياجانغا سېلىپ، قان ئايلىنىشى ھەم نەپسىنى تېزلەتسە بولىدۇكى، كېيىنكى ئۇزۇن مەنزىلدە يولنى قانداق مېڭىشنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئەمدى يەنە يېزىش توغرا كەلسە تەكلىپىم شۇكى، بۇ كىشىلەر ئەڭ ياخشىسى مەسەل يازسۇن. تىلى چۈشىنىشلىك، ئوقۇشلۇقى بار، جەلپ قىلارلىق مەسەل ئارقىلىق پەلسەپەۋى ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشسۇن، خۇددى «بۆرە كەلدى»، «بۆرە بىلەن قوزىچاق» قاتارلىقلاردەك. شۇنداق بولغاندا بىرلا ئوقۇپ چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

## 1.2. ئېغىر تىل ۋە چۈشىنىشلىك تىلنىڭ سېلىشتۇرمىسى

ئۆز گېپىمىزنى داۋام ئەتسەك، ئېغىر تىل بىلەن يېزىلغان ماقالىلەردە زىيالىيلارنى ئويلىغانمۇ ياكى پۈتكۈل جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇشنى ئويلىغانمۇ دېگەن يەنە بىر مەسىلە بىزنى تەشۋىشكە سالماي قويمايدۇ. زىيالىيلار بۇنداق نەرسىلەرگە ھەممىدىن بەك ئېھتىياجلىق ئەمەس. زىيالىيلار قاتلىمى جەمئىيەتنىڭ باشلامچى قوشۇنى بولۇپ، نېمىنىڭ توغرا، قايسى يولنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى باشقىلاردىن ئېنىق بىلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ ماقالىلەر پۈتكۈل جەمئىيەت ئۈچۈن يېزىلغانمۇ؟ ياق. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېغىر تىل بىلەن بېزەلگەن ماقالە - نۇتۇقلىرىنى جەمئىيەتتىكى ئادەتتىكى بىر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ياكى بىر سودىگەر ۋە ياكى بىر قارا تۇرۇك دېھقان تولۇق چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۇنداق نەرسىلەرنى ئىككىلەنمەچى تەتقىق قىلىپ چۈشىنىشكىمۇ زېھنى يوق. مېنىڭچە، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپلىرى ئۆزلىرىنىڭ نېمە

www.uyghurkitap.com

دەۋاتقانلىقىنىمۇ ئېنىق ئاڭقىرىپ كېتەلمىسە كېرەك. دېمەك، بۇ «پەيلاسوپلار» ئاخىرىدا يېڭىلگۈچىلەردىن ئىبارەت. شۇڭا، ھە دېسىلا جەمئىيەتتىن ئاغرىنىدۇ، بارغانسېرى بوزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئېچىنىدۇ. جىنسىي ئەركىنلەشتۈرۈش، ئاشنىدارچىلىق (بۇلار ئوچۇق ـ ئاشكارا دېيىلمىگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئالىلقاچان جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مەسىلىسىگە ئايلىنىپ بولىدىغان ئاشكارا مەخپىيەتلىك، خالاس)، ئەرلەردىكى مەسئۇلىيەت، باللارغا بولغان تەربىيەنىڭ يېتەرسىز بولۇشى، بەزمىخانىلار، ئاجرىشىش ئېلىپ كەلگەن ئىگىسىز يېتىم باللار... قاتارلىقلاردا مۇناسىپ كىشلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى بولغىنىدىن سىرت، جەمئىيەتنى تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئالدۇق، دەپ مەيدىسىگە ئۇرىدىغان ئوپېراتسىيەچى پەيلاسوپ ـ قەلەم ئىگىلىرىنىڭمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان زور مەسئۇلىيىتى بار. ئۇلار بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى ئويلايدىكەن، ئۆز تەپەككۇرىنى كىشلەرگە ئەڭ يېقىن ئاددىي ـ چۈشىنىشلىك زاغرا تىل بىلەن بايان قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. شۇندىلا كىشلەر ئۇلارنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى بىلەلەيدۇ. بىزنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىز دۇنيانىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولۇشى، كىشلەرنىڭ ئىلمىي، مەدەنىي ۋە بەختلىك ياشىشىدۇر. بىر كىشىنىڭ بىلىمى قانچە يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما كىشلەر چۈشىنەلەيدىغان نەرسىگە ئايلانمىسا، باشقىلارغا نەپ ئېلىپ كېلەلمىسە بەربىر ئۇنى ئېتىراپ قىلىشمايدۇ. ئېتىراپ قىلىدىغانلار پەقەت ۋە پەقەت ئاز بىر قىسىم كىشلا بوپقالىدۇ، خالاس. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىشلەر يازغان «ھېكمەتلىك سۆزلەر»نى يىغىپ بىر توپلام قىلغاندا، بۇ توپلامنىڭ ئادەتتىكى بىر ئوقۇرمەننىڭ ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى مەلۇم بىر مەشھۇر ئىنسانشۇناسنىڭ ئاددىي ئەمما ئوبرازلىق ئېيتقان «ئۆمۈر دېگەن بەك قىسقا، كىچىك ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈرمەسلىك كېرەك» دېگەن نەق گېپىچىلىك بولمىسا كېرەك.

ئەتراپىمىزدا ئاددىي ـ چۈشىنىشلىك تىل بىلەن راۋان ئىپادىلەنگەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەرلەر توغرىسىدا سۆزلىسەك، زامانىمىزدىكى يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» ناملىق ئەسىرى (بۇ ئەسەر ژۇرنىلىمىزنىڭ 1994 ـ يىل 1 ـ ، 2 ـ (قوشما)ساندا بېسىلغانىدى. ـ مەسئۇل مۇھەررىردىن) تىپىك بىر مىسال بولالايدۇ. بۇ ئەسەردە يازغۇچى دېمەكچى بولغانلىرىنى كىتابىي تىل بىلەن ئەمەس، خەلققە تېخىمۇ يېقىن بولغان ئاددىي تىل، تۈز تىل، جانلىق تىل ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىپادىلەپ بەرگەن. شۇڭا بۇ ئەسەر خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشىپ، زىلزىلىسى، تەربىيەۋى ئەھمىيىتىمۇ غايەت زور بولدى. قارىغاندا، بىز ئەدەبىي تىل بىلەن تەپەككۇر تىلىغا قايتا ئېنىقلىما بەرسەك بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ئېيتايلۇق، يەر شارىدا كىشلەرنىڭ ھاياتىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن دۇنياۋى شۆھرەتلىك مەشھۇر ئەسەرلەردىن «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ۋە ئاجىزلىقلار»، «ئەقىل ـ پاراسەت دەستۇرى»، «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مال ساتقۇچى»، «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» قاتارلىق كىتابلار ناھايىتى چۈشىنىشلىك يېزىلغان بولۇپ، بىۋاسىتە تەسىر قىلىش شەكلى بىلەن دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتكەن، سېتىلىشىمۇ غايەت زور مىقداردا ئاشقان. مانا بۇ چۈشىنىشلىك، ئاممىباب ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى. بىز بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا ئاساسەن ھېچقانداق تىل قىيىنچىلىقىغا ئۇچرىماستىن بىۋاسىتە چۈشىنەلەيمىز. تىلدىكى ئىپادىلەش قانچىكى ئېغىر، قانچىكى مۇجمەل بولسا، ئۇنىڭ تەسىرى شۇنچە خۇنۇك، شۇنچە قىممىتى يوق بولىدۇ، تەسىر دائىرىسىمۇ تار بولىدۇ، خالاس.

دېمەك، زامانىمىزدا قائىدىشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى تەپەككۇرىنى ئىپادىلەشتە «ئاددىي»،«چۈشىنىشلىك» تىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىغا كۆچ چىقىرىشى ھاجەت.

## 1.3.تىلدىكى ئاتالغۇلار مەسىلىسى

يېقىنقى 20 ـ 30 يىل مابەينىدە ئۇيغۇر تىلىغا يىڭىدىن كىرگەن ۋە داۋاملىق كىرىۋاتقان تۈرلۈك ئاتالغۇ ـ سۆزلۈكنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن بىۋاسىتە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە قوبۇل قىلىنىۋاتقان سۆزلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئىستېمالدىن قالغان بىر قىسىم قەدىمىي سۆزلۈكنىڭ قايتا تىرىلىشى، ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن بەئەينى «مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۇم چۈشكىنىدەك» قوبۇل قىلىنىۋاتقان سۆزلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقى، راۋانلىقى تەسىرگە ئۇچراپ، مەنە ئىپادىلىشى مۇجمەل، چۈشىنىشلىك دەرىجىسى ئۆزلۈكسىز چېكىنىپ بارماقتا. بولۇپمۇ كەسپىي ساھەلەردە بۇ مەسىلىلەر تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك. بۇ ھەرگىز سەل قارايدىغان ئىش ئەمەس. ئادەمنىڭ كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئارقىلىق قوبۇل قىلىدىغان ئۇچۇرى بەدەننىڭ باشقا ھەرقانداق سېزىم ئەزالىرى قوبۇل قىلىدىغان ئۇچۇرىدىن كۆپ. ئۇچۇر يەتكۈزۈش مەنبەسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈزگۈچى قىسىملىرىدىن بىرى بولغان تىل ـ يېزىق روشەن ھەم سۈزۈك بولمايدىكەن، ئىپادىلىمەكچى بولغان مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا يېڭى سۆزلۈك ياساش ھەم چەت ئەللەرنىڭ تىللىرىدىن كىرىۋاتقان ھەربىر ئاتالغۇنى تەرجىمە قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتا ئالدى بىلەن مەنە تەرجىمىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئاندىن باشقا تەرەپلەرنى ئويلىشىش زۆرۈر. مىسالەن، ھېسابلاش ماشىنىسى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە يېڭى تونۇلۇپ خېلى بىر مەزگىللەرگىچە كىشلەر ئېلېكترونلۇق مېڭە ياكى ھېسابلاش ماشىنىسى دەپ ئاتاپ يۈردى. كېيىن بىر قىسىم كىشى بۇ ئاتالغۇنى بىراقلا تاشلاپ ئىنگلىزچىدىكى «كومپيۇتېر» دېگەن نامنى بىۋاسىتە ئوقۇلۇشى بويىچە ئېلىپ كىردى. خوش، ئالدىدىكى ئاتالغۇ ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەش بولۇپ، ھەر ئىككىلا سۆزلۈك ئۇيغۇر تىلىغا تونۇش بولغان ئېلېكترون(گەرچە بۇ سۆز ئىنگلىزچە بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ مەنىسىنى كىشلەر ئاساسەن بىلىپ كەتتى) ۋە مېڭىدىن ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تىلىمىزغا ناھايىتى يېقىن، چۈشىنىشلىك، ئاڭلىغان كىشىگە «توك بىلەن ئىشلەيدىغان مېڭە» دېگەن ئۇقۇمنى يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. ھېسابلاش ماشىنىسى دېگەن ئاتالغۇمۇ ھەم شۇنداق. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ بىر ئادەمگە دەسلەپكى قېتىم ئاڭلىغاندا يەتكۈزىدىغان مەنە قىممىتىنى ئون دېسەك، كەينىدىكى كومپيۇتېر دېگەن ئاتالغۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان كىشىگە بېرىدىغان مەنە قىممىتىنى نۆلگە تەڭ دېيىشكە بولىدۇ. ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان توك يولىنى ئۈزگۈچى ئەسۋابنىڭ «ۋىكلىيۇچاتىل» دەپ ئاتىلىشى چەت تىلدىن كىرگەن ئۇقۇم.

ھازىر ئۇنىڭ مەنە ئاتالغۇسى «ئۇزچات» بولۇپ، ئۇزۇپ چاتىدىغان ئەسۋاب دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. بۇ، نېمىدېگەن توغرا ھەم ئوبرازلىق ئاتاش ـ ھە؟ دېمەك، باشقا تىللاردىن بىۋاستە ئاھاڭى بويىچە تەرجىمە قىلىنغان ئاتالغۇلارنىڭ مەنە ئىپادىلەش قىممىتى تولىمۇ يۇزە بوپقالماقتا. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىغا قىلىنغان بىر تۆرلۈك ئەشەددىي خىرىستىن ئىبارەت. مۇشۇنداق ئەھۋالدا توغرا مەنە يەتكۈزۈشنى ئەمەس بەلكى پاساھەتلىك ھەم ئاسانلىقنى(سۆزلۈك ياساش جەھەتتىكى ئاسانلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ) قوغلاشساق، يېتىلىۋاتقان ئەۋلادلارنىڭ بىر نەرسە چۈشىنىشكە پۇتلىكاشاڭ بوپقالىدۇ، تىلنى بۇنچىلىك زەئىپلەشتۈرۈشنىڭ قىلچىلىك زۆرۈرىيىتى يوق. ئادەم ئىسمى، يەر ـ جاي نامى ھەم پەۋقۇلئاددە ئاتالغۇلاردىن باشقا ھەرقانداق ئاتالغۇنى مەنىسى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈش، تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى كۆپلىگەن نوپۇزلۇق تىلشۇناس تەرجىمىدە مەنە تەرجىمىسىنى ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلمەكتە.

ئاتالغۇلارنى ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىپادىلەش بۇندىن كېيىنكى تىل تەتقىقاتىمىزنىڭ مۇھىم بىر نىشانى. ئاتالغۇلارنى تەرجىمە قىلىش ۋە يېڭى سۆزلۈك ئىجاد قىلىشتا خەلقئارادا فىرانسۇزچىدىن، دۆلەت ئىچىدە خەنزۇ تىلىدىن ئۆرنەك ئالساق بولىدۇ. فىرانسۇز تىلىنىڭ مەنە ئىپادىلىشى كۈچلۈك، قاراتمىلىقى دەل بولۇپ، مۇجمەل مەنىسى ناھايىتى ئاز ئىكەن. مەسىلەن، «ئاۋتوماتىكا» دېگەن سۆزنىڭ فىرانسۇزچىدا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىنكى ئاتالغۇسى «ئايروپىلان ئېلىپ يۈرەلەيدىغان ھەربىي پاراخوت» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئىنتايىن ئوبرازلىق، ئىپادىلەنمەكچى بولغان نەرسىنى «ئاۋتوماتىكا» دېگەنگە قارىغاندا ئاسان چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئاڭلىشىمچە، بۇ تىل چۈشىنىشلىك، قۇرۇلمىسى پۇختا بولغاچقا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم ھۆججەت ـ قارارلىرى فىرانسۇز تىلىدا چىقىدىكەن. خەنزۇ تىلىنىڭ ئىپادىلەش شەكلىمۇ ناھايىتى ئوبرازلىق، ئىخچام، چۈشىنىشلىك بولۇپ، تىل تەتقىقاتچىلىرى بۇ جەھەتتىمۇ نەزەرىنى ئاغدۇرۇشى زۆرۈر. بىز ئەڭ كۆپ ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان تىل بولغاچقا، خەنزۇ تىلى توغرۇلۇق كۆپ توختالمىدىم.

خۇلاسە كالام، تىلىمىزدىكى ئاتالغۇلارنى قانداقتۇر بىرەر سەۋەبكە تاقاپ زىيادە شالغۇتلاشتۇرۇۋېتىش ھەرگىز توغرا ئۇسۇل ئەمەس، چۈشىنىكسىز ئاتالغۇلارغا مۇرەسسە قىلىشقا بولمايدۇ. بىر تىلنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسى مۇشۇنداق ئاتالغۇلار بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ مەسىلىلەر توغرا ھەل بولغاندىلا ئۆزىمىزدىكى تىل ئۆتكىلى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغان بولىمىز. تىل خىزمىتى ئۇل خىزمەتتىن ئىبارەت.

## 2

## 2.1. تەپەككۇر نامراتلىقى توغرىسىدا چۈشەنچە

تەپەككۇر نامراتلىقى ـــ بۇ سۆز ئاساسلىقى تەپەككۇر ماقالىلىرى ۋە يېڭى ئېرادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر كىشىلىرىنىڭ ئېڭىدىكى يېڭىچە تەپەككۇر ئېڭىنىڭ كەمچىللىكى، ئەنئەنىۋى پىكىرنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقى، پەيلاسوپلارنىڭ يېڭىچە ياشاش تەپەككۇر ئېقىمى شەكىللەندۈرۈشىدە ساقلانغان نۇقسانلارغا قارىتىلغان. مېنىڭ شەخسىي ئېڭىمدا تەپەككۇر دېمەك مەلۇم بىر كىشىنىڭ راۋان تەرەققىياتى جەريانىدا ساقلانغان قىيىنچىلىق، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىجابىي، توغرا پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئاخىرىدا ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىش ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئىستراتېگىيە (ئامال ـ چارە) بەلگىلەشتىن ئىبارەت. تەپەككۇر ھەرگىز بىر مەسىلىدىن قانداق قىلىپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ياكى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىش توغرۇلۇق ئەمەس، بەلكى ئۇنى قانداق ھەل قىلىش ئۈستىدە بولۇشى كېرەك. ئېڭىمىزدىكى ئۆزگە مەپتۇن بولۇش پسخىكىسى، پاكىتنى قايرىپ قويۇپ ھېسسىياتقا ئېغىش پسخىكىسى (يەنى ھېسسىياتنىڭ ئەقىلنىڭ ئالدىدا بولۇشى) قاتارلىق مەنىۋى كېسەللىك يېڭىچە ئىدىيە ۋە تەپەككۇر يوللىرىنى ئاساسەن توسۇپ قويۇۋاتىدۇ. بۇنداق مەسىلە خېلى كۆرۈنەرلىك. بولۇپمۇ ئۆزىمىزگە زىيادە تەمەننا قويۇش، ھە دېگەندە ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرىشكە ئۇرۇنۇش، تارىخىي نەتىجىلەرنى زىيادە دەسمايە قىلىۋېلىش، تەقدىرى ئوخشاشلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆڭۈلنى ئەمىن تاپتۇرۇش قاتارلىق قېلىپلىشىپ كەتكەن ئىدىيىۋى ئاڭ بىر تۈركۈم زىيالىيلار قاتلىمىغا خېلى چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، بۇ خىل روھىي كەيپىيات بىلەن ئىلغار پىكىر ئېقىمى پەيدا قىلىش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى ئاز. بۇخىل ئەھۋالدا ئۆزىنىڭلا نەتىجىسى كۆرۈنۈپ، باشقىلارنىڭكىنى ئىنكار قىلىش خاھىشى كېلىپ چىقىدۇ. ھېچبولمىغاندا باشقىلارنىڭ ئالەمشۇمۇل نەتىجىسىگە ئۆزىدە بار نەرسىنى سېلىشتۇرۇپ، تەسەللى تاپقۇسى كېلىدۇ. بۇ قىلمىش جەمئىيەتتىكى بۇ خىل پىكىرگە ئەگەشكۈچى كىشىلەرنى داۋاملىق غەپلەتتە قالدۇرىدۇ، مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەجەللىك پالتا ئۇرىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يېڭىچە كۆز قاراش ۋە تەپەككۇرنى بىخ ھالىتىدە ئۆلتۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن داۋراڭنى چوڭ سېلىپ كىشىلەرنى داۋاملىق جاھالەتتە يېتىشقا، توغرىسى، ئۆزىدىكى نەرسىلەرگە ئالدىنىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. يىراق ھەم يېقىنقى زامان تارىخ بەتلىرىدە ئايان بولغىنىدەك، ناھايىتى ئاددىي ھىيلە ـ نەيرەڭلەرگىمۇ ئالدىنىپ كۆنۈپ كەتكەن ساددا، ئاق كۆڭۈل ئادەملىرىمىز بۇ تەشەببۇسلارنىڭ تېگى مەنىسىگە يەتمەستىنلا بىر ئۈچۈم كىشىنىڭ دۇنيانىڭ ھازىرقى ئېقىمى ۋە ھالىتىدىن قىلچە بىخەۋەر تەركىدۇنيالىق، جان باقتىلىق، شۈكۈر ـ قانائەتچانلىق ۋە كونىلىققا قۇلچىلىق توغرىسىدىكى چىرايلىق پەردازلانغان سۆزلىرىگە ئالدىنىپ كېتىۋاتماقتا. ئىلغار پىكىر ئېقىمىدىكىلەر ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر ئارقىلىق بىر مىللەتنىڭ ئىللىتى كۆرسىتىلىپ بېرىلگەن بولسا، كونسېرۋاتىپ، ئەنئەنىۋى پىكىر قىلغۇچىلار ئۆزگە مەپتۇن بولۇش پسخىكىسى، مىللىي ـ دىنىي ھېسسىيات پسخىكىسى، ماختاپ ئۇچۇرۇش، تەسەللى ـ پەپىلەش نەيرىڭىنى ئىشقا سېلىپ، ھەتتا خەلق بەرگەن ئىمتىيازنى ئىشلىتىپ كىشىلەرنىڭ ھېسسىيات ئېغىشىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى داۋاملىق ئالداش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. كونسېرۋاتىپلار (ئەسلىدىكىسىدە چىڭ تۇرغۇچىلار) كىشىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ھېسسىيات جەھەتتىكى يولىغا كىرىۋېلىپ، قىلچىلىك يېڭى ئاڭ، ئىجادىي تەپەككۇر ۋە ئىلمىي دەسمايىسى بولمىغان ھالدا، دۇنيا ئىلىم ـ پېنى ھەم ۋەزىيىتىدىن خەۋەرسىز ئەھۋالدا تۇرۇپ،

www.uyghurkitap.com

ئوقۇغان كىتابلىرىغا تايىنىپ، سۇنىڭ ئىقىشى بويىچە يول تۇتۇپ، پاساھەتلىك سۆزلىرى، گەپدانلىقى بىلەن خەلقنىڭ كۆزىنى بوياپ، تەسىر ۋە نوپۇز جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالغان. بۇ ئۇلارنىڭ خەلق روھىدىكى «مەنىۋى داھىي» بولۇشتەك شۆھرەت تەمەگەرلىكى خالتىسىنى توشقۇزۇپ، ئۆز پىكرىنىڭ قۇربانى قىلىشقا ئالدىغان. بۇ خىل ئالداشنى تارىختىكى خوجا - ئىشانلارنىڭ دىنى تونغا ئورۇنۇۋېلىپ، ساددا خەلقنى ئالدىغانلىقىغا تەققاسلاش مۇمكىن.

بۇ خىلدىكى پىكىرلەرگە ئالدانغۇچىلار خامۇشلۇق بىلەن لاپ ئۇرۇپ ئۆزلىرىنى «ئالەمدە بىر» ساناپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىۋېرىدۇ، ئەتراپىدىكى ھەم تېخىمۇ يىراقتىكى كىشىلەرنىڭ نەتىجىسىگە پەرۋاسىز قارايدىغان، ئىجادىي تەپەككۇرنى مەسخىرە قىلىدىغان، دادىل پىكىر قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان كەيپىيات كېلىپ چىقىدۇ. ئالدانغانلار ئۈچۈن پەقەت ئۆزىنىڭلا تۇتقان يولى توغرا بولۇپ، دۇنيادا بۇلارنىڭ قىلغىنىدىن دۇرۇس ئىش يوق. دېمەك، «ھازىرقى زامان ژۇرنال پەيلاسوپلىرى» كىشىلەرگە قىلچىلىك يېڭى نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلەلمىدى. ئاممىنىڭ پىكىر ئېڭى ئىلگىرىلىمەيلا قالماي، بەلكى كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشى، بىلىش دائىرىسى بارغانسېرى چېكىندى. ساۋاتلىقلار بىلەن ساۋاتسىزلار(ئىلغار مەدەنىيەت ساۋاتلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ)نىڭ پەرقى بارغانسېرى زورىيىپ كەتتى. خەلقنىڭ تەپەككۇر ھەم ئوي-پىكرىدىكى بۇنداق قايمۇقۇشنى ھازىرقى ئۈچۈر دەۋرىدە تەكرارلاش پاجىئەدىنلا ئىبارەت.

بوشاڭ كىشىلەر ھامان ئاچچىق نەسىھەتتىن تەبئىي ئۆزىنى قاچۇرۇپ، كۆڭلىگە ياقىدىغان ئالقىش-مەدھىيە ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن ئارام تېپىشىدۇ. قىيىن ئىشلارنى تاشلاپ قويۇپ ئاسىنىغا يۈگۈرەيدۇ. نەتىجىدە كونسېرۋاتىپلار كۆپۈكتەك گەۋدىلىنىپ، ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى ھەقىقىي پەلسەپە ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ياشاش سەنئىتى توغرىسىدىكى تەلىمى، نەسىھىتى خۇنۇكلىشىپ، خەلق قايىسىنى تاللاشنى بىلەلمەي قالدى. مانا بۇ يېڭىلگۈچى «روھ سىياسىيونلىرى»نىڭ كىشىلەر ئېڭىغا سىڭدۈرگەن تەپەككۇر ئەركىنلىكى جەھەتتە خەلق بىلەن ئۆزىنىمۇ قوشۇپ قاراڭغۇلۇقتا قالدۇرۇش مەغلۇبىيىتىدىن ئىبارەت. ئۇلار يېڭى پىكىر ئېقىمىدىكىلەرنى «ئەدەپلەش»تىن ئىلگىرى ئۆز يولىنىڭ توغرا - خاتالىقى ئۈستىدە كۆپرەك ئويلىنىشى، نەزەر دائىرىسىنى ناھايىتىمۇ يىراققا تاشلىشى، بولۇپمۇ پىكرىنى ئازاد قىلىشى كېرەك. شۇندىلا يېڭىچىلار بىلەن ئورتاقلىق ھاسىل قىلىپ، ئىلىم-مەرىپەت يولىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. كىمىكى ئۆز جاھىلىقلىقىنىڭ مەپتۇنكار قۇربانلىرى بوپقالىدىكەن، ئۇنىڭ ھالاكىتى شۇنچە تېزلىشىدۇ. تەپەككۇر نامراتلىقى قانچە ئېغىر، قانچىكى قالاق - كونسېرۋاتىپ، بىكىنمە بولسا، ھېسسىيات ئەقىلنى كەسسە، بۇنداق كىشىلەردىن يېڭى نەرسىلەر چىقمايدۇ، تېخىمۇ توغرا بولغان يولنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيلا قالماستىن، بەلكى يېڭىلىقچىلارغا قارشى ئاكتىپ ھۇجۇمچىلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. گەرچە ئۇلار مىللەتنىڭ روھىدىكى ئىللەتنى كۆرسەتكۈچىلەر بولسىمۇ، ئەمما دائىم تەنقىدلەشكە تېگىشلىكنى تاپالمايدۇ. توغرا كۆرسىتىپ بەرگۈچىلەرنى كەمسىتىدۇ. مانا بۇ بىزدىكى «ژۇرنال پەيلاسوپ»لىرىنىڭ تەپەككۇر نامراتلىقى. ئۇلارنىڭ پىكىر تەلىپى ۋە ئاخىرىدا يەتمەكچى بولغان نىشانى يىراق ئەمەس. بۇنداق پىكىرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلار ئۆز تەقدىرىنىڭ قورغاق ئىقلىمىدا ياشاۋاتقان تۈركىي، ئەرەب ۋە پارس خەلقلىرىدىن پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇلار بىلەن تەقدىرداش بولغانلىقىنى بەخت، تىلداش بولۇشنى شەرەپ دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەرەققىيات تېز بولۇۋاتقان رايونلار مەدەنىيىتى، غەرب ئىلىم-پەن مەدەنىيىتى ۋە توغرا تەپەككۇر مەدەنىيىتىدىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كېتىدۇ. بۇ، ئېنىقكى، تەرەققىياتقا يەنە بىر پۇتلىكاشاڭ بوپقالىدۇ. نوقۇل ھالدا ئۆزى بىلەن تىلداش، دىنداش مىللەتلەرنىڭ تەپەككۇرىدىن ئۈرنەك ئېلىش، ئىنتىلىش، تەرغىبات ھەرىكىتى شۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتقان كىشىلەرنى تەرەققىيات يولىدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرىدۇ. بىر نۇقتىنى قەسەمەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، تەرەققىياتنىڭ ئاستا بولۇشى ئۆزىمىزنى مۇشۇنداق مىللەتلەر بىلەن باغلىۋالغانلىقىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

يەنە بىر تەرەپتىن، مۇتەپەككۇر ھەم مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى قاتارىغا بىر قىسىم ئەدەبىياتچىنىڭ باشچىلاپ ئارىلىشىپ كېتىشى بۇ ساھەنى ھەقىقەتەنمۇ چېگراسىنى پەرقلەندۈرۈش تەس قىلىپ قويدى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدىكى مەسىلىلەرنى، مېنىڭچە، نۆۋەتتىكى يازغۇچىلارغا قارىغاندا جەمئىيەتشۇناسلار بىلەن ئىقتىسادشۇناسلار، ئىلىم تەتقىقاتچىلىرى، جاھانكەزدىلەر، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ھەممىدىن بەك چۈشىنىدۇ. شۇڭا بۇ ساھەنى مۇشۇنداق كىشىلەرگە تاپشۇرۇش ئەڭ توغرا. يازغۇچىلىق بىلەن پەلسەپەنى ھەرگىز ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئالدىدىكىسى تەسەۋۋۇرغا تايانسا، كەينىدىكىسى رېئال مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. رېئال مەسىلىلەرنى پەردازلاشقا، ئەدەبىي ھېسسىياتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەدەبىي تەسەۋۋۇر بىلەن زاكونشۇناسلىق بىر گەپ ئەمەس. بىزگە تونۇشلۇق بولۇۋاتقان سوقرات (ئىلاھىيەت ۋە ئەخلاقشۇناسلىق پەيلاسوپى)، ئارستوتېل (تەبئىي پەن ئالىمى، پەيلاسوپ)، ئەپلاتون قاتارلىقلار ھەم يېقىنقى زاماندىكى ئەنگلىيەلىك ئىقتىسادشۇناس ھەم پەيلاسوپ داۋىد ھوم، ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ جون دىۋېي قاتارلىقلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەدىب ئەمەس.

پەيلاسوپ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان ھەم ئىجادىي تەپەككۇر روھىغا ئىگە ئىزدىنىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. چۈنكى تەبىئەت قانۇنىيىتى (مىسالەن، يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى، سۇنىڭ لەيلىتىش پرىنسىپى قاتارلىقلار) ھەق قانۇنىيەت بولۇپ، قەتئىي ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان يارالمىش مۇقەررەر ئىلمىدۇر. شۇڭا پەيلاسوپ ئالدى بىلەن تەبىئەت ئىلمى ساھىبى بولۇشى، ئاندىن مۇشۇ ئىدىيەسىنى قىبلىنامە قىلغان ئاساستا ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتىنى قىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئىلمىي قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىدىغان تەمكىنلىك كىشىنى ھەر ۋاقىت ھەق سۆزلەشكە، ھېسسىياتقا بېرىلمەسلىككە دەۋەت قىلىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ روھ بىلەن قەلەم تەۋرەتكەندە زاكونشۇناسلىق ۋايىغا يېتىدۇ.

## 2.2. تەپەككۇرنى ئېچىشنىڭ ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئويلىنىش

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ مۇھىتقا، ئېنېرگىيىگە بولغان قارىشى كۆچىيىپ، ئاكتىپ تەدبىرلەرنى قوللانماقتا. مەلۇم بىر دۆلەت پىرېزىدېنتى ئۆز قولى بىلەن خەلققە باشلامچىلىق قىلىپ چوڭ بىر شەھەردىكى بارلىق ئېلېكتر چىرىغىنى بىر سائەت ئۆچۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. بۇ خىل پائالىيەت قارىماققا ناھايىتى ئاددىيدەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇنۇمىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. كىشىلەر بۇ پائالىيەتتىن ئېنېرگىيە تېجەشنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ ھەم بۇ پائالىيەتنى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ئادىتىگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە تەپەككۇرى غىدىقلىنىپ، ئېنېرگىيە تېجەشچان مەھسۇلاتلارغا بولغان ئوي - پىكرى ئاۋۇيدۇ ياكى بۇ ئۇسۇللار ئۈستىدە يېڭىچە ئىزدىنىشكە باشلايدۇ. دۇنيادىكى ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنىڭ قايتا ھاسىل بولمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە باشلايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەنە ئىچىملىك سۇ تېجەش، بۇلغانما قويۇپ بېرىشنى ئازايتىش تىپىدىكى ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر خېلى كۆپ. بۇ خىلدىكى پائالىيەتلەر كىشىلەرنىڭ ئىلمىي تەپەككۇرنى كۈچلۈك غىدىقلاپ، ئىجادىي پائالىيىتىگە بەلگىلىك رول كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ ئومۇمىي خەلقنىڭ تەپەككۇرنى قانداق ئويغىتىش توغرىسىدىكى تىپىك مىسال. بۇ مىسال مەيلى مۇھىت ياكى ئېنېرگىيە تېپىغا تەۋە بولسۇن، ئانچە مۇھىم ئەمەس، دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ تېخىمۇ ئەمەلىي ھەم چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈنلا بۇ مىسالنى كەلتۈردۈم. بۇنىڭدىكى مەقسەت مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «غەيرىي، ئاكتىپ» ئۇسۇللار ئارقىلىق خەلقنىڭ تەپەككۇرنى غىدىقلاشقا تۈرتكە بولىدىغان ئامىللارنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت. كىشىلەر تەپەككۇر يۈرگۈزۈشتىن ئىلگىرى ئويلىماقچى بولغان مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى رەسمىي ھېس قىلىشى كېرەك. ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەب ۋە پارس مەملىكەتلىرىدە بۇنداق پائالىيەتلەردىن تېخى بىرىمۇ يوق دېيەرلىك. ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىدىن شۇنى ھېس قىلىمىزكى، ئىلىم - پەن تەرەققىياتى تېز بولۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قوشنا ئەللىرىمۇ تېز تەرەققىي قىلغان ۋە قىلماقتا. بۇ، ياۋروپادىكى ھەممە دۆلەتتە ئورتاق مەۋجۇد بىر ھادىسىگە ئايلانغان. دېمەك، پەن - تېخنىكا، يەرشارىلىشىۋاتقان ئىقتىساد، خەلقئارا جاھاندارچىلىق مەدەنىيىتى ھەم يېڭىچە خىرىس - رىقابەت، مەۋجۇدلۇق تەپەككۇر ئەندىزىسى قوشنا دۆلەتلەرنىڭ يۈكسىلىشىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن. ياۋروپا دۆلەتلىرىنى دېمەي تۈركىيەنى مىسال قىلىپ ئۆتەيلى. تۈركىيە گەرچە ئاسىيادىكى دۆلەت ھېسابلانسىمۇ، ئەمما تۈركىيە سىياسىيونلىرى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىغا تەۋە بولۇشنى ھەم ياۋرو رايونىغا يېقىنلىشىشنى ئىزدەۋاتىدۇ ۋە بۇ جەھەتتە بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا كىرىپ ئامېرىكا - ياۋروپا ھەربىي ئىشلىرىدا ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەش شەرتىنى ھازىرلىدى. ئۇلار ئوتتۇرا شەرق، ئەرەب دۇنياسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت قىلىشقا ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتمىدى. بۈگۈنكى كۈندىكى تۈركىيە مۇسۇلمان ئەللىرى ئىچىدە تەرەققىياتى ھەممىدىن يۇقىرى دۆلەتكە ئايلاندى. مانا بۇ غەرب مەدەنىيىتى ھەم ئىلمىي تەپەككۇرى سېھرىي كۈچىنىڭ بىر نامايەندىسى. شۇڭا دۇنياغا قاراش، ياشاش سەنئىتى جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋە ئەرەب، پارس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تۇتقان يولى، تەپەككۇرغا بېقىنىۋېرىشكە ئەمدى بولمايدۇ. مېنىڭچە، بىز ئۇلار بىلەن بىر قېيىقتىكى يولۇچىلار ئەمەس. شۇڭا، يېڭىچە رىقابەت، خىرىس، مەۋجۇدلۇق تەپەككۇر تۇيغۇسىنى ئوتتۇرىغا تاشلاش، غىدىقلاپ ئويغىتىش زۆرۈر. گەرچە بىز ياشاش ئۇسۇلى ۋە ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ياۋروپالىقلاردىن پەرقلىق بولساقمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىلغارلىق تەرىپىنى توغرا قوبۇل قىلىش ئىجابىي نەتىجە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ خىل ھالەتنى يات كۆرمەسلىك لازىم.

بىزنە چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇغان كىشىلەردىن ۋەتەنگە قايتقانلىرىنىڭ تەسىرات ئەسىرى ياكى مۇلاھىزە ماقالىلىرى يېزىۋاتقانلىرى بەك ئاز. بولۇپمۇ تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدىكىلەرنىڭ شۇنداق. ئەكسىچە، قەلەمدارلار ساھەسى بويىچە ئوقۇغان ياكى بىلىم ئالغانلار، زىيارەتچى «ئالىم»لار كۈچلۈك قەلىمى ۋە تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ بىر قىسىم ئەسەر ئېلان قىلدى. ھېچبولمىغاندا ساياھەت خاتىرىسى يازدى. شۇنىسى، بۇ كىشىلەر ئۆز ئەسەرلىرىدە ياۋروپا مەدەنىيىتىنى بىر تەرەپتىن ئۇنىسىز ئەيىبلەپ ئۆتسە (مىسالەن، زىيادە ئىستېمال سەۋىيەسى، يۈرۈش - تۇرۇشى قاتارلىقلار)، يەنە بىر تەرەپتىن كۆرگەن - بىلگەنلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ كونسېرۋاتىپ ئىدىيەسى، رادىكال ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئاڭلىقلىق، ئادىللىق بىلەن بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ پەردازلىماي، تۈزلۈك بىلەن خەلققە يەتكۈزەلمىدى. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تەگداشسىز تۆھپىلەرنى سوۋغا قىلغان، ئىلىم - ئېرپان ئاسمىنىدا مىسلىسىز نەتىجىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن غەرب دۇنياسى بۇ كىشىلەرنىڭ يۈزەكى كۆزىتىشى ھەم «بىلگىنىگە چىللىشى» بىلەن بۇزۇقچىلىقلار ئۇۋىسىغا ئايلىنىشقا ئاز قالدى. كىشىلەرنىڭ ئالدىراش مېڭىشلىرى، بىر - بىرىگە بولغان ئېتىبارسىز قاراشلىرى، رىتىمى تېز شەھەر، ئۆرە مال باھاسى، كىشىلىك قىممەت قارىشى، پۇل قارىشى قاتارلىقلارغا كۆنەلمەي يېتىمسىرىدى. بۇ جەرياندا ئۆز يۇرتى گۈل كۆرۈندى. شۇ ئارقىلىق يات ئەللەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى كۆڭلىدە ئەيىبلەپ ئۆتتى. ئۆز رېستورانلىرىنى، ئېسىل تاماقلىرىنى، توپلىشىپ تۇرۇۋېلىشىنى، قارتا - پاك ئوينىشىنى، ئېشەك ھارۋىسىنى، توپىلىق يوللىرىنى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قايسىلا بىر رايونىغا بارسا كۆزگە چېلىقىدىغان پاكار كېسەك ئۆيلىرىنى تېپىلغۇسىز مەدەنىيەت دەپ بىلىشتى. بۇنداق بىلىش خاتا ئەمەس. يات مۇھىتقا تۇنجى يۈرۈش قىلغان ھەرقانداق كىشى شۇنداق ئويلايدۇ. ئەمما، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ھەممىدىن ياخشى چۈشىنىدىغان زىيالىيلارنىڭ خەلقئارالىق ئۆرپ - ئادەتلەرگىمۇ توغرا مۇئامىلە قىلالماسلىقىنى قانداق چۈشەنسەك بولار؟ ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى ئەركىن تەپەككۇرنى كېسىپ تاشلىغان دېيەلەيمىز. چۈنكى ياتلارنىڭ ئىلغارلىق تەرەپلىرىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ، دىلىمىزدا ئېتىراپ قىلىپ تۇرساقمۇ، ئەمما دىنىي ئېتىقاد، يېمەك - ئىچمەك، گۈزەللىك قارىشى قاتارلىق جەھەتلەردىن قۇسۇر ئىزدەپ،

ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ناتوغرا بولغان باھا بېرىشتىن ساقلانمىقىمىز تەس بولدى. بۇنداق كۆزنىتىشكە يەنە شۇ قەلەم ساھىبلىرى ئۆلگۈرۈپ كەلدى. تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدە ئىزدىنىۋاتقانلار بولسا تەجرىبىخانىلاردىن چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. نەتىجىدە بىز پەقەت ھېسسىيات ئارىلاشقان، بۇرمىلانغان بىرەسمىي ئەھۋالنى بىلىشكە ئۆلگۈردۇق. بۇنداق ئەھۋال شۇ كىشىلەرنىڭ نوپۇز - تەسىرى بىلەن تېخىمۇ غەيرىي تۈس ئېلىپ بىزگە سىڭىشكە باشلىدى-دە، باشقىلارنىڭ ئىلغارلىقى چەتكە قېقىلىپ، نەتىجىسى يوققا چىقتى ياكى خۇنۇكلەشتۈرۈلدى. مانا شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئىلغار مىللەتلەرنىڭ جاھاندارچىلىق-تىرىكچىلىك ئۇسۇلىنى تولۇق چۈشەنمەي كېلىۋاتىمىز. پەن - تېخنىكىنىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتى، ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىق، ئىقتىسادنىڭ يۈزلىنىشى، تەرەققىيات باسقۇچى، دۇنيا ۋەزىيىتى، مۇھىت قاتارلىقلارمۇ ئوخشاشلا بىز كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر ئىدى. بىز شۇلارنى بىلسەك، كۆڭۈل بۆلسەك ئاندىن ئۆز قەدىر - قىممىتىمىز بىلەن ياشىغان بولاتتۇق.

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندىلەر چەت ئەللەرنى ئارىلاش جەريانىدا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى، يېڭىچە ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆز ئەينى خەلققە يەتكۈزۈش ئۈچۈن يېڭىچە سانائەت، يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغانىكەن. 1950-يىلدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ مائارىپى راۋاجلاندى. گەرچە مەدرىسە مائارىپى يېڭىچە مەكتەپ مائارىپىغا ئالماشقان بولسىمۇ، ئەمما كونا تەپەككۇر ئېڭى يېڭىلانماي، ئۆز ھەلەكچىلىكىدىكى جاھاندارچىلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئەھۋال ئۆزگەرمىدى. دېمەك، زامانىمىزدىكى جاھانكەزدى «ئابدۇخالىق»لىرىمىزمۇ ھازىرقى جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئەينەن خەلققە يەتكۈزۈپ، تەپەككۇرىنى جانلاندۇرۇشى، ھەرگىزمۇ نۆۋەتتىكى ھالەتنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشىغا سەۋەب بوپقالماسلىقى كېرەك. مەدەنىيەت- مائارىپ ھېچبولمىغاندا ۋاقتىنچە بىزگە غەربتىن، توغرىسى، ئىلغار مەدەنىيەتلىك ئەللەردىن كىرىدۇ. ئەمدى تەپەككۇر مىللىتى دەۋرىگە كىرىشنى قەرەلسىز كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. بىر ئەقىللىق لىدىر تارىخى ۋە نوپۇزى چوڭ مەشھۇر كارخانىلارنى زىيارەت قىلغان چېغىدا ئۇنىڭدىكى زامانىۋى ئادەم بايلىقىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى، ئاپتوماتلاشقان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى قاتارلىقلارنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆز كارخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھېس قىلالايدۇ، ھەم قانداق ئۆزگەرتىش ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ، تەدبىر بەلگىلەيدۇ. ئادەم بايلىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئاپتوماتلاشتۇرۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. بۇ دەل ئىلغار كارخانىلارنىڭ ياخشى ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقى ياكى ئۆز ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ ئەلالاشتۇرۇلغانلىقىدىن بولغان. بىز باشقىلارنىڭ جەمئىيىتىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىمىز، ھېس قىلغانلىرىمىز مانا مۇشۇنداق كارخانىچىغا ئوخشاش توغرا بولۇشى كېرەك.

## 2.3.مەدەنىيەت ئۇقۇممىز

بىزگە مەلۇملۇق مەدەنىيەت ھەرىكەتلىرى بىلەن تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە مەلۇملۇق مەدەنىيەتتىكى پەرق نەدە؟ ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت چۈشەنچىسى بىزگە ئوخشاشمۇ؟ دېگەن سوئاللارغا توغرا ئېنىقلىما بېرىشتە ئويلىنىش زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. بىز نۆۋەتتىكى مەدەنىيەتنى چۈشەنگەن ساپايىمىز بىلەن ئۆزىمىز ۋە ئۆزگىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە باھا بەرسەك خەلقئارالىق رېئاللىقتىن ئاجراپ كېتىشىمىز ئېھتىمال. ئىلگىرى بىز بىر قىسىم ئىشنى «بەرھەق» دەپ بىلگەن بولساق، مەلۇم شارائىتتا ئۇنى خاتا دەپ ئىنكار قىلىش زۆرۈر بولۇشى مۇمكىن.

نۆۋەتتىكى بىلىشىمىزدە بىز ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ياشاش ئۇسۇلى، كىيىنىش، ئۆرپ - ئادەت ھەم نەغمە - ناۋايىمىزنى مەدەنىيەت دەپ چۈشىنىمىز. شۇنداقلا بۇنى باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويىمىز. بۇ، پسىخىكىمىزدىكى ئادەت خاراكتېرلىك ئاجىزلىق. بۇ يەردە تىلغا ئالغان ياشاش ئۇسۇلىنى ھەرگىزمۇ قانداق تېرىقچىلىق قىلىش، تاماق يېيىش ياكى يۈرۈش-تۇرۇش دەپ چۈشىنىۋالماسلىقنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە سالىمەن. ياشاش ئۇسۇلى دېگەندە بىر كىشىنىڭ ئوي - پىكرى، تەپەككۇرى، ھەرىكەت - پائالىيىتى، ئىززەت - ئابرۇيى، ئەتراپىدىكى ئىشلارغا بولغان ئىنكاسى، كۆز قارىشى، ياشاش پەلسەپەسى، مۇئامىلىسى، تەدبىرى، خەتەرنى ھېس قىلىشى قاتارلىقلارنى بىلدۈرۈشى كېرەك. بۇ ئېنىقلىما مۇشۇ يەردە تامام.

ئىنسانلار ياراتقان مەدەنىيەت(ئاڭلىق ھەم ئاڭسىز ھەرىكەت) تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل مەناغا بۆلىنىدۇ. بىز ئۇيغۇر تىلىدا بىرىنى مەدەنىيەت دەپ ئاتىساق، يەنە بىرىنى مەدەنىي (مەدەنىيلىك) دەپ تەرجىمە قىلىپ ئۆزلەشتۈردۇق. مېنىڭچە، كېيىنكىسىگە چوقۇم يېڭىچە نام قويۇش كېرەك. مەن ئۇيغۇر تىلىدىن بۇ ئىككى خىل ئۇقۇمنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ۋاقتىنچە مۇۋاپىق سۆز تاپالمىغانلىقىمدىن «مەدەنىي» دېگەن ئاتالغۇنى «يۈكسەك مەدەنىيەت» دەپ ئاتاپ، مەدەنىيەت دەپ ئاتىلىۋاتقان ئىلگىرىكى ئۇقۇمنى «مۈلكىي مەدەنىيەت» دەپ ئىشلىتىپ تۇردۇم. شۇندىلا ئىككى خىل ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى چۈشەنچە قالايمىقانلاشمايدۇ.

مۈلكىي مەدەنىيەت ئىنسانلار ياراتقان مەنىۋى بايلىقتىن ئىبارەت. مىسالەن، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىقلار. يۈكسەك مەدەنىيەت بولسا يۇقىرىقى مەنىۋى بايلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، ئەڭ مۇھىمى ئىنسانلار ياراتقان ماددىي بايلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى يېزىق، كەشپىيات، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، قاتناش قوراللىرى، بىناكارلىق، ئېغىر -يېنىك سانائەت، ئەقلىي ئىختىرا مېۋىلىرى، شۇ دەۋرنىڭ سىياسەتلىرى قاتارلىقلار. دېمەك ئۇ مۈلكىي مەدەنىيەتتىن كۆپ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئۇقۇملار توغرىسىدا چۈشەنچە ئېنىق ئايرىلغاندىن كېيىن نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت چۈشەنچىمىزگە قاراپ چىققىلى بولىدۇ.

زامانىمىزدا مەيدانغا كېلىۋاتقان «مەشھۇر» ئەسەرلەر ياكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن مۈلكىي مەدەنىيەتنى چۆرىدىگەن بولۇپ، بۇمۇ ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ (توغرىسى يازغۇچىسىمان تارىخچىلارنىڭ) تەپەككۇرىدىكى ئېغىر بىر تەرەپلىمىلىك. ئېنىقكى، بۇنىڭدىن قەغەز يۈزىدىكى ئاغزاكى (يەنى بىر قەدەر ئاددىي، ئاسان، رەسمىيەت-شەكىلۋازلىققا

يېقىن، ئەمەلىيەتتە ئاز بولغان) خىزمەتكە قانچىلىك ئەھمىيەت بېرەلىگەنلىكىمىز چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ، يۇكسەك مەدەنىيەت جەھەتتىكى كەمچىلىكىمىزگە مۇلكىي مەدەنىيەت ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش، ئۆزىمىزگە تەسەللى ئىزدەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلار يۇكسەك مەدەنىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمىدىن ئىبارەت. شۇڭا مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇقۇم ھەم چۈشەنچىلىرىمىز ئاساسەن مۇلكىي مەدەنىيەت بىلەن بوپقالىدى. يەنى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت، ئۆرپ ـ ئادەت، شائىر، سازەندە، ئەدىب قاتارلىقلار. «مەدەنىيەت» دېگەن سۆزنى ئاڭلىساق ئالدى بىلەن كاللىمىزدا ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نامايان بولىدۇ، ئاندىن مەدەنىيەتلىك ـ ئەخلاقلىق ئادەم بولۇشتىكى مەدەنىيەت ئۇقۇمى كېلىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا سەگەكرەكلەرنىڭ كاللىسىدا شەھەرلىشىش، ئىلىم ـ پەن مەدەنىيىتى، بىناكارلىق، سانائەت قاتارلىقلار نامايان بولىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، بىزدىكى يۇكسەك مەدەنىيەت جەھەتتىكى كۆز قاراشتا زور كەمتۇكلۇك مەۋجۇد، تەتقىقات خىزمىتىمۇ ناھايىتى كەمچىل. يۇكسەك مەدەنىيەت تارىخى ـ تەتقىقات خىزمىتى مۇلكىي مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىشتىن كۆپ جاپالىق بولۇپ، نەق مەيداندىن تەكشۈرۈشكە، سىناق قىلىشقا، ئىسپاتلاشقا، قول سېلىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. مىسالەن: بىر شەھەرنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى، شەھەر ئەسلىھەلىرىنىڭ لايىھەلىنىش شەكلى، ھۈنەرۋەن ـ ئۇستازنىڭ تارىخى، كەشپىياتى، ئىلمىي نەتىجىسى، تۆھپىسى دېگەندەكلەر. يۇكسەك مەدەنىيەتتىن ئىنسانىيەتكە ئەڭ چوڭ نەپ يېتىدىغان نەرسىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى قارىشىمىزنى توغرىلىشىمىز زۆرۈر.

ئەلۋەتتە، مۇلكىي مەدەنىيەت يۇكسەك مەدەنىيەت ئۈچۈن بىر قىسىم مۇلازىمەتنى قىلىدۇ، ئەمما ھاياجانلىنىشنىڭ ئۇنۇمى قول سېلىپ ئىشلىگەنگە يەتمەيدۇ. قول سېلىپ ئەمگەك قىلىش يۇكسەك مەدەنىيەت، يەنى بايلىق يارىتىدۇ. شۇڭا دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا نوقۇل مۇلكىي مەدەنىيەت ساھەسى بىلەنلا ئۇچۇر ئالماشتۇرماي، تېخىمۇ مۇھىمى، يۇكسەك مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش كېرەك بولماقتا. مۇلكىي مەدەنىيەتنىلا گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرسەك بايلىق ياراتقۇچىلارغا، كەشپىياتچىلارغا ئادالەتسىزلىك قىلغان بولىمىز. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئەڭ ئالقىشلىنىشقا تېگىشلىك، مانا بۇ ھەقىقىي خەلقچىل ئىدىيە.

## 2.4. دۇنياغا قارىشىمىز ۋە زىيالىيلار

1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا مىسىرلىق يازغۇچى نەجىب مەھفۇزنىڭ «قەسىر كوچىسى»ناملىق ئۈچ قىسىملىق رومانى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ھەم ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئەمما بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن تازا دېگەندەك قىزغىن ئالقىشقا مۇيەسسەر بولالمىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا نەجىب مەھفۇز ئۆز كىتابىدا غەرب مەدەنىيىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلىگەن ھەم ماختىغان، شۇ ئارقىلىق ياۋروپا ئەللىرىگە ياخشىچاق بولۇۋالغان. 2006 ـ يىلى تۈركىيەلىك يازغۇچى ئورخان پاموك نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئورخان پاموكنىڭ «يېڭى ھايات» ناملىق كىتابى شىنجاڭدىكى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن مەزكۇر كىتابنىڭ تەرجىمانى ئىنىۋەر مۇھەممەتنىڭ ئىنتېر تورىدىكى سۆزى بىلەن ئېيتقاندا بازاردا سېتىلىش ئەھۋالى ئويلىغاندەك بولمىدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بۇنداق ئەكس تەسىرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئورخان پاموكنىڭ يېزىقچىلىق ھاياتىدا توغرا مەيداندا تۇرۇپ تۈركلەرنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك «پايدىسىز» بىر قىسىم ئىشنى «سۆككەنلىكى، ئاشكارىلىغانلىقى»سەۋەب بولدى، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھەم ئىنتېر تورى دۇنياسىدىكى ئۇخشىمىغان سەلبىي قاراشلارنىڭ ئىگىلىرى ئۈچۈن بۇ ئىككى كىشىنىڭ مەنپەئىتىمىز، ئۆرپ ـ ئادىتىمىز ھەم دىنىي ھېسسىياتىمىزغا لايىق يېزىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى ئانچە مۇھىم ئەمەس. بۇلارغۇ دىنداش قېرىنداشلارغا بەرگەن باھايىمىز. ناۋادا ئارىمىزدىن بىرەر ئەدىبمۇ نەجىب مەھفۇزنىڭ يېزىش ئۇسلۇبى بويىچە يېزىپ نوبېل مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى بوپقالسا، مېنىڭچە، تېخىمۇ تەنقىدكە ئۇچرىشى تۇرغانلا گەپ. بىزچە بولغاندا يازغاندىمۇ باشقىلار ئۈچۈن ئەمەس، چوقۇم ئۆزىمىز ئۈچۈن يېزىشىمىز لازىم. بۇ بىر تىپىك مىسال. بۇنى بىز باشقا ئىشلارغىمۇ تەتبىقلىساقلا مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ. بىزنىڭ چۈشىنىشىمىز بويىچە بولغاندا ھەممە نەرسە ئۆز تۇرمۇشىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى، قىسقىسى «مەن»نى مەركەز قىلغان ئاساستا بولۇشى كېرەك. بىز نېمە ئۈچۈن پەقەت ئۆزىمىزنىڭلا كۆڭلىنى ئويلاپ، ئۆز ھەلەكچىلىكىمىز بىلەن بوپكېتىمىز؟ نېمە سەۋەبتىنكى، دۇنيادا ھېسسىياتىمىزغا زىت بىرەر ھەقىقەت بولسا ئۇ بىزگە، جۈملىدىن ماڭا پايدىسى بولمىسا ئىنكار قىلساملا بولىۋېرىدۇ. مېنىڭ شەخسىيەتچىلىكىم، مىللىي غۇرۇرۇم، ئەسەبىي ئېپتىخارىم، ئۆزۈمگە بولغان زىيادە تەمەننايىم مېنى دۇنيادىكى مەن بىلەن پايدا ـ مەنپەئەت مۇناسىۋىتى يوق ھەرقانداق بىر ھەقىقەتكە كارىم بولماسلىق، ئۇنى چەتكە قېقىشقا ئۈندەيدۇ. ئۆزىنىلا ئويلاش ھەم ئۆزىنى باشقىلاردىن ھەر ۋاقىت ئۈستۈن قويۇش، «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، كۆتۈڭنى قىس، يولۇڭغا ماڭ» تالاي ئۇيغۇردىكى، ھەتتاكى بىر بۆلۈك زىيالىيدىكى دۇنياغا قاراشنىڭ تىپىك ـ ئاساسىي گەۋدىسى. بۇ خىل دۇنيا قاراشنى ھازىرقى ياشاش ئۇسۇلىمىزنىڭ كىچىكلىتىلگەن كارتىنىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل دۇنيا قاراشقا ئىگە كىشىلەر ئادەملەرنى شۈكۈر ـ قانائەتچان بولۇشقا، تەركىدۇنيالىققا، ئاددىي ياشاشقا، ئۆزىمىزدىن باشقا كىشىلەرنىڭ نەتىجىسىنى ئىنكار قىلىشقا ئۈندەيدۇ؛ ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسى ئۆلۈپ، ئاۋام دۇنيا ئېڭىمى ۋە قانۇنىيىتىگە قارشى يول تۇتۇپ، خەلقئارا رېلىستىن ئاجراپ كېتىدۇ. خەلق قانچە نادان قالسا بىر ئۈچۈم كىشىنىڭ بازىرى شۇنچە چىقىدۇ. ئەكسىچە، كىشىلەر ھەقىقەتنى بىلىۋالسا ماغزاپ ـ ساختا بىلىمدانلارغا ئاسانلىقچە ئىشەنمەيدۇ.

چەت ئەللىك ئالىملار مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلىگەن: مەلۇم بىر كىشىنى نيۇ ـ يورك كوچىسىغا ياتقۇزۇپ قويغاندا ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغان (مېنىڭچە، بۇ كىشىنى لوندون ياكى بېرلىن كوچىلىرىغا ياتقۇزۇپ قويغاندىمۇ ئەھۋال ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن). تەتقىقاتچىلار ئۇنى يەنە ئافرىقىنىڭ سەھراسىدىكى بىر كوچىغا ياتقۇزۇپ قويغاندا ئەتراپىغا بىر دەمدىلا نۇرغۇن كىشى ئولىشىپ كەتكەن(مېنىڭچە، بۇ كىشىنى

www.uyghurkitap.com

رايونىمىزدىكى قايسىلا بىر شەھەرگە ياتقۇزۇپ قويساق ئافرىقىدىكىدەك ئەھۋال كۆرۈلۈشى ئېھتىمال). بۇ ئەلۋەتتە باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن بولغان. ئەمدى بىز ماۋۇ سېلىشتۇرمىغا قاراپ باقايلى: ئۈرۈمچى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزىي شەھىرى. بۇ شەھەردىكى تۇرمۇش رىتىمى رايونىمىزنىڭ قايسىلا شەھىرىدىن بولسۇن تېز دېيىشكە بولىدۇ. ئىككى-ئۈچ يىل بۇرۇن بىر شائىرنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر كوچىدا تۇيۇقسىز يىقىلىپ قېلىپ ئاخىرىدا ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. كېيىن بۇ ئىش توغرۇلۇق يېزىلغان ماقالىدا «... ئۇيغۇرلار شۇنچە كۆپ ماڭىدىغان بىر ئاپتوبۇس بېكىتىدە يېتىپ قالغانلىقى...»، لېكىن ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغانلىقى دېگەندەك سۆزلەرنى ئۇچراتتىم. ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە قايتىپ كېلەيلى. ئۈرۈمچى رايونىمىزدىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان شەھەر، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئافرىقىدىكى نۇرغۇن شەھەردىن يۇقىرى تۇرىدۇ. بۇ ھال نيۇ - يوركتىكى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى (گەرچە بۇ بىر تاسادىپىيلىق بولسىمۇ) ئەھۋالنىڭ ئوخشىشىپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. نيۇ - يورك بىلەن ئافرىقىنى سېلىشتۇرۇشنى ئۈرۈمچى بىلەن رايونىمىزنىڭ رىتىمى ئاستا ۋىلايەت- ناھىيەلىرى بىلەن سېلىشتۇرساقلا بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالىمىز. دېمەك، ئۈرۈمچىنىڭ رىتىمى كىشىلەرنى شۇنداق پەرۋاسىز قىلىۋەتكەن، بۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا ئاساسىمىز يوق. بىز كىشىلەرنى رەھىمسىز، مېھرىبانلىقنى بىلمەيدۇ، دەپ ئاغرىنالامدۇق؟ ئاغرىنغۇچىلار ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆزىگە تايىنىپ ياشاپ باقسا بىلىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ يەنە بىر تەرىپىنىمۇ سۆزلەپ ئۆتۈپ كېتەي: «ئۇيغۇرلار كۆپ ئۆتىدىغان يەر...»، بۇ گەپ ئادەمنى يەنە ئويلاندۇرىدۇ. ئادەم قۇتقۇزۇشنىڭ مىللەت بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئۇ بىر تۇرلۇك ئىنسانپەرۋەرلىك ھەرىكىتى. بىر كىشى كوچىغا يىقىلىدىكەن، ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلىمەن دەپ بىلگۈچى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئايرىمىسى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرمايدۇ. تونۇسا قۇتقۇزۇش، تونۇمىسا كارى بولماسلىق دەيدىغان بۇنداق ئىنسانپەرۋەرلىككە زىت قاراشتىكى قويۇق ھېسسىيات ئېغىشى كىشىنى ئويغا سېلىشى كېرەك.

يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەرەققىي قىلغان زامانىۋى شەھەرلەردىكى رىتىمى تېز تۇرمۇش، ئالدىراش-تېنەشچىلىك، ھەر مىنۇت ۋاقىتنىڭ قىممىتى شۇ مۇھىتتا ياشاۋاتقان كىشىلەرنى ھەردائىم ئالدىراشقا، ھوشيار تۇرۇشقا، بىر قىسىم نەرسىگە ئېتىبارسىز قاراشقا كۆندۈرگەن. بۇ مۇشۇ ئېرا ھەم بۇندىن كېيىنكى ئەسىرلەردە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان يۈزلىنىش بولۇپ، كىشىلەر ئۆز مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن بۇ خىل ياشاش شەكلىنى رازىمەنلىك بىلەن تاللاشقا مەجبۇر. ئۇنداقتا، بىز بۇخىل ياشاش شەكلىدىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئالالامدۇق ياكى قېچىپ كېتەلەمدۇق؟ قېچىش دېگەن سۆز ئىجابىي ھەرىكەتنى بىلدۈرمەيدۇ. كىمكى باشقا كەلگەن مۇقەررەرلىك، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىكەن، ئۇنىڭ قورقۇنچاقلىقى ۋە كارغا كەلمەسلىكى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. بۇ خىلدىكى ياشاش ئۇسۇلى ئەنئەنىگە ۋە مىللىي ھېسسىياتقا، ئۆرپ - ئادەتكە خىلاپ، بىز بىلەن ئالاقىسى يوقتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما ياشاش ھالىتىنىڭ بۇنداق ئۆلچىمى تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ئاللىقاچان ئىسپاتلىنىپ قالدى. تەرەققىيات بىلەن بۇ خىل ھالەت بىللە مەۋجۇد بولىدۇ. شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا زامانىۋى ئۇقۇم بۇندىن كېيىنكى كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلارنى بىلدۈرىدىغان بىردىنبىر بەلگە بوپقېلىشى مۇمكىن.

ئىلگىرى بىر رۇبائىينى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. ئۇ رۇبائىي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولالىدى. تولا ئادەم ئۇنى يادقا ئېلىۋالدى. يەنە بىر قىسىملار ھۆسنخەت شەكلىدە يازدۇرۇپ ئۆيلىرىگە چاپلىۋېلىشتى. سەۋەبى، بۇ رۇبائىيدىكى مەزمۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە ناھايىتى ماس كەلگەنلىكىدىن بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ يەنە بىر ئەجەللىك خاتالىقى ئۈستىدە تولا ئادەم پىكىر قىلىشنى خالىمىدى. بىز ئادىل مەيداندا تۇرۇپ قىسقىچە تولۇقلاپ ئۆتەيلى. رۇبائىيدىكى ئىدىيە ئادەملەرنى شۈكۈر- قانائەتچان بولۇشقا، تەركىدۇنيالىق بىلەن ئاددىي ياشاشقا، باشقىلارنىڭ نەتىجىسىنى ئىنكار قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئادەمنىڭ توغۇلۇشى بىر مەزگىل ياشاپ ئاخىرىدا ئۆلۈمنى كۈتۈۋېلىشلا بوپقالماستىن، بەلكى ھاياتىدا قانداق نەتىجىلەرنى يارىتىشى ۋە باشقىلارغا قانداق نەرسىلەرنى ئاتا قىلالىغانلىقىنى بەلگە قىلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق ئادەم مەيلى قانداقلا ئامەتكە ئېرىشسۇن ھامان بىر كۈنى ئۆلىدۇ، تار گۆردە ياتىدۇ. ئۆلۈم ھەممىگە بار. ئەمما ئۇنىڭ نەتىجىسىگە كۆز يۇمۇشقا، ياراتقان قىممىتىگە پىسەنت قىلماسلىققا بولمايدۇ. بىر كىشى ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ كۈچلەنسە، ئامەتكە ئېرىشسە، كېرىلسە نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ بۇ، ئادەمنىڭ ماھىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەسمۇ. ئەجەبا، سەن قانداقلا كۈچەيگىنىڭ بىلەن بەربىر ئۆلىسەن دەپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇنداق قۇلاقنى يوپۇرۇۋېلىش، تەركىدۇنيالىق كىشىلەرنى بارغانسېرى بىغەملەشتۈرۈپ، يوقىلىش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىۋېتىدۇ.

بەزىلەر بىزدىكى تەرەققىياتنىڭ كەمچىللىكىنى مەدەنىيەتلىك رايون ۋە ئەللەردىن بەك يىراق، دەپ جۇغراپىيەلىك ئورۇنلىشىشقا باغلايدۇ. ئەمما، قۇرغاق ئىسرائىلىيەنى ھەم ياۋروپاغا تېخىمۇ يىراق ياپونىيە ھەم كورىيەلەرنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. دېمەك، ئۇلار تۇرلۇك باھانە- سەۋەبنى توقۇپ چىقىرىپ، سەۋەبنى تاشقى ئامىللارغا ئىتتىرىشكە ئۇرۇنغان. تىرىشچانلىقلارنىڭ يېتەرسىزلىكى توغرىسىدا سۆزلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان. قىلىۋاتقان ۋە ياراتقانلىرىغا زىيادە مىننەت قىلىشقان. ئۇلار خەلقنىڭ تەلەيلىك «ۋەكىللىرى» بولۇش سۈپىتى بىلەن خالىغانچە بىلجىرلىشىپ، خەلقنىڭ قەلبىنى ئىلمىي تەرەققىيات، يېڭىلىق يارىتىش تەكىتلىنىۋاتقان مۇشۇ كۈنىدىمۇ شۈكۈر - قانائەتكە مايىل قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. پەقەت پاكىت تاپالمىغانلىرى تارىخىي كىتاب - ماتېرىياللارغا ئىلتىجا قىلىپ، يۆلەپ - سىغداپ «پاكىت كۆرسىتىپ» ئۆتكەلدىن ئۆتۈشكە تىرىشماقتا. تارىخىي كىتاب - قامۇسلار ئۇلارنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان، خاتاسىز پاكىتى بولماقتا. ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ؟ دۇنيادا پەقەت بىرلا ھەقىقەت باركى، ئۇ بولسىمۇ دۇنيادا ئۆزگەرمەيدىغان ھېچقانداق مۇتلەق ھەقىقەت يوق. (مەيلى ئەجدادلىرىمىز ھەرقايسى تارىخىي دەۋردە ياراتقان قانداقلا مەدەنىيەت ۋە مىراسلار بولسۇن ئەلۋەتتە ئۇيغۇرغا مەنسۇپ، ئۇنى ھەدەپ جار سالمىساقمۇ بىزنىڭ ئىكەنلىكىنى ھەممە

ئېتراپ قىلىپ بولدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنكى قىممىتى ۋە رولىغا ھازىرقى كىشىلەر توغرا باھا بېرىشى كېرەك). كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ كىشىلەرنىڭ بۇ خىل پىكىر ئەندىزىسىدىن قۇتۇلۇش جۈرئىتى كەمچىل.

ناۋادا ياۋا نەشپۈت دەرىخىگە يېڭى سورت ئۇلىمىغاندا مېۋىسى ئاچچىق، كۆرۈمسىز، تەمسىز بولۇپ، كىشىلەر يېمەيدۇ. ئەگەر ئۇلانسا تاتلىق مېۋىلەر پىشىدۇ. كېيىنچە كىشىلەر يانتاق قاتارلىق ياۋا ئوت - چۆپلەرگىمۇ مېۋىلىك ئۈسۈملۈكلەرنى ئۇلاش ئۇسۇلىنى بىلىۋالدى. بۇنداق بولغاندا يانتاقنىڭ قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرىش كۈچى تاتلىق مېۋىنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن بىرلىشىپ ئۈسۈملۈك تېخىمۇ ئەلالىشىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش نۆۋەتتىكى پەلسەپە ساھەسىنىمۇ ئۆزىمىز بىلەنلا چەكلىۋالماي، گۈللەنگەن مىللەتلەرنىڭ پەلسەپەسىدىن چاتلاشتۇرۇشىمىز، ئۇلىشىمىز زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزگىچە شەكىلگە ئىگە يېڭىچە، تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان پەلسەپىنى يارىتىپ چىقىمىز. بولۇپمۇ جۇڭگو ھەم غەربنىڭ پەلسەپە، مەدەنىيەت، تەرەققىيات باسقۇچى، سانائىتىنىڭ گۈللىنىش جەريانى، ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىش نۆۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشنى باشلاش ياكى چوڭقۇرلاشتۇرۇش زۆرۈر بولماقتا. كىشىلەرگە يېڭى ئىدىيەلەرنى ئۆزلۈكسىز تونۇشتۇرغاندىلا كۆزقاراش، تەپەككۇر جەھەتتىكى فېئوداللىقتىن قۇتۇلۇپ، يېڭىچە گۈللىنىش يولى چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. گەرچە تارىختا ئۆچمەس نەتىجىلەرنى، ئىختىرالارنى قالدۇرۇپ كەلگەن بولساقمۇ، ئەمما ھازىرقى دەۋرگە ماسلىشىدىغان نەتىجىنىڭ بولماسلىقى ئەپسۇسلۇق. بۇ توغرۇلۇق 50 يىلدىن بۇيانقى ئىزدىنىشىمىزدىن چوڭ نەتىجە بارلىققا كەلمەيلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكە - رايونلىرى، چەت ئەللەر بىلەن بولغان تەرەققىيات پەرقى بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. مەسىلەن: ئىككى ئادەم ھەرقايسىسى ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ كەمچىلىكىنى تولۇقلىماقچى بولسىمۇ يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۈچىنچى بىر ئادەمنىڭ ئۆزلىرىدە ئەزەلدىن بولمىغان ئارتۇقچىلىقىغا موھتاج بولىدۇ. بەلكىم تۆتىنچى، بەشىنچى ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭغا ئوخشاش، نوقۇل ئۆز ئىچىمىزدىكى تەرەققىياتقا پايدىلىق ئامىللارنى قازماقچى بولغاندا يېتەرلىك بوپكېتەلمەيدۇ. دېمەك، تېخىمۇ كۆپ تەپەككۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىشقا، تەپەككۇردا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە موھتاج بولۇۋاتىمىز.

بىر قىسىم پىكىر بايان قىلغۇچى يېڭى پىكىر ئېقىمىدا تەپەككۇر يۈرگۈزگۈچىلەرنى ئەيىبلەپ، بىر مىللەتنىڭ ئىللىتىنى قايتا - قايتا يۈزىگە سېلىش ياخشى ئەمەس، ئىنتايىن پايدىسىز دېيىشمەكتە. ئۇلار دەۋاتقان ئەيىبلەشلەر ھەقىقەتەنمۇ كۆپ بوپكەتتى. ئەمما بۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىسى مۇھىم، يەنە قانچىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى خاتا؟ تېپىك كونىلىق پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان ھېسسىي قاراشلار پەقەت شۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولۇپ، تەسەللى ئىزدەش، مەسئۇلىيەتتىن قېچىش قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇلار ئەدەبىياتتىكى ئاجىزلىقلار، شېئىرىيەتتىكى كەمچىلىكلەر، ئوبزورچىلىقتىكى تەخسىكەشلىك، پەسكەشلىكلەر، ئەخلاقتىكى چاكىنىلىقلار، پەرزەنت تەربىيەلەشتىكى ئاجىزلىقلار، مەنىۋى نامراتلىق، كۆڭۈل ئېچىش سەنئىتىدىكى مەسىلە... قاتارلىقلارنى مائارىپ، زاكونشۇناسلىق، ئىلمىي تەرەققىيات، ئىلىم - پەن مەدەنىيىتىنى ياقىلىغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇۋېلىپ، مىللەتنىڭ ئەيىبىنى بەك كۆپ ئېچىۋەتتۇق، دەپ جار سالماقتا. گۇرۇھ بولۇشۇپ يېڭى پىكىردىكىلەرنى مىللەتنىڭ ئاسىيلىرى، ئېشىنى يەپ تۇزلۇقىنى چاققۇچىلار، ھەتتاكى دەھرىي، مۇرتەت دەپ ئەيىبلىمەكتە. ئۇلارنىڭ ئۆز ساھەلىرىدە ئوتتۇرىغا تۆكۈۋەتكەن بىر قاتار مەسىلىنى قانداقمۇ خەلق تۇرمۇشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىلىم - پەندىكى تەرەققىيات مەسىلىسى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ ئالدىدىكى مەسىلىلەرنى ئىچكى ئورۇنشقا ئوخشاتساق، كەينىدىكى تەرەققىيات مەسىلىلىرىنى خۇددى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئورۇنشقا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. دۆلەت بىخەتەرلىكىدە زېھنىنى چوڭ دۈشمەننى يوقىتىشقا قاراتماي قانداقمۇ ئۇششاق ماجىرالارغا ئۇرۇپ تىمىز؟ ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىۋەتمەي تۇرۇپ، بىر ساھە، بىر كەسىپكە چېتىلىدىغان ئىشلارنى ھەدەپ داۋراڭ سېلىش ئەرزىمەيدۇ. ئۇلار جېدەللىشىۋاتقان مەسىلىلەرنى بىر مىللەتنىڭ تۈپ ئىللىتى دەپ قارىماستىن، ئالدى بىلەن تەرەققىيات مەسىلىسى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ تۈپكى يىلتىزى، ئامىلىنى تېپىشقا ئورۇنۇشى زۆرۈر. بۇنى يەنە شۇ كىشىلەر ئۆز پوزىتسىيەسىنى توغرىلاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. مىللەتنى كەمسىتىشمۇ ياكى ئەمەلىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشمۇ دېگەن مەسىلىدە سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىش ۋاجىب. تەسەللى بېرىپ پەپىلەش ياكى قاتتىق ئۇيقۇدىكى يولۋاسنى تۇرتۇپ، غەزەپ بىلەن ئويغاتقاندەك قوپاللىق قىلىشتىن قايسىسىنى تاللايمىز؟ مېنىڭچە، زىيالىيلار بۇنى ئوبدان بىلىدۇ.

## 3

### 3.1. مىللىي روھنى قانداق جارى قىلدۇرىمىز

جاھاندىكى جىمى ئاجىزلار مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشى ۋە سىڭىپ كىرىشىدىن ۋايساپ يۈرمەكتە. بولۇپمۇ ياۋروپا (غەرب) مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى زاۋاللىقتىن بېشارەت دەپ بىلىشمەكتە. ئۇلار بۇنداق سىڭىپ كىرىشكە ئىككى خىل ئۇسۇلدا قارشى تۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ: بىر خىلى، زوراۋانلىق ۋاستىسى ئارقىلىق قارشى تۇرۇش، يەنە بىر خىلى تەشۋىقات، يەنى تىل ئۇرۇشى ئارقىلىق غەلىبە قىلىش. ھەر ئىككىلا ئۇسۇلدا سىڭىپ كىرگۈچىلەرگە ھاقارەت قىلىش، كەمسىتىشنى ۋاستە قىلغان. ئېتىقادىمىز بۈيۈك دەپ قارايدىغان كىشىلەر ئۆز يولىنى ھەرگىزمۇ ۋەھشىيانىلىك، زوراۋانلىق، تېررورلۇق بىلەن باغلىۋالماسلىقى كېرەك.

ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەقىقىي ئېتىقاد پاكىتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. دۇنيادا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان رادىكال ئىدىيە، ئۇچىغا چىققان ئەسەبىيلىك، تېررورلۇق، چىدىماسلىقلارنىڭ ئەۋج ئېلىشى، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قازا قىلىشى زوراۋانلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ۋە ئېتىقادىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن كېلىپ چىققان. دېمەك، بۇ ۋاستىلەرنىڭ ئورۇنسىز، ناھەقلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلار تېخىمۇ توغرا ئۇسۇللار بىلەن، يەنى

دۇنيا ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان ئىلمىي تەرەققىيات، توغرا تەپەككۇر، پىكىر دېموكراتىيەسى ئارقىلىق باشقىلاردىن غالىب كېلىشنى، مەدەنىيەت تارقىتىشنى، ئاخىرىدا مەدەنىيەت ھۆكۈمرانى بولۇشنى ئويلاشمىغان. شۇڭا بىر تەرەپتىن بىھۇدە چىقىم بېرىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويۇپ مەسخىرىگە قالغان. ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت مەجبۇرلانمايدۇ، ئۇنى پەقەت كىشىلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، خالايدۇ ھەم كېڭەيتىدۇ. ئۇ خۇددى دېسىنى باغچىسىدەك ناھايىتى كۈچلۈك جەلپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. دېسىنى باغچىسىغا بارسىڭىز كىشىلەر نۇرغۇن ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ ئۇزۇن ئۆچىرەت تۇرۇپ بېلەت سېتىۋېلىپ كىرىشكە رازى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز.

1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ياپونىيە مەھسۇلاتلىرى ئامېرىكا بازارلىرىدا كەڭ كۆلەمدە يامراپ، تۆكمە بولۇپ سېتىلىش ھالىتىگە كېپقالدى. ئامېرىكا كاپىتالىنىڭ بەلگىسى بولغان روكفېللېر مەيدانى ياپونىيەلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ھەتتا توي قىلغان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ تويلۇق مېلى چوقۇم ياپونىيەنىڭ بولۇشى شەرت قىلىنىش دەرىجىسىگە يېتىپ باردى. ئامېرىكا ماللىرىنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ، ئېكسپورت تۆۋەنلەپ، ئىشسىزلىق ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. بۇ، قېنى قىزىق، ھەردائىم باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشنى ئويلايدىغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ياشلىرى ئىچىدە توپ ـ توپ بولۇپ ياپونىيەنىڭ ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىدىكى باش ئەلچىخانىسى ۋە ھەرقايسى شەھەردىكى كونسۇلخانىلىرىنىڭ ئالدىدا ياپونىيەدە ئىشلەنگەن ماشىنىلارنى ئۇرۇپ ـ چېقىش، تېلېۋىزورلارنى كۆيدۈرۈشتەك قوپال ھەرىكەتلەر كۆپىيىپ، ياپونىيە ماللىرىغا بولغان غەزىپىنى ئىپادىلىدى. بۇ خىل كەيپىيات تېز سۈرئەتتە پۈتكۈل ئامېرىكىغا يامرىدى. ئەلۋەتتە، ھېسسىيات ئەقىلدىن غالىب كەلگەندە زوراۋانلىق يۈز بېرىدۇ. شۇنىسى، بۇ ياشلارنىڭ قوپال ھەرىكىتى مەسىلىنى ھەل قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك سودا مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزدى. شۇ ۋاقىتتا ئامېرىكىنىڭ سودا، ئىقتىساد، سىياسىي ساھەسىدىكى زىيالىيلار ئاقىلانىلىك بىلەن قارار چىقىرىپ، جەمئىيەتنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا، ئادىل رىقابەت ھەم توغرا ئۇسۇلدا تاقابىل تۇرۇشقا، مەسىلىنى ئۆزىدىن ئىزدەشكە چاقىرىق قىلدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىقتىسادىغا تايىنىپ نۇرغۇن سودا گۇرۇھىنى ياپونىيەگە ئەۋەتىپ پاي چەك، ئۆي ـ مۈلۈك بازىرىغا مەبلەغ سېلىپ ياپونىيە ئىقتىسادىنى ھەدەپ كۆپۈكلەشتۈرۈشكە باشلىدى ۋە ئاخىرىدا بىراقلا چېكىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ياپونىيەنىڭ كۆپۈك ئىقتىسادىنى گۇمران قىلىۋەتتى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە ئامېرىكا سىياسىيونلىرى ئۆزىنى ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن تۇتۇۋېلىپ، ئاقىلانىلىك بىلەن تەدبىر بەلگىلىگەچكە ياپونىيەنىڭ زور ئىقتىسادىنى قانۇنلۇق ھالدا ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋالدى، روكفېللېر مەيدانىنىمۇ قايتۇرۇۋالدى. «بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن» ياپونىيە كارخانىلىرىنى ئامېرىكىدىن قوغلاپ چىقاردى. مانا بۇ مىللىي روھنى قانداق قىلىپ توغرا جارى قىلدۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى ئوبدان بىر مىسال. بىلىۋېلىش تەس ئەمەسكى، مىللىي روھنى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، باشقىلاردىن ئۈستۈن قويۇش، ئۆزىدىن پەخىرلىنىش، ئاچچىقلاش ـ قارامىلىق قىلىش، زوراۋان ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق جارى قىلغىلى بولمايدۇ. پەقەت ئۆزىنى سالقىنقانلىق بىلەن تۇتۇۋېلىپ باشقىلارغا قاراپ ئىش كۆرۈش، تەدبىر بەلگىلەش، مۇۋاپىق قانۇنلۇق شەكىللەر ئارقىلىق تېخىمۇ قايىل قىلارلىق ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. زوراۋانلىق ۋاستىسى ھەرقانداق كۈچلۈك گەۋدىنىمۇ ئاجىز ئورۇنغا ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. نۆۋەتتىكى دۇنيانىڭ يۈنىلىشى شۇنداق بىر يېڭى قانۇنىيەتنى تەبىئىي بارلىققا كەلتۈردىكى، بىر ئىجتىمائىي گەۋدە ئىلگىرى مەيلى قانداقلا مەدەنىيەتلىك ۋە ياكى قانداقلا شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇندىن كېيىنكى سەپىرىدە دۇنيا بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلىمەي قارشى يول تۇتسا، دۇنياۋى ئېقىمدىن ئۆزىنى قاچۇرسا ئۇنىڭ يالغۇز قېلىش مۇمكىنچىلىكى شۇنچە چوڭ بولىدۇ، پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىمۇ ئوخشاشلا كىچىك بولىدۇ. قىسقىسى، قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقچى بولساڭ دەۋرگە ماسلىشىپ ياشا.

بىزدىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش ھېسسىياتقا بېرىلىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇد. بىر تۈركۈم كىشى ئۇيغۇر تىلى ئىستېمال سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق تەگىشىدۇ، ئەمما يادرولۇق سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ باقمايدۇ. بىزگە ئايانكى، تىل قانچە راۋان، ئىخچام، چۈشىنىشلىك بولسا ئىشلىتىش نىسبىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. لېكىن سىز ئۇنى ناھايىتى ئاز ئىشلەتسىڭىز ئاسانلا كېكەچلىشىپ كېتىسىز. خۇددى دائىم ئىشلەتمىگەن تېلېفون نومۇرى يادىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەكلا. تىل قانچىكى مۇھىم ئىشلارغا، قانچىكى مۇھىم ئورۇنلارغا ئىشلىتىلسە ئۇنىڭ زۆرۈرلۈكى شۇنچە ئاشىدۇ. ئۇنداقتا مۇھىم ئورۇن دېگەن زادى نېمە؟ شۇنى ئېنىق تونۇش كېرەككى، تىل بىر ساھە ۋە مەلۇم بىر كەسىپ بىلەنلا باغلىنىپ قالسا شۇنچە يېتىمسىرەپ قالىدۇ. شۇڭا قېرىنداش خەلقلەرگىمۇ ئورتاق بولغان مۇھىم ئىلىم ساھەلىرىدىكى ئىزدىنىشنى كۈچەيتىش لازىم. بولمىسا ئۇ ئەدەبىيات تىلى ۋە ئائىلە تىلى بوپقالىدۇ. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋىرىدە بىر ھەربىي مۇنداق دەيدۇ: 21 ـ ئەسىردىكى يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىنگلىز تىلىنى بىلىشىمىز لازىم. بۇ بىر جۈملە ئاددىي سۆز. ئەمما ئۇنى تەھلىل قىلغاندا ئىنگلىز تىلىنىڭ پۇقراۋى ساھەدىلا ئەمەس ھەتتاكى دۆلەتنىڭ ئامانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھەربىي ئورگانلارغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگىلى بولىدۇ. دېمەك، تىلنىڭ مۇھىملىقى ئۇنىڭ مۇھىم ساھەلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا مۇھىم ئورۇننى تونۇش ئۈچۈن ئىجابىي پىكىر يۈرگۈزۈش بەكمۇ زۆرۈر.

يەنە بىر قىسىم ئادەم ھازىرقى كىيىم ـ كېچەك ئادىتى توغرىسىدا سۆزلىشىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئادەم بولسا قانداقتۇر بىرنېمىلەردىن تەگىشىدۇ. سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە ھېچقايسىسىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس ياكى جەمئىيەتنىڭ بۇنداق نەرسىلەرنى تاللىغانلىقىدىن نارازى بولۇش. بۇ پەقەت ھېسسىيات ئېغىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. توغرا تەپەككۇر، ئويلاش ئۇسۇلى بويىچە ئېيتقاندا، كىشىلەر ئۆزى خالاپ تاللىدىمۇ ياكى بىز

www.uyghurkitap.com

شۇنى تاللاشقا موھتاجمۇ، خالاپ تاللىغان بولسا ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە، قولايلىقمۇ ياكى چىرايلىقمۇ ۋەياكى ئەرزانمۇ قاتارلىق مەسىلىلەر بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئويلىنىشىدىغان سەۋەب ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ئامىللارنىڭ بار- يوقلۇقى ئۈستىدە بولۇشى لازىم. بۇ ئۇنىڭ رېئال پاكىتى. ئاندىن كېيىن ئەخلاق، ۋىجدان، ئۆرپ- ئادەت، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىقلاردىن ئويلىنىش كېرەك، بولمىسا بۇ خىل تەگەش باشقىلارنى قايىل قىلالمايدۇ. مەسىلەن: بالىلىرىمىزغا چىنتۆمۈر باتۇرنىڭ ھېكايىسىنى كارتون فىلىم قىلىپ ئىشلەپ بەرگۈدەك مادار بولمىغاچقا «ئۇتېمەن»نى كۆرسە ئاچچىقلىيالامدۇق؟

1960 ـ 1970ـ يىللاردا كىشىلەر قاۋۇل، تەمبەل، كۈچلۈك كىشىلەرنى يارامىلىق دەپ بىلىشىپ كەلگەنىدى. گۈپۈلدىتىپ كەتمەن چاپالىسا، ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلالىسا ئوغۇلبالا سانىلاتتى. ئۇلار ئادەملەرنى يوغان، كۈچلۈك، ئاياللارنى سېمىز بولسا ياخشى دەپ قارايتتى. بەزىدە كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئىشلارنى بەس ـ بەستە تىلغا ئېلىشى، سېغىنىشى بۇنى ئىسپادىلەپ تۇرماقتا. ئەمما بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە نېمىنىڭ ھەقىقىي كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئانچە ـ مۇنچە چۈشىنىپ، ئۇلارنىڭ ئاغزى بېسىقىشقا باشلىدى. مانا بۇ توغرا كۆز قاراش ۋە تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى. شۇنىسى، بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس. بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدىن ھازىرغىچە ئەجدادلىرىمىز تونۇرلارغا چاتقال، كالا تېزىكى قالاپ نان پىشۇرۇپ، ئوتۇنچىلىق، قويچىلىق، باققاللىق، ھارۋىكەشلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋېتىپتىكەن. بۇنداق جان بېقىش ئۇسۇللىرى ھازىرمۇ بىزدە يەنىلا ئالقىشقا ئېرىشىۋاتىدۇ.

جۇڭگودا غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ـ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك پىلانى يولغا قويۇلۇپ، رايونىمىزدىكى قولىدا پۇلى، سودىغا ئېپى بار كىشىلەرنى ناھايىتى زور سودا- سانائەت پۇرستى بىلەن تەمىن ئەتتى. نۆۋەتتە بۇ پۇرسەتنى تۇتالىغانلارلا دىيارىمىزنىڭ ئىسمى- جىسمىغا لايىق ھەقىقىي خوجايىنلىرىغا ئايلىنالايدۇ. بۇنداق ھالەت بىز بىلىدىغان «پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر ۋە بىرقىسىم سەۋىيەلىك يازغۇچى»نىڭ قەلىمى ئارقىلىق ئىلغار تەرەققىيات، ئىلمىي كۆز قاراشنىڭ خەلق ئىچىگە تۇز، توغرا يەتكۈزۈلگەن زامانىۋى ئاڭ ۋە يېڭىلانغان تەپەككۇردىن، دۇنيادىكى ئىلغار شەيئىلەرگە توغرا باھا بېرىشتىن مەيدانغا چىقىدۇ. يېڭىلىقلارنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ھەدېگەندە ئادەتتىكى ھايات كەچۈرۈش قوللانمىلىرىنى تەكتىلەۋېرىشنىڭ ئەمدى ۋاقتى ئۆتتى.

## 3.2. سەمىمىيەتسىزلىك

يېقىنقى مەزگىللەردە يەرلىك مىللىي كارخانىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىشىدىن تولىمۇ سۆيۈنمەكتىمىز. بۇ ھەقىقەتەن كاتتا ئىش. يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ ماركىلىق قاپقا قاچىلىنىپ، مۇنتىزىم ئىشلەپچىقىرىلىشى كىشىنى خۇشھال قىلىدۇ.

ئەپسۇس، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى سۆزلىمەسلىكنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم. نۆۋەتتىكى تېلېۋىزىيە ئېلانلىرىغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، مەھسۇلات ئېلانلىرىدىكى مۇبالىغىنىڭ ئادەمنىڭ ئاچچىق كۈلكىسىنى قىستايدىغانلىقىنى بايقايمىز. «دۆلەتنىڭ پاتېنتىغا ئېرىشكەن مەھسۇلات»، «ئۆز قولىمىزدا ئىشلەنگەن مەھسۇلات»، «ساپ مۇسۇلمانچە»، «جاپالىق ئىزدىنىپ بازارغا سېلىنغان» دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەر قەدەممۇ قەدەم بىر ئۇچرايدۇ. «QS ئىجازىتىگە ئېرىشكەن» دېگەندەك گەپ- سۆزلەرمۇ بار تېخى. يەنە تېخى قىلچە تەپتارتماي «دۆلەتنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى» دەۋالىدىغان ئىشمۇ يوق ئەمەس. تېخى مەلۇم بىر شىركەت ئىلگىرى ئېلاننىڭ ئاخىرىدىكى بىر نەچچە دەقىقىگە «بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنىنىڭ ھەمكارچىسى» دېگەن رەسىمنى چىقاردى.

ئەمدى تۆۋەندىكى گەپلەرگە قۇلاق سالايلى: بازارغا سېلىنغان ھەممە مەھسۇلات ئاساسەن دۆلەتنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلىنىدۇ. بۇ، دۆلىتىمىزدە ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس. ھەممە مەھسۇلات جاپالىق ئىزدىنىش ھەم تەتقىق قىلىپ ئېچىش باسقۇچىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ بازارغا كىرىدۇ. بۇمۇ داۋراڭ سالىدىغان ئىش ئەمەس. يېمەكلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەيدىغان زاۋۇتلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم QSسۈپەت بىخەتەرلىكى ئىجازىتى ئېلىشى كېرەك. بۇمۇ كارخانا قۇرۇشنىڭ ئادەتتىكى تەلىپى. مانا مۇشۇنداق ئەقەللىي تەلەپ ۋە ناملار بىلەن قانداقمۇ بىر مەھسۇلاتنىڭ ياخشىلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولسۇن؟ بۇنداق بەلگىلەرنى بىز ئادەتتىكى بىر دۇكاندا سېتىلىۋاتقان سۇلياۋ قاپلىق بولكىلاردىمۇ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. «جۇڭگو داڭلىق تاۋار ماركىلىرى ھۆكۈمەت تەرەپ تورى» دا ئېلان قىلىنغان ماتېرىيالدىن ئايان بولۇشىچە، رايونىمىزدىكى ئۈيغۇر كارخانىچىلار ئاچقان شىركەتلەرنىڭ بىرىمۇ تېخى «دۆلەتنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى» دېگەن نامغا ئېرىشەلمىگەن. «بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنىنىڭ ھەمكارچىسى» بولۇش سالاھىيىتى تېخىمۇ يوق. ئۇنداقتا بۇ زادى قانداق ئىش؟ بۇ دەل بىزنىڭ سەمىمىيەتسىزلىكىمىز ھەم پۇرسەتپەرەسلىكىمىزدىن بولۇۋاتقان ئىشلار. ئۇشبۇ كارخانىچىلار ئېلانلىرىدا ھەدەپ كۆپتۈرۈۋاتقان تۆرلۈك نام ئەمەلىيەتتە بۇ ئاتالغۇلارنىڭ نېمىلىكىنى تولۇق چۈشىنىش پۇرستىگە ئېرىشەلمىگەن كىشىلەرنى ئالداشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇلار خەلقنى «بىلمەيدۇ...» دەپ ئادەتتىكى ناملارنى ئىشلىتىپ قايمۇقتۇرماقتا. ھەتتا ئۆز قولىدا ئىشلەنمىگەن، باشقىلارنىڭكىنى ئوراپ قاچىلىغان، قېپىغا ئۆز ماركىسىنى چاپلىغان نەرسىلەرنى خەلقنىڭ ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ ھېيىقماستىن «ئۆز قولىمىزدا ئىشلەنگەن»، «ھالال» دەپ داۋراڭ سالماقتا. ئۆز جاپاسىنى پەش قىلماقتا. ئۇنداقتا، باشقا مەھسۇلاتلار جاپا- مۇشەققەتسىز بارلىققا كەلگەنمىدۇ؟ مېنىڭچە، مۇۋەپپەقىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدا سۆزلەش ۋە جاپانىڭ دېيىلىشىمۇ خاتا ئەمەس، لېكىن مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى، قولايلىقلىقىمۇ شۇ دەرىجىگە يېتىشى كېرەك، ھەممىدىن مۇھىمى شۇ. «نەتىجەم بولمىغىنى بىلەن تارتقان جاپايىم بار- دە» دېيىش ئۆتمۈش بوپقالغىلى خېلى بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن كۆپتۈرۈپ مۇبالىغە قىلماسلىق كېرەك. مەھسۇلاتنىڭ بازار قىممىتى، تەسىرى، ئىقتىدارى، تېخنىكىلىق تەركىبى قاتارلىقلارنى ئەمەلىي سۆزلەش زۆرۈر. مۇشۇ ئىشلارغىمۇ ھېسسىيات ئارىلاشتۇرۇۋالساق، ئاخىرىدا ئىستېمالچىلارنى ئالدىغان بوپقالىمىز. قىسقىسى، پاكىتلىق، راست گەپ قىلىشنى، ئۆز مەيدانىمىزدا چىڭ تۇرۇشنى ئۆگىنىۋالايلى. بىز ماختاشتىن

ئىلگىرى هاياجىنىمىزنى بېسىۋېلىپ ۋاقتىنىڭ سىنىقىنى ساقلايلى، ئۆزىمىز قاتنىشىپ تەكشۈرۈش قىلىپ باقايلى. جۇڭگو ھەم چەت ئەللەرنىڭ داڭلىق كارخانىلىرى ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىللىك سىناقتىن ئۆتۈپ ئىستېمالچىلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، داڭلىق ماركىغا ئايلانغان. شۇڭا بىز خەلقىنىڭ تاللىشى، ۋاقتىنىڭ سىنىقىنى كۈتۈشىمىز كېرەك. ناۋادا قايسى كارخانىچى ئۆز ئىرادىسىگە مۇخالىپ ھالدا مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرگەندەك باش كۆتۈرمەكچى بولسا، ئۇ چوقۇم شاللىنىپ كېتىدۇ ياكى كۆلكىگە قالىدۇ. بۇ، سەممىيەتسىزلىكتىن ئىبارەت. سەممىيەتسىزلىك ھەم خەلقتىكى تەپەككۇر ئاجىزلىقى ئالدىنىشقا ئاسانلىق يارىتىپ بەرمەكتە.

### 3.3.ئەۋلادلارنىڭ تەپەككۇر بۇلىقىنى ئېچىش

ئۈرۈمچى خەلقئارا SOS يېتىم بالىلار كەنتىنى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشىمىزدە بىر ئىش مېنى ئەپسۇسلاندۇرۇپ قويدى. بۇ بالىلارنى رايونىمىزدىكى تەقدىرى ئوخشاش بالىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا يەنىلا تەلەيلىك دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تامىقى بار، ئىسسىق تۇرالغۇغا ئىگە. ئۇلار بۇ ئۆيلەرگە سولىنىۋېلىپ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا تۈرلۈك ساز-چالغۇ مەشىق قىلىش بىلەن كۈن كەچ بولىدىكەن. تەربىيەچىلەر ئۇلارنىڭ ساز چېلىش ماھارىتىنى بىزگە كۆرسىتىپ ماختىنىپ كەتتى... قوشنام ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن بالىسىنى مۇزىكا كۇرسىغا قاتناشتۇرغانلىقىنى ئېيتتى. خەۋىرىمچە، ساز بىلەن ھەپىلەشىدىغان بۇنداق بالىلار خېلى بار ئىكەن، بىرى گىتار، بىرى ئىسكىرىپكا ئۆگىنىدىكەن. «دانا» ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ شۇ نەرسىلەردە تالانتى بارلىقىنى «بايقىغان»لىقى سەۋەبىدىن بۇ ئۆسمۈرلەر ساز ئۆگىنىشكە مەجبۇرلانغان-دە، باشقا نەرسىلەر توغرىسىدىكى تالانتى، تەپەككۇرىنىڭ بىخ ھالىتىدە نابۇت بولۇشىغا سەۋەبكار بولغان. سەنئەت ساھەسىدىكى «تالانت»نى بوۋاق ھالىتىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش زامانىمىز كىشىلىرىدىكى ئورتاق دۇنيا قاراش ھەم قىممەت قاراشنىڭ ئاساسلىق يۈزلىنىشىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغان. ئەمدى بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا نېمە سەۋەبتىن بالىلارنىڭ باشقا تالانتىنى ئاچمايمىز دېگەن گەپ چىقىدۇ. مىسالەن، بالىغا ئۆزىنىڭ ئويۇنچۇق ماشىنىلىرىنى چۇۋۇپ قايتا قۇراشتۇرۇش توغرىسىدا يېتەكچىلىك قىلىش، ئەتىۋىركە - ئامبۇر قاتارلىق قورال - سايمانلارنى تەقلەپ بېرىش ھېسابىغا بالىنىڭ ئىجاد-ئىختىرا تەپەككۇرىنى ئېچىش توغرىسىدا باشلامچىلىق قىلىش قاتارلىقلار. ئويۇنچۇق ھاۋا شارىنىڭ لەيلەپ تۇرۇشى، باللار بىلەن بىللە لەگلەك ئۇچۇرۇش ھەم لەگلەكنىڭ ئۇچۇش پرىنسىپى دېگەندەكلەرنى چۈشەندۈرۈش قاتارلىق يېڭىچە ئۇسۇللار بىلەن بالىنىڭ يېڭىچە نەرسىلەرگە بولغان بىلىشنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق تەسەۋۋۇرىنى جارى قىلدۇرۇش ۋەھاكازالار. قىسقىسى، ئىلگىرىكىگە ئوخشىمىغان بىر ئامالارنى قىلىپ ئۆسمۈر بالىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەقىل- پاراسىتىنىڭ ئەركىن تەپەككۇرىنى قېزىش لازىم. مېنىڭ شەخسىي قارىشىمچە، ئالدىنقى دۇنيا قاراشنىڭ قۇربانى بولغان ئۆسمۈر بالا تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ خىل تەپەككۇرنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن. بالىنىڭ تەپەككۇرىنى خۇددى كۆزى ئەمدىلا ئېچىلىۋاتقان بۇلاققا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ئەگەر بىز بىرلا بۇلاقنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا ئۇرۇنساق، بۇ سۇ بىر ئېرىق ياساپ ئاقىدۇ - دە، كۆپ نەرسىنى سۇغۇرغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئېخىمۇ كۆپ بۇلاقنىڭ كۆزىنىمۇ ئېچىۋەتسەك ئۇنىڭدا ئۇ ئۆستەڭ سۈيىگە، دەريا سۈيىگە، ئاخىرىدا ئۈركەشلەپ تۇرىدىغان دېڭىزغا ئايلىنىشى مۇمكىن.

ئادەمنىڭ ئەقلىي تەپەككۇر كۈچىنى ئۇرغىتىش، زامانىۋى ئېڭىنى تۇرغۇزۇش ئادەم بايلىقىنى ئېچىشنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. بۇ خىل بايلىقنىڭ قىممىتى چەكسىز ھەم تۈگەپ قالمايدۇ. ئىختىساسلىق ئادەم بايلىقى ھەرقانداق بىر ماددىي بايلىقتىن ئەۋزەل. «پۈتكۈل شىركىتىمنىڭ مال-مۈلكىنى تالان-تاراج قىلىپ ئېلىپ كەتسەڭمۇ مەن رازى، ئەمما ئادەملىرىمنى قويۇپ قويغىن،— دەيدۇ ئامېرىكىدىكى بىر شىركەتنىڭ دىرېكتورى،— ئاز كۈندە ئېخىمۇ زامانىۋى بىر كارخانىنى قۇرۇپ چىقالايمەن». دېمەك، ئادەم بايلىقىنى پائال ئېچىش ھەم راۋاجلاندۇرۇش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىنسانلار ئىلگىرى تەبىئىي بايلىق دەۋرى، سانائەت دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرى قاتارلىق دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈردى ھەم كەچۈرمەكتە. بۇندىن كېيىنكى يېڭى دەۋر ئادەم بايلىقى دەۋرى، يەنى ئەقىل، بىلىم دەۋرى دەپ قارالماقتا.

### 3.4.ئۆزلۈك چۈشەنچىمىز

ئەمدى يېقىندىن بۇيان قىزغىن مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان ئۆزلۈك دېگەن مەسىلە ئۈستىدە پاراڭلىشىپ باقايلى. ئۆزلۈك ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئىچكى دۇنياسىدىكى ھەقىقىي مەنىدىكى «مەن»دىن ئىبارەت. ئۆزلۈك ئۇقۇمى ئۆزۈم ئۇقۇمى بىلەن ئۆزىدىن ھالقىش ئۇقۇمىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان تار مەنىدىكى شەخسىيەتچىلىكتۇر. ئۆزۈم ئۇقۇمىدا ئادەم پەقەت ئۆزىنى ئويلايدۇ. ئۆزلۈك ئۇقۇمىدا ئادەم ئۆزى ۋە ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي ئايرىمىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتىدۇ. شۇڭا كەڭ مەنىدىكى شەخسىيەتچىلىك ئىدىيەسىگە تەۋە بولىدۇ. ئەمدى ئۆزىدىن ھالقىشقا كەلسەك، يۇقىرىقى ئىككى خىل شەخسىيەتچىلىكنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئايرىمىسىدىن سىرتقى بىر گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئۆزلۈك قوپال تىلدا ئېيتقاندا ئۆزىنىلا ئويلاش ۋە كۆرۈش، ئۆزىگە مەپتۇن بولۇش دېگەنلىكتۇر. شۇڭا ئالىيجانابلىق قارىشى بىلەن ئېيتقاندا ئۆزىدىن ھالقىشنى تەۋسىيە قىلىشىمىز ھەم ئەۋلادلارغا شۇنداق تەربىيە بېرىشىمىز كېرەك. شەخس ئۆزىدىن ھالقىغاندا يەنە بىر شەخسنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاپ يېتەلەيدۇ. بىر ئىجتىمائىي ئايرىما ئۆزىدىن ھالقىغاندا يەنە بىر ئايرىمىنىڭ مەنپەئەتىنىمۇ ئويلىيالايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەڭ زور دەرىجىدە مەسئۇل بولالايدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى تەبىئەتنى لايىقىدا ئۆزگەرتىش، تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىش بىلەن ئۆزلۈكىدىن ھالقىپ كەلگەن. شۇ جۈملىدىن ئىنساننىڭ ئۆزلۈكى، ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ھۆرلۈكى ئىجاد-ئىختىرا قىلىشتا تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ ھەم ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، بىر خەلقنىڭ مىللىي كىملىكى ۋە ئۆزلۈكى ئىنسانىي كىملىك ھەم ئىنسانىي ئۆزلۈك بىلەن شەرھلىنىشى كېرەك. ئىدراكلىق ھاياتلىق تۇغۇلۇپ ئالدى بىلەن ئادەمگە تەۋە، ئاندىن قالسا

مىللەت ۋە ئائىلىگە، مەلۇم بىر جەمئىيەتكە تەۋە بولىدۇ.

تارىخىي مەدەنىيەتلەر تەتقىقاتى ئارقىلىق كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشىۋاتقان بولساقمۇ، ئەمما ئادەمنىڭ ئۆز كىملىكى ۋە خۇسۇسىيىتىنى قانداق جارى قىلدۇرۇشى توغرۇلۇق كۆچەشكە كىچىكىپ قېلىۋاتىمىز. ئۆزلۈك قارىشى تارىختىكى كىملىكنى ھەم ئۆزلۈكنى بىلىشلا بوپقالماي، ئەڭ مۇھىمى تارىخىي ئۆزلۈكنى ھازىرقى زاماندىمۇ جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. تارىخنى بىلىش ئۆزلۈكى(مەن كىم ئىكەنلىكى)نى بىلىشنىڭ بىر بۆلىكى، خالاس. قالغان قىسمى تارىختىكى ئىلغارلىققا ۋەكىللىك قىلىش ۋە ئالەمشۇمۇل نەتىجە يارىتىش بىلەن نامايان بولىدۇ. خەۋەردار بولۇپلا قويۇشنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى يوق.

نۆۋەتتىكى تاشقى مەدەنىيەتلەرنىڭ بېسىمى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ھەم خەلقئارا كاپىتال ئىگىلىكى ئۆزىمىزگە ئەستايىدىل، تەپسىلىي قاراپ چىقىشىمىزنى تەقەززا قىلماقتا. ئۆزىمىزنى زادى قانداق تونۇش ھەم قانداق جارى قىلدۇرۇش جىددىي مەسىلىگە ئايلانماقتا. بىر مىللەت پەقەت باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ئالاقە قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزلۈك تەلپىي مەيدانغا چىقىدۇ. باشقا مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندىلا ئۆزلۈك قارىشى شەكىللىنىدۇ. شۇڭا ئۇچرىشىش دائىرىسى قانچىكى كەڭ بولسا ئۆزلۈك تەلپىي شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پۈتكۈل يەرشارى كىشىلىرىنىڭ بىر مۇھىم ئەزاسى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چۈشىنىپ يېتىدۇ. دۆلەت ئىچى ھەم غەرب ئەللىرىنىڭ پەن - تېخنىكا، ئىجادىي تەپەككۇر، كۆزقاراش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىلغارلىقى نۆۋەتتىكى ھالىتىمىز بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، ئۆزىمىزنىڭ دۇنيادا قانداق ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى قايتىدىن ئويلاشقا مۇۋەپپەق بولالايمىز. دۆلەت ئىچى ھەم ياۋروپا ئەللىرىنى ئاساس قىلغان ھازىرقى زامان جەمئىيىتىگە يۈرەكلىك يۈزلىنىش ئارقىلىق شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى ھەم ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ يۈز كۆرۈشۈشى جەريانىدا ھەقىقىي ئۆزلۈكىمىزنى تېپىپ چىقالايمىز. بۇ خىل يېڭىچە بايقاش ئاخىرىدا ئۆزلۈك بىلىشىمىزگە بولغان مۇتەئەسسىپ كۆز قاراشنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن ئايرىلىپ تۇرۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، مەخسۇس پەن ۋە تەتقىقات ساھەسىگە ئايلىنىدۇ.

زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئادەمنى ئىدىيە، تەپەككۇر، كۆزقاراش، قىممەت قارىشى تەرەپلەردىن زامانىۋىلاشتۇرۇش لازىم. بۇ جەريانلارنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئەنئەنىۋىلىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش، دىنىي ئېتىقاد بىلەن تەرەققىيات، ئۆرپ - ئادەت بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ماھىرلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ھاجەت. غەربتىكى زامانىۋىلاشقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ۋە ياشاش ئۇسۇللىرى ھەم تارىخى جەھەتتىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ خەلق ئىچىگە تونۇشتۇرۇش، ئۆز ئېلىمىزدىكى ياخشى ئادەتلەر بىلەن يات مەدەنىيەتلەردىن قانداق قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ ئادىتى ھەم دىنىي ئېتىقادى، ئەخلاق ئۆلچىمىگە ماس كېلىدىغان بىر ماشىنا قۇراشتۇرۇپ چىقىش ھەم ئۇنى قانداق ھەيدەش ئۇسۇلى توغرۇلۇق ئىزدىنىش، باشلاش ئالدىدىكى بىر مۇھىم خىزمەت.

# 4

## 4.1. زىيالىيلاردىكى تىپىك مەسىلىلەر

دوكتور ئەسەت سۇلايماننىڭ «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق كىتابىنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەزكۇر كىتابتا ئىپادىلەنگەن قىسمەن تەپەككۇر بىرتەرەپلىمىلىكى مېنى ئويغا سېلىپ قويدى. بۇخىل قاراشلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كۆپىنچە زىيالىيدا ساقلىنىۋاتقان ناھايىتى تىپىك ھادىسىلەر. مەن كىتابتا ئېيتىلغان كىچىككىنە ۋەقە ئارقىلىق ئاپتورنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قىسقىچە بىلىشكە مۇيەسسەر بولالىدىم. ئاپتور دانىيەدە تۇرۇش جەريانىدا بىر تۈركمەن بىلەن تاسادىپىي پۇرسەتتە ئۇچرىشىپ قېلىپ قىزغىن پاراڭلىشىدۇ. بۇ ئۇچرىشىش ئۇنىڭغا ئىنتايىن يېقىملىق تەسىر بېرىدۇ. ئۇ يەنە ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغان قايناق بىر ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىنى بايقايدۇ ھەم ئۇ يەردە ئۆزىنى ئىنتايىن ئازادە ھېس قىلىدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشنى ئاچچىقىغا سۆزلەپ، «يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ كىشىلىرىمىز، ھېچبولمىغاندا ئورتاق بىر مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تەۋە كىشىلەر بۇ يەردە ئادەمنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنىدىكەن» دەيدۇ. ئەمما ئاچچىسى ئۇنىڭ بىر قىسىم كۆز قارىشىغا رەددىيە بېرىپ: «ياۋروپاغا دەسلەپ كەلگەن ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەرقانداق ئۇيغۇردا شۇنداق بىر ھېسسىيات بولىدۇ، مەندىمۇ بولغان، ھەتتا بۇ يەردىكى كۆچمەن ئەرەبلەر، تۈركلەر ۋە باشقا مۇسۇلمانلار كۆزۈمگە دانىيەلىكلەردىن ئىسسىقراق كۆرۈندى...لېكىن، مۇشۇ مەزگىلدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن كۆزقاراش ۋە ھېسسىياتىڭدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. سەن دىگەن بىر ئوغۇلبالا، ھېسسىيات جەھەتتە تېخىمۇ قاتتىقراق ۋە تەمكىن بولۇشۇڭ كېرەك. بىز ھازىر رېئال دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. ۋەتەندە كۆنۈپ قالغان بۇرۇنقى ئوي-خىياللىرىمىز ئەمدى بۇ يەرگە ماسلاشمايدۇ... مەن سېنىڭ ئەمدى خەلقئارا مۇھىتتا تەرەققىي قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن»دەيدۇ. ئاپتورنىڭ قېرىنداش مىللەت كىشىسىنى يېقىن كۆرۈشى توغرا. شۇنىسى ئۇ ئۆزىنى مىللىي ھېسسىياتى بىلەن دەڭسىمەسلىكى، تېخىمۇ مەدەنىيەتلىك كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇشى، يېڭى مۇھىتقا كۆنۈشى، ماسلىشىشى، ھەرگىز بىر ئوتتۇرا ئاسىيالىق بىلەن ئۆزىگە تەسەللى، ئارامبەخش ئىزدىمەسلىكى لازىم. ئۇ ئۇچراتقان بازارمۇ ھەم شۇنداق. ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم ئەرەب ئەللىرىدىن كەلگەن تۈرلۈك كۆچمەن دانىيەنىڭ مەلۇم شەھىرىگە توپلىشىپ بۇ بازارنى ئېچىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەۋجۇد بولۇشى ياۋروپاچە ئادەتكە خاس بۇ شەھەرگە، جۈملىدىن شىمالىي ياۋروپا ئەللىرىگە كۆزگە كۆرۈنگۈدەك ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتەلىشى ناتايىن. ئۇ پەقەت شۇ خىلدىكى كۆچمەنلەرنىڭ ئەڭ خالاپ بارىدىغان، سېغىنىشىنى باسىدىغان، دەرد تۆكىدىغان، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان جايى، خالاس. ئۇنىڭ يوقاپ كېتىشىمۇ بۇ شەھەر ئۈچۈن چوڭ جەمئىيەت مەسىلىسىمۇ ھېسابلانمايدۇ، ئاپتور بۇنى زىيادە تەسۋىرلىگەن، شۇنداقلا رايونىمىزدا ھازىر مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوخشاش شەكىلدىكى بازارلارغا نۆۋەتتىكى زىيالىيلاردا ساقلىنىۋاتقان تىپىك قاراش بويىچە «ئىجابىي» باھا بەرگەن. شۇنىڭ بىللە يەنە چۈشەنچە بېرىپ «بىر خەلق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتتىكى

www.uyghurkitap.com

كىملىكى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ تۈپ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ» دېگەن كۆز قاراشنى يورىتىپ بەرمەكچى بولىدۇ. بۇ سۆز باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئادەتلىرى سۆزلەنگەندە قىلىنماستىن بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇندا بېرىلىدۇ. كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، بۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ھەم مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ مۇشۇخىل ياشاش ئۇسۇلىغا بېرىلگەن باھادىن ئىبارەت بولۇپ، ھەرگىز بارغانسېرى ئوخشىشىپ كېتىۋاتقان ياۋروپا مىللەتلىرىگە بېرىلگەن ئەمەس. بۇ پىكىر مەدەنىيەتتىكى ھۆكۈمران مىللەتلەرنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە ياشاش شەكلىدىكى پەرقىنىڭ بارغانسېرى كىچىكلەۋاتقانلىقى بىلەن زىت. ئاپتور يات ئەلدە يېتىملىك ھېسسىياتىنىڭ تەرەپدارى بوپقېلىپ، بۈگۈنكى كۈنىمىزدە تارىختىكى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ياشاش شەكلى بىلەن كۆپ پەرقلەنمەيدىغان بىرەسمىي ئىپتىدائىي ھالەتنىڭ داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلىپ قالغان. مۇشۇ ۋەقەلىكتىن «بىزنىڭ پۇرچىقىمىز پەقەت قېرىنداش مىللەت كىشىلىرى بىلەنلا پىششىدۇ. ئۇلار بىلەن بىز تەقدىرداش، قۇرغاق رايوندا ياشاۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق كىشىلىرى بىز بىلەن ئوخشاش ياشاش ئۇسۇلىغا ئىگە، مەدەنىيەت پەقەت شۇلار بىلەنلا بولىدۇ» دىگەن يەكۈن چىقىدۇ. دېمەك، ئاپتور غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۈنسىز ئەيىبلەپ ئۆتۈپ، ھازىرقى ياشاش ھالىتىمىزگە مەدھىيە ئوقۇغان. بۇنداق ئويلاش بىر ئۇيغۇر، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۈچۈن بەلكىم توغرىدۇ. ئەمما ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە شۇنى سېلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىمكى، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق كىشىلىرى ھەم جۈملىدىن بىز ئۇيغۇرلار تارىختا ناھايىتى سەلتەنەتلىك ۋە مەدەنىيەتلىك ياشىغان بولساقمۇ، بۇ دەۋرلەر ئاللىقاچان كەتتى. بۈگۈنكى كۈندىكى ياشاش ئۇسۇلىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشى، ئىنسانىيەتنىڭ ئالىي ئۆزلۈك قارىشى(ئۆزىدىن ھالقىشى) شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، ھەرقانداق بىر مىللەت تەرەققىيات باسقۇچىدا ئۆزىدىكى ماسلىشالمىغان ئەنئەنە ۋە ئۆرپ- ئادەتلەردىن قاتتىق قوللۇق بىلەن ۋاز كېچىشى كېرەك. دۇنياغا دانالىق بىلەن نەزەرىمىزنى سالغىنىمىزدا، ياشاش شەكلىدە قانچە كونىلىقنى ساقلىغان بىر تائىپە بولىدىكەن، ئۇنىڭ تەرەققىياتى تەتۈر تاناسىپ ھالدا چېكىنگەنلىكىنى بايقىماي قالمايمىز. ئەسەت سۇلايماننىڭ باياناتلىرى بۇ خىل قانۇنىيەتلەرگە تەتۈر ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرۈپ قويىدۇ، شۇنداقلا دوكتور كىتابىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ ئىشلار توغرۇلۇق قايتا ئېنىقلىما بەرمەيدۇ. نېچۈن دۇنيانى ئاۋام پۇقرادىن ياخشى چۈشىنىدىغان بىر ئىلىم ئەھلىدە مۇشۇنداق ئىدىيە ھۆكۈمران؟ بۇ، كۆپ قىسىم زىيالىيمىزدا ئورتاق بولۇۋاتقان ھېسسىياتقا ئېغىشنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئۇنىڭ ئاچىسى ھاۋاخاننىڭ قارىشى ئىنتايىن ئىلغار بولۇپ، تىپىك يېڭىچە پىكىر ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئەسەت سۇلايماننىڭ ئىزدىنىشى قىسمەن دائىرىلىك بولسا، ئاچىسىنىڭ مېدىتسىنا ساھەسىدىكى ئىزدىنىشى دۇنياۋىلىققا ئىگە ئورتاق پەن. بۇ ناھايىتى روشەن بىر سېلىشتۇرما. بۇ نۇقتا ئۆزىمىزدە «زادى يازغۇچى - تارىخچىلار مۇھىممۇ ياكى دۇنياۋى ئورتاقلىققا ئىگە ئىلىم ئىگىلىرى مۇھىممۇ» دېگەن تېمىدا ئويلىنىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ تارىخى، ئېتنىك مەنبەسى، ئۆرپ -ئادىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش ھەقىقەتەن توغرا ئىش بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ قەدىرلىشىمىز بۇنىڭلىق بىلەن چەكلىنىپ قالسا بولمايدۇ. بىز يەنە دۇنياۋى ئورتاقلىققا ئىگە پەنلەرگە بولغان دىققىتىمىزنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. پۈتكۈل دۇنيادىكى تەرەققىيات رىتىمى تېز، جىددىي، ئالدىراشچىلىق ئىچىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەسەت سۇلايمان تەسۋىرلىگەندەك قېرىنداشلىق، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى كەمچىل بولۇشى تەبىئىي. ئەمما ئۇلار بۇ تۇرمۇشقا ئۇزۇندىن كۆنگەن بولۇپ، ئۆزلىرىگە غەيرىي تۇيۇلمايدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىدا يېتىلدۈرگەن ھەم تەبىئىي خالاپ تاللىغان ئادىتى بولۇپ، بۇ خىل ئىختىيارىي «مەجبۇرلىنىش» ئاخىرىدا ئادەتكە ئايلانغان. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك ئادەتكە ئورتاق رىئايە قىلغاندىلا ئۇلار مەدەنىيەتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تەۋرەنمەي تۇرالايدۇ. بۇنى بىز تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغدۇرالايمىزمۇ؟ ئاپتور يەنە مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى قىلىدۇ: «يەر شارىلىشىشنىڭ شىددەتلىك دولقۇنى مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر چېگرالىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ مىللىي ۋە مەھەللىۋى پەرقلەرنى ئېزىپ ئۇن قىلماقتا. بىز ئەنە شۇ سان - ساناقسىز خۇرۇچنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تەييارلانغان، ئاللىقاچان ئۆز تەمىنى يوقاتقان يەر شارى بولكىسىنى يېمەكتىمىز». بۇ جۈملىدىن نۆۋەتتىكى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا بېرىلگەن باھانىڭ ئىجابىي ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «تەمسىز» بولكا دۇنيادا پەقەت بىرلا خىل، بەربىر بىزنىڭ يېمەكلىكىمىز. ئۇنى ئىنسانلار ئۆز ئىختىيارى بويىچە تاللىغان، ئاز يېگەنلەر جانسىز، ئورۇق بولىدۇ، تەمسىز بىلىپ يېمىگەنلەر ئاچ قالىدۇ، خالاس. ھەممە مىللەت ئۆز ئالاھىدىلىكىنى، ئۆرپ-ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە يەنە تەرەققىيات ئېلىپ كېلىۋاتقان بېسىم، خىرىس ۋە مەجبۇرلاشلارغا ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇشى، تەدبىر بەلگىلىشى زۆرۈر. ماسلىشىش ياكى ماسلاشماسلىق مەسىلىسىدە بىزنىڭ دېگىنىمىز ھېساب ئەمەس. بۇ خىل ئېقىم بەئەينى دۇنيا سوقۇشىدا ئۇرۇش ئوتى ئۇرۇش قىلىشنى خالىماي مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەرگىمۇ تۇتىشىپ ئۇرۇش قاينىمىغا باشلاپ كىرگىنىدەك ئىش بولۇپ، باشقا كەلگەندە ھېچكىم قېچىپمۇ قۇتۇلالمايدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەر شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى، ئىلگىرى فېئوداللىق ۋە بېكىنمىچىلىكتە چىڭ تۇرۇپ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا نەزەر سالمىغان بىر قىسىم دۆلەتنى، مىسالەن، ياپونىيە، كورىيە، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ دەرۋازىلىرىنى كۈچەيگەنلەر سودا مۇناسىۋىتى بىلەن ئاچتى، ياخشىلىقچە ئاچالمىغانلىرىنى توپ- زەمبىرەكلىرى بىلەن مەجبۇرىي ئاچتى. بۇ خىل مەجبۇرلاش ئاخىرىدا فېئوداللىق ۋە بىكىنمىچىلىكنى يوقىتىشقا، ئۆرپ- ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى ھەم دۇنيا بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. دېمەك، دۆلەتنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى سىياسەت- پەرمانلىرى ھەم دۇنيا ئەللىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ماس ئېقىمدا مېڭىش بىردىنبىر تاللاش يولىدۇر. ئەمدى قانداق قىلىپ ھازىرقى ئېسىل ئادەتلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىپ زامانىۋىلىققا ماسلىشالمىغانلىرىدىن كېچىش، زىيادە ۋاقىت، كۈچ ۋە زېھنىي

قۇۋۋەتنى ئىسراپ قىلىدىغان ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش ياكى تاشلاش توغرىسىدا ئىزدىنىشكە موھتاج بولۇۋاتىمىز. ئىلىم - پەنگە، پاكىتقا ھۆرمەت قىلغۇچىلار بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ مەسىلىلەرنى تەمكىنلىك بىلەن ئويلىنىشىمىز كېرەك.

## 4.2. ئاممىنىڭ ئىلىم - پەن قارىشى ۋە تەپەككۇرى

كىشىلەر تېخىنكا ئارقىلىق زامانىۋى تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە بەختەر ياشاش ئۇسۇللىرىنى بىلىۋالدى. كىشى نورمال ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئەھۋالدا ئەجەل ۋەھىمىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆپ ئويلاپ كېتەلمىسە كېرەك. ئەمما ئۆزى ياكى ئەڭ مۇھىم كىشىسى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان چاغدىلا بۇنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنداق ۋەھىمە ئادەمنىڭ پۈتكۈل ئارزۇ - ئارمىنىنى بىراقلا بىتچىت قىلىپ تاشلايدۇ. يۇقىرى سەۋىيەلىك داۋالاش تېخنىكىسى ئادەمنىڭ كېسىلىگە شىپا تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ ھەم بىر قىسمىنى ساقايتىدۇ. دېمەك، تېخنىكا قانچە يۇقىرى بولسا كىشىلەرگە شۇنچە بەختەرلىك تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن ئاممىنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىشى ھەم ئالىملىرىمىزنىڭ تەتقىقاتى تېخىچە بىخ ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. تۈرلۈك سەۋەب تۈپەيلى «بىلىم - كۈچ»كە ئوخشاش ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرناللىرى يېتىمسىرىماقتا. بۇ ژۇرناللارنىڭ تۈرتكىسىدە دۇنياغا كەلتۈرۈلگەن بىر قىسىم نەتىجە ئېتىبارسىز قالماقتا. مەسىلەن، قاسىم سىدىق ۋە ئۇنىڭ «فىزىكىلىق شەكىل نەزەرىيەسى»نىڭ ئارىمىزدا كۈچلۈك ئىجتىمائىي ھەم ئىقتىسادىي قوللاشقا ئېرىشەلمەسلىكى ئادەمنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئەمما 1990 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم بىر تىل تەتقىقاتچىسىنىڭ جەت ئەلگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلەشتە ئىقتىسادتىن قىينىلىپ قېلىشى سەۋەبلىك مەكتەپ - مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلغان ئىئانە توپلاش پائالىيىتى بۇ ئىككى خىل ئىشقا، توغرىسىنى ئېيتقاندا ئىلىم ساھەسىدىكى دۇنياۋى بايقاش ئۈستىدە ئىزدىنىش بىلەن قىسمەن دائىرىلىك تىل تەتقىقاتىغا بولغان روشەن پوزىتسىيەمىزنى ئىپادىلەپ تۇرماقتا. ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، ئالدىدىكىسى پۈتكۈل دۇنيا ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان نۇقتا. ئۇنداقتا، قانداق ئامىل تارىختىن بۇيان باھادىر ئوغلانلىرى، كەشپىياتچىلىرى كۆپ يېتىشىپ چىققان بىر مىللەتنى شاللاپ تاشلاپ، جاھان مىللەتلىرىنىڭ كەينىگە تىزىپ قويۇشقا، ھەتتا ئۇنتۇلدۇرۇشقا مەجبۇرلىدى؟ بىز تارىخىي قەلەمدارلىرىمىزنىڭ پەلسەپەۋى قاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلمىدۇقمۇ ياكى ئۇلارنىڭ قاراشلىرى زامانغا زىت بوپقالدىمۇ؟ ۋە ياكى ئۇلار كۆرسىتىپ بەرگەن ئاتالمىش «ئىلىم - مەرىپەت يولى» نۆۋەتتىكى دۇنيانىڭ تۇتقان يولى بىلەن ئوخشىمامدۇ؟ ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا ۋە فىزىكا ساھەلىرىدىكى تەلىماتلار دۇنيا ئىلىم - پېنى ساھەسىدە جىڭغا توختىمىدىمۇ ياكى بىز بەك كۆپتۈرۈۋەتتۇقمۇ؟ ئۇلارغا زىيادە يۇقىرى باھا بېرىشتىن ئىلگىرى جاھانغا نەزەر سېلىپ تەكشۈرۈپ كۆردۇقمۇ؟ بىلىشىمىزدىكى بىلىم - مەرىپەت يولى زادى دۇنيانىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئوخشامدۇ - يوق؟ بۇ مەسىلىلەرگە سوغۇققانلىق بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىپ جاۋاب بېرىشىمىز، ئۆزىمىزگە بەش قولدەك ئايان كۈچى ئاجىز دەسمايىمىزنى ھە

دېگەندىلا سۆرەپ چىقىپ پەش قىلماسلىقىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكىغا تۇتقان پوزىتسىيەمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بىزگە مەلۇملۇق. تارىخىمىزدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، «ئەدىب، شائىر» ئەتىۋارلىنىپ، تېخنىك - ئىختىراچى كەمچىل بولغان. بۇنداق زور تەڭسىزلىك ھە دېگەندىلا بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلىشتىن كۆرە جىررە - ساما سېلىشنى، قىسقىسى خىيالىي - ھېسسىي مەدەنىيەتنى ئەۋزەل بىلىدەك ھالەتكە باشلىغان. بۇ بىزدىكى مىڭ يىلدىن بۇيان بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان تېخنىكا ھەم ئىلىم - پەننى تەرك ئېتىش پىسخىكىسىدىن ئىبارەت.

ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە جىنسىي ئەركىنلەشتۇرۇش، بۇزۇقچىلىق، ئاشىندارچىلىق يامرىغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان زور كۆپچىلىك ئەقىللىق كىشى ئىنسانىي پەزىلەت - خىسلەت بىلەن ياشاپ، ھەر ئىشنى پۇختا، ئۆز لايىقىدا بىر تەرەپ قىلىپ، ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت، كىشىلىك قەدىر - قىممەت جەھەتتە يەنىلا دۇنيانىڭ ئۈلگىسى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئەخلاقىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا يوق قىلىۋەتسەك، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى شەھۋانىي، جىمىي بۇزۇقچىلىقنىڭ ئۇۋىسى دەپ قارىۋالساق خاتالاشقان بولىمىز، ئەلۋەتتە. ئەقىللىق كىشىلەر ئۆز جىسمىدىكى ھەر بىر پائالىيىتىگە ئاڭلىق ئىگە بولۇپ كېلىۋاتىماقتا. بۇلارغا كۆز يۇمماسلىقىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىزنىڭ دىققەت قىلىدىغىنىمىزمۇ ھەرگىز خەقنىڭ يامان تەرىپى بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى بىز ئۇلارنىڭ ناچار ئادىتىنى ئەمەس، ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىدىغان خىسلىتىنى ئۆگىنىمىز. ئۇلار ئۆز ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى، تېخنىكىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئىنسانلارغا ۋاكالىتەن قالتىس ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارماقتا. ئالەمنى تەكشۈرۈش، داۋالاش، قاتناش قوراللىرى قاتارلىقلارنىڭ زامانىۋىلىشىشى پۈتكۈل ئىنسانلارغا بەخت ئېلىپ كېلەلەيدۇ. خەۋەرلەردىن ئايان بولۇشىچە، ئامېرىكا يېقىنقى يىللاردا نەچچە مىليارد دوللار خەجلەپ ھاۋايدىكى مەلۇم ئورۇنغا ئالەمنى كۆزىتىش ئەسۋابى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەرشارىغا ھەرۋاقىت ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدە سوقۇلۇپ كېتىش تەھدىتى شەكىللەندۈرۈۋاتقان قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز، مېتېئورىت تاش قاتارلىقلارنى كۆزىتىش ۋە ئالدىن خەۋەر بېرىش خىزمىتىنى باشلىغان. بۇ ئەلۋەتتە پۈتكۈل دۇنيادىكى ھەممە ئادەمنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ھەم يادرولۇق مەنپەئەتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، شۇنداقلا يەر شارىنىڭ تارىخىدا ئىلگىرى يۈز بەرگەن ھەم يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بار دەپ قارالغان، ئىنسانىيەتنى يوقىتىش خاراكتېرىدىكى ۋەقە. ئىنسانىيەتنىڭ يوقىلىشىنى تېزلىتىدىغان بۇ ۋەقەلەر گەرچە رىۋايەت ياكى فانتازىيەگە ئوخشاپ قالسىمۇ، ئەمما ئۇنى يۈز بەرمەيدۇ، دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ. مۇشۇنداق خىزمەتنى ئورۇنداش ئۈچۈن پۇل بولغاندىن سىرت يەنە يۇقىرى تېخنىكا ھەم تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ئىنتايىن زۆرۈر بولىدۇ. بىز ھەدېسىلا «بۇزۇقچىلىقنىڭ ئۇچىقى» دەپ بىلىدىغان ئامېرىكا گەرچە «دۇنيا زومىگىرى» دېيىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يەنىلا نۇرغۇن ئىجابىي تەرىپىمۇ بار. ھەرقانچە كۆپ پۇلنى تىزىپ قويغان

www.uyghurkitap.com

بىلەن پۇل بۇنداق ۋەزىپىنى ھەرگىزمۇ تاماملىيالمايدۇ. ئالەمدىن چۈشىدىغان مېتېئورىت يالغۇز ئامېرىكا زېمىنىغىلا سوقۇلمايدۇ ـ دە. ئۇنداقتا بىز يەنە بۇ ئىشلارغا قانداق باھا بېرىمىز؟

ۋەتىنىمىز جۇڭگومۇ سەييارىمىزدىكى چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوخشاشلا مۇشۇنداق ئىشلار ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. جۇڭگونىڭ ئادەملىك ئالەم كېمىسىنى قويۇپ بېرىشى، ئايني تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ۋەتەننىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغاندىن باشقا يەنە ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىشنى نىشان قىلغان. ياشاۋاتقان سەييارىمىز تۇيۇقسىز تاشقى ئالەمنىڭ بىرەر ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قالسا جۇڭگومۇ ئالەم تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن دۆلەتلەر قاتارىدا ئائىلىمىزنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالايدۇ. دېمەك، تەرەققىياتى تېز بولۇۋاتقان ئەللەر ئۆزىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش بىلەن بىرگە، زۆرۈر بولغاندا ئىنسانىيەتنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ئۈچۈن تۆھپە قوشالايدۇ.

شۇڭا ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن ئورتاق ئىزدىنىۋاتقان دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى ئالىم، ئىقتىسادشۇناس، مۇنەۋۋەر كارخانىچى ۋە توغرا تەدبىر بەلگۈلىگۈچى كىشىلەرنى ھەممىدىن يۇقىرى قويۇپ ھۆرمەتلىشىمىز لازىم. بىز ئىلىم ـ پەن ئالىملىرىنى قانداق قەدىرلەش توغرىسىدا ھەقىقىي ۋىجدانىمىز ئالدىدا جاۋابكار. بىر قىسىم ساھە بىز بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولسا، كۆپ قىسىم ساھە پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر ياكى ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

بىزگە مەلۇملۇقكى، بىز ئۈچۈن مەرىپەتنىڭ مېۋىسى دەپ بىلىدىغان بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا يۈرەك تارىمىز تىترەپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ شۇ ئەسەرلەرگە سىڭدۈرۈلگەن ئەدەبىي تەسەۋۋۇر، ھېسسىيات، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىسى. بىزگە ناتونۇش ئىلىم ـ پەن ئالىملىرى بولسا دىلىمىزنى مايىل قىلىش چەمبىرىكىنىڭ سىرتىدا قالغان. چۈنكى ئۇلار ھېسسىياتقا ئەمەس، پاكىتقا تايىنىپ يەكۈن چىقىرىدۇ. ئالىملار تىنىمسىز ئەمگىكى، تەتقىقاتى ئارقىلىق تۇرمۇشىمىزنى قۇلايلىقلاشتۇرۇش، دۇنيانى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىزدىنىدۇ. بۇ بىردەمچىلىك ھاياجانغا ئوخشىمايدۇ. باشقىلار بىر ئالىمنى ھۆرمەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مىللىتىنىمۇ ئوخشاشلا ھۆرمەت قىلىدۇ، بىر ئالىمنى قەدىرلەيدىكەن، ئۇنىڭ مىللىتىنىمۇ ئوخشاشلا قەدىرلەيدۇ. كۆك كۆز، سېرىق چاچلىق كىشىلەر ئىلىم ـ پەننىڭ مۇھىملىقىنى تۇغۇلۇپلا بىلگەن ئەمەس. ئۇلار ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا تېخنىكىدىن ئىبارەت بۇ قورالدىن ھەم ياخشى ئىش، ھەم يامان ئىش ئۈچۈن پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىشكەن. كىشىلەر ئايروپىلان، پاراخوت دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنى ئۇرۇش قورالى قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. مىلتىق دورىسى كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ئاسانلىقىنى بىلدى. مۇشۇنداق دەۋرىي قىلىش جەريانىدا كىشىلەر تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ زومىگەرلىك، كېڭەيمىچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە يەنە زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى، خەلققە تېخىمۇ قۇلايلىق ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. بۇ بىلىش ئىنساننىڭ قانائەتلەنمەسلىك تەبىئىتى بىلەن بىرلىشىپ ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن يۇكسەكلىككە كۆتۈردى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەركىن تەپەككۇرنىڭ توغرا يول كۆرسەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. تەپەككۇر سالمىقىنىڭ يىلسېرى چوڭقۇرلاشقانلىقى نىمىنى تالالاش كېرەكلىكىنى كىشىلەرگە ئېيتىپ بەرمەكتە.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىزدىنىشى ھەرگىزمۇ بىكار كەتمەيدۇ. گەرچە ئۇنىڭ جەريانى بىر قىسىم قۇربان بېرىشنى بەدەل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ياراتقان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى مۆلچەرلىگۈسىز. ئەپسۇس، بىزدىكى تەپەككۇر نامراتلىقى، «پەيلاسوپ»لارنىڭ كېكەچلىكى، يېڭىلىقلارنى «يەكلەش ـ سىغدۇرماسلىقى» سەۋەبلىك داۋاملىق ئەنئەنىۋى نەرسىلەرنى پۇۋلەپ، زور روھىي، ھېسسىي بەدەل بەرسەكمۇ ئىلىم ساھەسى ئۈچۈن ھېچنېمە قىلىپ بەرمىدۇق. نەتىجىدە، ئىلىم ـ پەن تەپەككۇر ئۇقۇمى بىزدىن ناھايىتىمۇ يىراقتا قالدى. بىز گاڭگىرىغانلىقىمىزدىن پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەر ساھەسى، تارىخ، ئامباب كىتابلار مۇئەللىپلىرى، «ژۇرنال پەيلاسوپلىرى»، شائىر، مەغلۇبىيەتچى «مۇتەپەككۇر»لار، سازچى قاتارلىقلارنى چوڭ بىلسەك بىلدۇقكى، ئىلىم ـ پەن ساھەسىنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىدۇق، خۇددى بۇ ئىشلار بىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىزدەك. يېڭىچە ئىلىم ـ پەن مەدەنىيىتى، ئىجادىي تەپەككۇر سەنئىتى، زامانىۋى جاھاندارچىلىق ـ تىرىكچىلىك سەنئىتى بىز بىلىدىغان ساھەنىڭ سىرتىدا قالدى. نەتىجىدە دۇنياغا قارىشىمىزدىكى تارازا تەڭپۇڭلۇقى ئېغىر بۇزۇلۇپ، بىر تەرەپكە قىيسىپ كەتتى، ئەمدى قېيۋەرسە بۇ تارازىنىڭ يەلكىسى سۇنىدۇ. ئەسلىدە ئىلىم ـ پەننىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتى، تەرەققىيات باسقۇچى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەم دۇنيا ۋەزىيىتى، ئىقتىسادنىڭ يۈزلىنىشى قاتارلىقلارمۇ ئوخشاشلا بىز خەۋەردار بولىدىغان، قاتنىشىدىغان مەسىلىلەر ئىدى. مەرىپەتپەرۋەر شائىر (پەقەت شائىرلارلا مەرىپەتپەرۋەر بولامدۇ؟!)، ئەل سۆيگەن سەنئەتچى، داڭلىق يازغۇچى، ئاتاقلىق تىلشۇناس، تارىخچى قاتارلىق ئاتالغۇلار ھەرقانداق سۆزدىنمۇ يېقىملىق، تونۇش ئىبارىلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىمىزگىلا تەسىر كۆرسەتكەن ساھەلەرلا بىزنىڭ بىلىشىمىز بوپقالدى. نەتىجىدە، مىللەتنىڭ ئىلىم قەدىرلەش، ساپ ئېتىقاد ۋە خۇراپاتلىق چۈشەنچىسى، نومۇس ـ خارلىق قارىشى، شەرەپ ۋە خورلۇق تۇيغۇسى قاتارلىقلار بىلىپ ـ بىلمەي تۇيۇق يولغا باشلاندى. قارىماققا بىز بۇ ساھەلەردە «ئالەمشۇمۇل» نەتىجىلەرنى ياراتقان بولساقمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ ناھايىتى زور كۆپۈكچىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلمەي يۈرۈۋاتىمىز. بىز پۈۋلەش، پەپىلەش، سىيلاش ـ تەسەللى، كۆپتۈرۈش بەدىلىگە مانا مۇشۇنداق زور كۆپۈكچىنى يېتىلدۈرۈپ چىقتۇق. دېمەك، بۇ كۆپۈكچە ھامان بىر كۈنلەردە قاتتىق شامالدا يېرىلىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ چوڭىيغانسېرى ئۇچرايدىغان شامال بېسىمىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ.

مەن يازغۇچىلارنىڭ، سەنئەتچىلەرنىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم، نۇرغۇن كىشى ئۇلارنىڭ مۇسىبەت نامىرىغا قاتناشتى، بىز مانا مۇشۇنداق كىشىلەرنى ئالىم دەپ تونۇيمىز. ئەمما بىر ھەقىقىي ئىلىم ـ پەن ئالىمىنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى ناھايىتى كەم ئاڭلىدىم. مانا بۇلار مىللىي روھمۇ؟ ئۆزلۈكنى ساقلاشمۇ؟ بىر قىسىم سۆزلىگۈچى ئۆزلۈكنى ساقلاش كېرەك دەپ جار سالىدۇ. بۇ ھازىرقى ئەنئەنىۋى ھالەتتە تۇرۇش كېرەك دېگەنلىكمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكلۈك قارىشى بويىچە ئېيتقاندا

تارىختىكى ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ بىر مىللەتكە ئايلانغان قەبىلىلەر، چاغاتاي خانلىقىنىڭ مۇسۇلمانلىشىشى قاتارلىقلار تارىخىي خاتالىقمۇ؟ ئۇلار ھەر ئىككىسىنى توغرا دەپ قارامدۇ؟ بۇ، زىددىيەتلىك ئەمەسمۇ؟ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەڭگۇ ئۆزلۈكلۈك مەۋجۇد ئەمەس. ئاجىزلارنىڭ يوقىلىپ، كۈچلۈكلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇش قانۇنىيىتى تېخى توختاپ قالغىنى يوق، ئۇ تارىختا قانداق داۋام ئەتكەن بولسا بۈگۈنكى كۈندىمۇ شۇنداق داۋام ئەتمەكتە ھەم مەۋجۇد بولماقتا، رىتىمى، سۈرئىتى يەنىمۇ تېزلىمەكتە.

## تۈگەنچە

يۇقىرىقىلاردىن بىلىشكە بولىدۇكى، نۆۋەتتىكى تەپەككۇر مۇھىتى ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولۇپ، يېڭى ئىلگىرىلەش يولىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. ھە دېسىلا ھېسسىي مىللىي غۇرۇر ئارىلاشقان يەكۈن توغرا ئەمەس. ئەمدىكى نۆۋەت يېڭى پىكىر ئىگىلىرىگە كەلدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ پىكرى مۇۋاپىق بولسا، چوقۇم قوبۇل قىلىش، ھەتتا قوللاش ھەممە كىشىنىڭ ئەقەللىي مەجبۇرىيىتى. ئۇلار ئىلگىرى قانداق ئۇسۇلدا خەلقنى قايىل قىلىۋالغان بولسا بۈندىن كېيىنمۇ يەنە شۇنداق ئۇسۇلدا خەلقنى مايىل قىلىپ، يېڭىچە تەپەككۇرنى ئۇلارغا سىڭدۈرەلەيدۇ.

ھېسسىي تۇيغۇ ئادەمنىڭ ھاياجانلىنىش، ئاچچىقلىنىش، تەمەننا، تەگەببۇرلۇق، ئۆزىنى ئۈستۈن قويۇش، يۈز قاراش، تۇغقىنىم، تونۇشۇم، دوستۇم، دوستۇمنىڭ دوستى، پالانى يەرنىڭ بىرنېمىسى دېگەندەك يېقىنىزملىق (لىبىرالىزملىق) ... قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. ھېسسىي ھۆكۈمنى ئەقىلگە، ئادالەتكە قىلىنغان ھاقارەت، زوراۋانلىق دېسەك خاتا بولمايدۇ

بەزىدە تۇيۇقسىزلا يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوقتەك، بىمەنىلىكتەك ئويلاپ قالىمەن. خۇددى ئىنسانلار زامانىۋى ئۆيلەردە، ئېگىز بىنالاردا ئولتۇرسا خىمىيەلىك، فىزىكىلىق ئەكس تەسىرى بولىدىغانلىقى، خىمىيەلىك تالا، ھورمۇنلانغان يېمەكلىك ئىستېمال قىلىشى، بۇلغانغان ھاۋادىن نەپەسلىنىشى بىر خاتالىقتەك، پەقەت گەمە، ئوت-چۆپ، شاخ-شۇمبىلار بىلەن ياسالغان كەپە قاتارلىق ئىپتىدائىي شەكىلدىكى ئۆيلەردە تۇرۇش بەدەنگە زىيانسىز بولۇشى توغرىدەك. شۇنىسى ئەمەلىيەت بۇنىڭغا يول قويمىدى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى، مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «ئۆگىنىش تىپىدىكى ئىجادكار جەمئىيەت بەرپا قىلىش» ھەم جىمى ئىشتا ئىلمىي تەرەققىياتقا بويسۇنۇش چاقىرىقىنىڭ تۇرتكىسىدە دۆلەت ئىچى ئىقتىسادى، ئىلىم-پەن قۇرۇلۇشى مىسلى كۆرۈلمىگەن يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشىپ، دۇنيا بىلەن ماس قەدەمدە مېڭىش شەرتىنى ھازىرلىدى. ئەلۋەتتە، بۇ بەيگىدە شىنجاڭلىقلارمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى شەرت.

ئىنسانلارنىڭ قانائەتسىزلىكى، پائالىيەتچانلىقى ئۆزگە پايدىلىق نەرسىلەرنىمۇ مەيدانغا كەلتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن بىر قىسىم زىيانلىق نەرسىنىمۇ پەيدا قىلىدى. مەسىلەن: ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى، پارنىك ئېففېكتى، ئوزون قاتلىمىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئىچىملىك سۇنىڭ ئازىيىشى، بەزى جانلىقلار تۈرىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى قاتارلىقلار. لېكىن ھەر بىر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى يەنە بىر خىل نەرسىنى بەدەل قىلغان بولىدۇ. كىشىلەر بەدەل تۆلىگەچكە ئىنسانىيەتنىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتى مىسلىسىز دەرىجىدە تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئۇزىرىدى، كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارغا ئامال تېپىلدى، دۇنيادىكى ئەللەر ئارا ئارىلىق قىسقىرىدى، ئۇچۇرچىلىق يەر شارىنى ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر كەنتكە ئايلاندۇردى. كىشىلەر تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن بۇزغۇنچىلىقلارنىمۇ تونۇپ يېتىپ، مۇۋاپىق خەلقئارالىق قارارلارنى ماقۇللاپ، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، قۇتقۇزۇش- مۇھاپىزەت خىزمىتىنىمۇ قانات يايدۇرماقتا. بۇ، ئىنسانلارنىڭ رازىمەنلىك بىلەن تاللىشى بولۇپ، بەدەل تۆلەشتىن ئەنسىرىگەنلەر ھاياتنىڭ مەنىسى ھەم ئۇنى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشنى بىلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

كىشى ئۆمىدسىزلەنگەن چېغىدا دۇنيادىكى ھەممە نەرسە بىر تىيىنغا ئەرزىگۈسىز بىلىنىدۇ. سىز شۇنداق ۋاقىتلىرىڭىزدا ئىنتېرنېتنى ئارىلاپ بېقىڭ. ھەر كۈنى يېڭىلىنىۋاتقان ئالاقە، ئۇچۇر، ھەربىي تېخنىكا، ئالەم سانائىتى، ئۆسۈملۈك، سەھىيە، ئىقتىساد، تەنتەربىيە، سودا - سانائەتكە مۇناسىۋەتلىك يېڭىلىق، خەۋەر- ئۇچۇرلارنىڭ كۆپلۈكى، سەرخىللىقى سىزگە دۇنيانىڭ ھەرۋاقىت جىددىي رىتىم بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. تەرەققىي قىلغان بىلەن ئېسىل ئەنئەنىمىز يوقىلىدۇ، دېگۈچىلەر خاتالاشقانلاردۇر.

يېڭىلىنىۋاتقان يېغىنچاقلىغاندا، نۆۋەتتىكى ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ ئاسارىتىدىن يۈرەكلىك بىلەن قۇتۇلۇپ تەپەككۇرىمىزنى ھۆرلۈككە چىقىرىشىمىز، ئەركىن قويۇۋېتىشىمىز زۆرۈر. بۇ پەقەت مېنىڭ ئېغىزىمدىكىلا گەپ بولماي، نەق مۇشۇ كۈنىمىزدە ھەممىمىزنىڭ كۆز ئالدىدا مەۋجۇد بولۇۋاتقان پولاتتەك پاكىت. سىلىشتۇرۇش، كۆزىتىش، كۆز بىلەن كۆرۈش، تەھلىل قىلىش، ئويلاش ئارقىلىق تەپەككۇرىمىز يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ.

كونىلار يېڭىچە ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەپەككۇرى بىلەن قوراللانغان كىشىلەرنىڭ چىقىشىغا يول قويۇشى، مەدەت بېرىشى ھەم ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك. ئىمتىيازلىقلار يېڭىچە، ئالىيجاناب ياشاش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەرنى بايقىشى ھەم ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنى خەلققە بىلدۈرۈشى كېرەك. گەپدانلىقى، سۆزگە ماھىرلىقى بىلەن ئۇلارنى چەتكە قېقىشقا، كونسېرۋاتىپ ئاڭنىڭ قۇربانى قىلىۋېتىشكە، تۈرلۈك سەۋەب كۆرسىتىپ كىشىلەرنى گاڭگىرىتىشقا بولمايدۇ.

## پايدىلانغان مەنبەلەر

1. «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2007-يىل 4-سان.
2. ئەسەت سۇلايمان: «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006-يىل نەشرى.
3. «جۇڭگو داڭلىق تاۋار ماركىلىرى ھۆكۈمەت تەرەپ تورى»
4. دالې كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ۋە ئاجىزلىقلار»، شىنجاڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1991-يىل نەشرى.

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە توك ئىدارىسى 110 كىلوۋولتلۇق ترانسفورموتور پونكىتىنىڭ خادىمى

ماقالىنى تەكلىپلىك بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدىي



## قەلب تاشقىنلىرى

▲ ئەرلىرى ۋەتىنى ئۈچۈن، ئاياللىرى ئائىلە ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلالىغان مىللەتنىڭ كەلگۈسى قۇدرەتلىك.

▲ ھاياتلىقىمىزدىكى ھەشەمەتلىك ئۆيلىرىمىز ئۆلگەندىكى گۆرلىرىمىزنى ئۇنتۇلدۇرماقتا.

▲ سەھەر — غاپىللار بىلەن ئاقىللارنى ئايرىيدىغان پۇرسەت.

▲ ئۆز - ئۆزىنى سوراققا تارتىشنى بىلمىگەن كىشىنى باشقىلار سوراققا تارتىدۇ.

— مەريەمگۈل ياقۇپ

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر نەزەرباغ يېزا پىخسىن كەنتىدە دېھقان

## جۇشقۇن پىكىرلەر

▲ باللارنىڭ تىراگېدىيەسىنى، بىرگە، ئاتا - ئانىلارنىڭ زىيادە كۆيۈمچانلىقى، يەنە بىرگە، زىيادە قاتتىق قوللۇقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ ئادەمنى باھالىماق شۇنىڭ ئۈچۈن تەسكى، ئۇنىڭ باھالاشقا تېگىشلىك سىرى مەڭگۈلۈك مەخپىيەتلىكى بوپقالىدۇ.

▲ ھايۋان چىشىدىن قىرىيدۇ، ئادەم كۆزىدىن.

▲ ئۇستۇڭدىكىلەرنى كۆرمەكچى بولساڭ، ئۇلارنىڭمۇ ئۈستىدە تۇرغۇچىلارنىڭ كۆزى بىلەن قارا.

▲ نامراتلار تەڭرىگە ئىخلاسى بىلەن، بايلار مال — دۇنياسى بىلەن يېقىنلاشماقچى بولىدۇ.

— تۇرسۇن قاسىم

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنت قارىياغاچ مەھەللىسىدە دېھقان

## ئارزۇ تىنىقلىرى

▲ پۇشايمان — ئويلىنىپ دېمىگەن سۆز، ئاۋايلاپ باسمىغان قەدەمدۇر.

▲ ئاشكارا ئۆتكۈزگەن خاتالىق پېشانىگە، يوشۇرۇن ئۆتكۈزگەن خاتالىق قەلبكە تامغا بولۇپ بېسىلىدۇ.

▲ ھازىرقى نادانلىق — نامراتلىق.

▲ يېقىن كىشىلەرنى قەرز بولغاندا، يىراق كىشىلەرنى نەزىر بولغاندا بىلىسەن.

▲ ئايال ھۆرۈن بولسا ئۆي، ئەر ھۆرۈن بولسا ئايال تېز كونىرايدۇ.

▲ يىگەندىن چىچىپ قۇتۇلغان بىلەن، ئالغاندىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن.

▲ يېقىننىڭ ئۈزۈن تۈندە، يېقىننىڭ ئېغىر كۈندە ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ.

▲ ياخشىلىق — بىر - بىرىگە باغلىنىش.

▲ قەرز — نوختاسىلىش.

▲ سىر — بىرگە، ھۆرمەت — ئىناۋىتىڭ، بىرگە، ھايات - ماماتىڭدۇر.

▲ ھايۋاننىڭ ئۆمرى ئورۇق ياكى سېمىزلىكىگە، ئادەمنىڭ ئۆمرى خۇشھال ياكى خاپىلىقىغا باغلىق.

▲ ئۆز گۆشۈڭنى ئۆزۈڭ يېمىگۈچىلىك ئادەم بولالمايسەن.

▲ ئەقىل بىلەن تاش، ئاچچىق بىلەن باش كېسىلىدۇ.

— مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد ئۇيغۇرزادە

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا «مەنزىل» كومپيۇتېر مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ خوجايىنى

## ئاچچىق كۈلكىلەر

▲ مەي — گېلىڭدىن كىرىپ، تىلىڭدىن چىقىدۇ.

▲ ئەقىل ئاچالمىغان سىرلارنى ۋاقىت ئاچىدۇ.

▲ بىشىم ئېگىز بولسۇن دېسەڭ ھارامنى يېمە، گېپىم ئۆتسۇن دېسەڭ يالغاننى دېمە.

▲ بىلىملىك كىشىلەر يۇرتنىڭ زىننىتى، يۈرەكلىك كىشىلەر يۇرتنىڭ ئىززىتى.

▲ تىرىككەككە چاقچاق قىلما، ئۇرۇشقاققا سۆز.

▲ نادانلارنىڭ تېگى قۇياش چىقىشى بىلەن، دانالارنىڭ

تېگى قەلبى ئويغىنىشى بىلەن باشلىنىدۇ.

▲ۋاقىتسىز چىللىغان خوراز ئۆزىگە ئەجەلنى چىللايدۇ، لېكىن تاڭنى چىللىيالمايدۇ.

▲بىر خوراز چىللىسا بارچە خوراز تەڭلا چىللايدۇ. بۇ بەلكىم جىمى ئادەمنى تەڭ ئويغىتىش ئۈچۈندۇ. لېكىن خورازچىلىك ئەقلى بار ئىنسانلار زادى قانچىلىك؟

▲«چاشقان» دېگەن سۆزنىڭ تەبىرىنى ھەممىدىن توغرا ئىزاھلاپ بېرەلەيدىغىنى مۈشۈك بولغاچقا، چاشقانلارنىڭ تەقدىرى مۈشۈكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان.

▲ھەقىقىي تارىختىن قان پۇرايدۇ، ساختا تارىختىن يىرىڭ.

▲زېمىننى ھالسىراتقىنى — ئىنسانىنىڭ زەئىپ تىنىقى.

▲قەددىڭنى تىكلىمەكچى بولساڭ، نەزىرىڭنى يىراققا تىك.

▲قىلىچ ئۆتكۈر بولغان بىلەن سۇنى يارالماس، نۇرنى كېسەلمەس.

▲دۇشمەنگە نەپرەت ئوقىنى ياغدۇرۇۋەرگىچە، بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئىبرەت سىرتىمىقىنى بويىنىغا سال.

▲دۇنيانىڭ پاكلىقى ئەرلەرنىڭ قولىدا، ئەرلەرنىڭ پاكلىقى ئاياللارنىڭ قولىدا.

▲ئۆي ئىگىسى يۇرەكلىك بولسا ئوغرىمۇ ئېھتىيات قىلار.

▲قىممەتلىك گۆھەرلەرنىڭ ھەممىسىلا قاتتىق بېسىلىشتىن، ئېزىلىشتىن، يىمىرىلىشتىن ۋە ئاخىرىدا كۆچلۈك ئۇيۇشۇشتىن ھاسىل بولغان.

▲ئىنسانلارنى يەر يۇتمايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ نەپسى يۇتىدۇ.

▲بايلىقىم — كېيەنلىكىم، قازىنىقىم — يەرلىكىم.

▲تىرىشمىغان قۇل بولۇر، ئۆگەنمىگەن كور.

▲گۈلمۇ پۇرىغان كىشىگە خۇشبۇي پۇرايدۇ، ئۇزمەكچى بولغان كىشىگە تىكىنىنى سانجىيدۇ.

▲ئادەمنى ئۆزىگە ئاجىز كۆرسىتىدىغىنى، ئۆزىگە بولغان گۇمان ۋە ئىشەنمەسلىك.

— ھەسەنجان يۇسۇپ

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزا مەركىزىي مەكتەپتە مۇئەللىم

## تاڭدا تەرگەن تەرمەچلەر

▲تەرەققىياتنىڭ بىر قانىتى ئالتۇن، يەنە بىر قانىتى ناپاكلىق.

▲ ماھىيەت ھامان ئارقىدا.

▲ بىرى، پۇلۇڭ كۆپ چاغدا، يەنە بىرى، پۇلۇڭ ئاز قالغاندا تولا سانىغۇڭ كېلىدۇ.

— يۇسۇپجان مۇھەممەت

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق B سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲دوستۇم، روھىيىتىڭ قاراڭغۇلۇقتا قالغاندا، يول باشلىغۇچى ھاياتلىق مەشئىلى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى قولۇڭغا ئال.

— ئىسكەندەر ئەھمىدىي

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە چىقتىم بازار تەزە مەھەللىسىدە دېھقان

▲ئورتاق سادا: ھايات سەپىرىدىكى سىرداش دوست، ئىناق ئائىلە تۇرمۇشىدىكى ياخشى ھەمراھ، ئەدەپ - ئەخلاق بوستانىدىكى تەنھا ئەللامە، مەدەنىيەت سەپىرىدىكى نۇرلۇق ماياك، پەرزەنت تەربىيەسىنىڭ گىگانت ئۇلتېشى، ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەكنى تۇتاشتۇرغۇچى ئۈزۈلمەس مەنىۋىيەت زەنجىرى، «ئاگاھ ۋە دانا بول» دەپ خىتاب قىلىپ كېلىۋاتقان نەشرىي ئەپكار «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا ھەشقاللا.

— غۇلام تۇرسۇن

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە بەشكەنت بازار ساڭ بازار كەنتى مىياۋلۇغۇن مەھەللىسىدە دېھقان

▲دۇشمەن ئاۋۋال ئۆز ئىچىڭدىن چىقىدۇ، ئاندىن تېشىڭدىن.

▲«مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا» دېيىلمىگەن بولسا، چوڭلار غېرىبسىنىپ قالمىغان بولاتتى.

▲ ئۇيقۇسىزلىق بىر بولسا غەمدىن، يەنە بىر بولسا كېسەلدىن.

— ئەمەر راخمان

---

ئاپتور: باي ناھىيە سۇچىلىق ئىدارىسى ئونباش يېزا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خادىمى

## تىرەن جەۋھەرلىرى

▲كاللاڭدىن غەم-ئەندىشىنى نېرى قىلغىنىڭ — ئۆزۈڭنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن رېتسىپ يازغىنىڭ.

▲تىرىشساڭ دۇشمىنىڭمۇ ساڭا قايىل بولماي تۇرالمايدۇ.

▲جاۋابسىز قالغان سوئال بىر بولسا قىيىنلىقىدىن، يەنە بىر بولسا ئەتەي جاۋاب بەرمەسلىكتىن بولىدۇ.

▲خاتالىقىنىڭ ئەۋج ئېلىشى — خاتالىقنى توغرا دەپ تونۇغانلىقتىن.

— ئابدۇرەھمجان مۇھەممەت تىرەن

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر سۇنتاغ يېزا شورۇق كەنتىدە پۇقرا

## تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ ئۆلۈپ ئەمەس، بەلكى غەلىبە قىلىپ ھەقىقىي قەھرىمان بولغىلى بولىدۇ.

▲ دانالار دىلىڭنى، قەھرىمانلار يولۇڭنى يورىتىدۇ.

▲ كۈچ تېنىڭنى، ئەخلاق ئابرۇيىڭنى، بىلىم قىممىتىڭنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

▲ نەپسى يامان كېلىدىن، ئېغىزى ئىتتىك تىلىدىن بالاغا قالۇر.

▲ ھۇرۇنغا پۇرسەت كەلمەس، قورقۇنچاققا نۇسرەت.

▲ ياشلىقتىكى بىغەملىك — قېرىغاندىكى موھتاجلىق.

▲ ياشلىق ئۆگىنىش، قىرانلىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، قېرىلىق تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش مەزگىلى.

▲ پەمسىز ئادەم — تەمسىز ئادەم.

▲ غەم قىلغۇچە، پەم قىل.

▲ بىلىشنىڭ ئەڭ ياخشىسى — ئۆزىنى بىلىشتۇر.

▲ ئۆز ئەمەلىيىتىڭدىن ئۆتمىگەن ئىش سېنىڭ ھەقىقىتىڭ بولالمايدۇ.

▲ كۆپ كۆرسەڭ كۆزۈڭ، كۆپ ئاڭلىساڭ زېھنىڭ، كۆپ ئويلىساڭ پىكرىڭ، كۆپ ئىزدەنسەڭ يولۇڭ ئېچىلىدۇ.

▲ پىشمىغان تەدبىر ھالقىلىق ۋاقىتتا چانار.

▲ نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرسەڭ، بېشىڭنى يېگەندە تويىسەن.

▲ ئادەم ئەقىل تاپقانچە، پۇشايماننى پىلانىغا ئۆزگەرتىدۇ.

▲ خىجالەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنى بىلىش.

▲ تاماقتا ئۇن، ياغ، گۆش، تۇز، كۆكتات ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما تەم ئوخشىماس؛ دېمەك، تەمنىڭ ئوخشىماسلىقى، ئىشلەتكەن پەمنىڭ ئوخشىماسلىقىدۇر.

▲پۇرستى كەتكەننىڭ نۇسرىتىمۇ تەڭ كېتىپ قالىدۇ.

▲قانۇنغا ھۆرمەت قىلىش ۋەتەننى سۆيۈشنىڭ، قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىش تەبىئەتنى سۆيۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسى.

▲ھەقىقىي يارامлىق ئادەمدىن بىرى بولمىغان يەردە، ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىنى ياراتماي ئۆتىدۇ.

▲جېدەلى كۆپ ئىشنىڭ بەدىلى كۆپ بولىدۇ.

▲خۇشامەت ــ نەپسىگە قورۇلغان قاپقان.

▲يالغۇز يۈرگەن خىيالچان، توپلىشىپ يۈرگەن گەپدان بوپقالىدۇ.

▲ناخشا چولپانلىرى سەھنىدە، مەرىپەت چولپانلىرى كۆكتە پارلايدۇ.

▲ئەسكى يولنى ئېتىپ ماڭغانلىقتىن، ئارقىغا قايتمىقى قىيىن بولىدۇ

▲ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئىچى بىلەن تېشى ئوخشاش بولمايدۇ.

▲سۆلەتۋاز ئادەم ــ ساختا مالغا ئوخشايدۇ.

▲شۇم ئېغىز ئاھانەتكە، شۇم نىيەت ھاقارەتكە يېقىن تۇرىدۇ.

▲تىرىشقان ئادەمگە بېرىلگەن ياردەم جايىنى تاپقان بولىدۇ.

▲ئىشەنچىسى كەم، ئارىسالدى ئادەم ئىشلىرىنى دوغا تىككىلى ئامراق.

▲قىزىقىش ئوخشىمىغانلىقتىن، خۇشاللىقمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

▲چوڭلارغا مەسلىھەت، كىچىكلەرگە نەسىھەت قىل.

▲بىر نەرسە ئۆز جايىغا چۈشمىگۈچە ئۇنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلماق تەس.

▲ئادەمگە قىلىنغان ئەڭ توغرا مۇئامىلە،ئۇنىڭ ئەجرىگە توغرا باھا بېرىش بىلەن بولىدۇ.

▲سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى سۆزلىيەلىگەن ئادەمنىڭ گېپى قىزىقىشىڭنى قوزغىيالايدۇ.

▲ھەقىقەت ھامان ماھىيەتتىن ئەكس ئېتىدۇ. نادانلار ھەقىقەتنى قىياپەتتىن، ئەخمەقلەر قۇرۇق گەپتىن، پەقەت دانالارلا ماھىيەتتىن ئىزدەيدۇ.

▲قۇرۇق گەپ ھەسەتكە، ئەمەلىي گەپ مەقسەتكە، يالغان گەپ نەپرەتكە ئەڭ يېقىن.

▲ ئۆزۈڭنى ئىزدىسەڭ ئەقىل، ئۆزگىنى ئىزدىسەڭ نەقىل تاپىسەن.

▲بىلىمسىز سوئالدىن قورقىدۇ.

▲بىرى ـ بىرى بىلەن تەڭ تۇرىدىغان ئادەملەر ھەرگىزمۇ ئۆز ئارا ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتەلمەيدۇ.

▲بەش قول تەڭ بولغان بولسا، بىر بارماقنىڭ يەنە بىر بارماققا ھاجىتى چۈشمەيتتى، مۇشتمۇ مۇنچىلىك مەھكەم تۈگۈلەلمەيتتى.

▲بەخت ـ سائادەت مەسئۇلىيەتچان كىشىلەرنىڭ يەلكىسىدە بولىدۇ.

▲ئەر تەر بىلەن يۇيۇلىدۇ.

▲ئوت بىلەن سۇ پەقەت ئارىلىق ساقلىغاندىلا بىرگە تۇرالايدۇ.

▲ئوقۇغۇچىلار سوئال سورىمايدىغان سىنىپتا مۇئەللىم كىنوچىغا ئوخشايدۇ.

▲مەن سېنىڭ دەۋاتقان گېپىڭگە ئەمەس، قىلىۋاتقان ئىشىڭغا ئىشىنەي.

▲ئۆزىنى چۈشەنمىگەن ئادەمنىڭ ھالاكىتى، ئۆزگىنى چۈشەنمىگەن ئادەمنىڭ نادامىتى كۆپ بولىدۇ.

▲ئىشىڭنى، باشقىلارنىڭ نەزەرىدە «سەندىن باشقا ئادەم سەنچىلىك قىلالمايدىكەن» دېگەن ئوينى پەيدا قىلالىساڭ، سەن شۇ ئىشنىڭ نىيىنى ئۇزاققىچە تۇتۇپ يېيەلەيسەن.

▲قەيەر ئاغرىسا جان شۇ يەردە بولغاندەك، نېمىگە موھتاج بولساڭ، قىيىنچىلىقمۇ شۇ يەردە بولىدۇ.

▲«قىلىڭلار» چاقىرىق، «قىل»بۇيرۇق بولىدۇ. چاقىرىقنىڭ مەسئۇلىيىتى يوق، ئەمما بۇيرۇقنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر.

▲سۇقۇنۇپ كىرەلمىگەن، سۇۋۇنۇپ كىرمەكچى بولىدۇ.

▲باپلاش ماختاشتىن باشلىنىدۇ.

▲مەخپىيەتلىكىڭ ــ يېرىم جېنىڭ.

ــ مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

ئاپتور: جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

※ ※ ※

▲ ئىنسان ئۇچۇن ئۆلۈمدىن باشقا ھەممە نەرسە ئۆتكۈنچىدۇر.

▲ مۆجىزە ــ سىز ئەڭ قىيىن تاللاش (شارائىت)قا دۇچ كەلگەندىلا يۈز بېرىدۇ.

ــ ئامانۇللا ھېزبۇللا

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە جايتېرەك يېزا توگتاش كەنتىدە دېھقان

▲ دوستۇڭنى سىناش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر قېتىم سىر بېرىپ باقساڭ كۇپايە.

ــ تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا تۈغبېشى كەنتىدە دېھقان

▲ قانداق كىشى باشقىلارنىڭ نەزەرىدە ئاسانلا ئۆلىدۇ؟ــ دەل ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويماي تۇرۇپ گەپ قىلىدىغانلار.

ــئاينۇر خالىق

ئاپتور: ئۈرۈمچى كەسپلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات ـ تارقىتىش ئىنستىتۇتى قانۇن فاكۇلتېتى 2007 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ناخشىلىرىمىز «پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى»دەك مىللىي ئىپتىخارىمىزنى ئۇيغىتالايدىغان بولسا؛

نەشىر ئەپكارلىرىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدەك ئويلاندۇرالايدىغان، ئۇيالدۇرالايدىغان بولسا.

▲ئايال تېجەشچان ئۆيدە بەرىكەت كۆپ، ئەر تىرىشچان ئۆيدە ھەرىكەت.

▲ئادەمنى مەست قىلىدىغىنى ھاراق، ئادەم قىلىدىغىنى ساۋاق.

ــئابلىز روزى

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزىسىدا پۇقرا

▲ئوغۇل بالىغا «ياۋاش»لىق ئەيىب، قىز بالىغا «قاقباش»لىق.

ــئابلىمىت ئىبراھىم قىيان

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدە پېنسىيەدىكى ئاشپەز

## قانلىق قاداقلار

▲ دۇنيادا ئۆزى ئوخشىمىسىمۇ ماھىيىتى ئوخشايدىغان نەرسىدىن يەنە بىرسى شۆكى، ئۇ ــ ئىت بىلەن خۇشامەتچى.

▲ بۇ دۇنيادا بېشارەتنىڭ خاسىيىتىنى قولۇڭدىن پۇرسەت كەتكەندە بىلىسەن.

▲ قول ھەر قانچە يوغان ۋە كۈچلۈك بولغان بىلەن بەش بارماق بىرلەشمىسە ئۇنىڭدا ھېچنېمىنى تۇتقىلى بولمايدۇ.

▲تارىختىن مەلۇمكى، ئىنسانىيەتنىڭ مۆجىزە ياراتقۇچى تەركىبلىرى

ئۆزىدە ھوقۇق ۋە پۇرسەت بولسىلا ئىرىشمەكچى بولغان بارلىق نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقنى چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ.

ــ مەھمۇتجان يانتاق

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

※ ※ ※

▲ نەتىجە ــ پەقەت ۋە پەقەت نىيەت بىلەن ھەرىكەتكە باغلىق.

ــ سەۋرىدىن ھەنىپىدىن

ئاپتور: قاراماي شەھىرى جەرەنبۇلاق رايونى «نىلۇپەر» مەھەللىسىدە يۇقىرا

▲ سەن ئەل ئىچىدە نەتىجەڭ بىلەن، ئائىلىدە كۆيۈمچانلىقىڭ بىلەن، تۇغقانلىرىڭ ئالدىدا ۋاپادارلىقىڭ بىلەن، دوستلىرىڭ ئالدىدا ساداقىتىڭ بىلەن ئۆز قىممىتىڭنى نامايان قىلالايسەن

ــ مۇھەممەت ھۇسەيىن

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

## تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى

▲ ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماۋەرسە، كىشىلەر بۇنداق تاغقا ئىشەنمەس بوپقالىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى نوپۇزغا قارىماي ھوسۇلغا قارايدۇ.

▲ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولمىغان نەرسىنى ئالما، بولمىسا ھەسسىلەپ تۆلەيسەن.

▲«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىدىن قۇرۇق گەپ ـ سۆز ۋە ئېلانلارنى ئۇچراتمىدىم، بىراق دۇردانىلەرگە كۆمۈلۈپ كەتتىم.

▲ئاياللارنى بۇزغان ئولتۇرۇش بىلەن تانسا، ئەرلەرنى بۇزغان هاراق بىلەن غاڭزا.

ــ ئەمەتجان رېشت تىكەن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتى 2008 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲نادان كۆپ ئەلدە دورامچى تولا، ھۇرۇن كۆپ ئەلدە تىلەمچى.

ــ رېشت مۇھەممەت

ئاپتور: كۇچا ناھىيە خانىقاتام يېزا بوز ئېرىق كەنتىدە دېھقان

▲ ئىلگىرى قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلساڭ، بۇرۇن ھېس قىلالمىغانلىرىڭنى ھېس قىلىسەن.

▲ نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان بالا بەختسىز ئەمەس، بەلكى مەسئۇلىيەتسىز ئاتىدىن، ساپاسىز ئانىدىن تۇغۇلغان بالا ھەقىقىي بەختسىز.

ــ شاھادەتگۈل جالال

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2007ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىسسىقتا ئادەمنى ناھايىتى ئاسانلا ئۇيقۇ باسىدۇ. دېمەك، قىزىق ھېسسىياتلارمۇ سەللا بىخۇدلۇق قىلسا ئادەمنى غەپلەتكە باشلايدۇ.

ــ ئالىيەقىز ئابلىز

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە جام بازار 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3 ـ يىللىق 1ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مەدەنىيىتى يىمىرىلىۋاتقان شەھەردە كىتابخانا ئون دوقمۇشتا بىر، قاۋاقخانا بىر دوقمۇشتا ئون.

▲ ئاپتاپ كۆرمىگەن مېۋىنىڭ لەززىتى يوق، تەربىيە كۆرمىگەن ئادەمنىڭ پەزىلىتى.

ــ ئابدۇۋەلى تۇرسۇن

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئىگەرچى بازار تۆۋەن چاقار كەنتىدە دېھقان

▲ ئايرىلىش ــ قەدرىگە يېتىش.

ــ پەخرىدىن نەبى ئابدۇراخمان

ئاپتور: شەندۇڭ ئۆلكە چىڭداۋ شەھەر لاۋشەن 2ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3ـ يىللىق 5ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## چىرايلىق قەلبىمدە چىرايلىق ئازاب

▲ باينىڭ ئىشى تۈگىمەيدۇ، گادايىنىڭ گېپى.

▲ قانچە چۈشەندۈرگەنسېرى شۇنچە ئاجىزلىشىمەن.

▲مەغلۇب بولغاندا باشقىلارغا يالۋۇرما، شۇنچە ئاجىزلىشىسەن؛ ئۆزۈڭ يول تېپىپ ئىزدەن، شۇنچە غالىبلىشىسەن.

▲ خاتالىقنى ئۆزۈڭدىن ئىزدە، خاتىرجەمسىزلىكلەرنى باشقىلاردىن.

▲ئۇلارغا ئۆزۈڭنى چۈشەندۈرۈپ ئاۋارە بولما، ئۇلار سېنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن سەندىن يىراقلاپ كەتتى.

▲بىز بىرگە، ھەق گەپكە، يەنە بىرگە، نەق گەپكە ئىشىنىمىز.

ــ شەمسىقەمەر ئەبەيدۇللام

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىدا يۇقىرا

## قەلب چىراغلىرى

▲ كۆپ ئىش كۆرگەن قىزلارلا ئوغۇللارنى يىغلىتالايدۇ.

▲ ياش ئادەمنىڭ ئاچچىقى كەلسە يەڭ تۈرەر، ياشانغان ئادەمنىڭ ئاچچىقى كەلسە قاپاق.

▲ گېپىڭنى كۆتۈرمىگەن ئادەم ئېغىرىڭنى كۆتۈرمەس.

▲ دوست ــ نىقاب، دۈشمەن ــ تېپىشماق.

▲ ئۆزىنى چوڭ تۇتقاننىڭ كۆنى يالغۇزلۇقتا ئۆتەر، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقاننىڭ كۈنى قۇلچىلىقتا.

▲ ئىنقىلابىي كىتابلارنى كۆپ ئوقۇغان يولات چىۋىقتەك، مۇھەببەت كىتابلىرىنى كۆپ ئوقۇغان تال چىۋىقتەك ئادەم بولۇر.

▲ ئەقىللىق ئادەم نامزاتى بار ئورۇندا ئولتۇرمايدۇ.

▲ قەھرى بار سەكرەپ، قەرزى بار مۆكۈپ ماڭار.

ــ ئابدۇغەنى توختى تۇغرۇلتېكىن

ئاپتور: ئۈرۈمچى «تۇغرۇلتېكىن» كىتابخانىسىنىڭ خوجايىنى

※ ※ ※

▲ ئىپپىتى بۇزۇلغان قىز ــ چىۋىن چۈشكەن ئاش.

ــ مۇھەممەتجان توختى

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قانۇنشۇناسلىق 2008 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲قىزلار بەش مىنۇتلۇق ھېسسىياتنى دەپ مەڭگۈلۈك پۇشايماندا قالىدۇ.

ــ بۇۋىئايشەم تۇرسۇن

ئاپتور: غۇلجا شەھەر 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىق 12 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲بىرەر ئىشقا يا تەخىرى يوق، يا تەدبىرى يوق ئادەم ھامان زىيان تارتقۇچىدۇر.

ــ تۇردى ھامۇت

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە ئوجمە يېزا رادىيو ئۆزىلىنىڭ خادىمى

▲ ھاياتلىقتا ئىلگىدىكى ھەرقانداق نەرسە پەقەت

www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىشىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان، سەن ھەرگىزمۇ ئۇنى مەڭگۈ ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋالالمايسەن.

— ئابدۇشۇكۇر قاسىم

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە 3- ئوتتۇرا مەكتەپتە بوغالتىر

## مەكتەپتىكى ھېسلار

▲ بىراۋنى چۈشەندىم دېگىنىڭ، تولىمۇ كىچىككەندە ھېس قىلغان نادانلىقتۇر.

▲ ئىنسانلار قاچاندىن بېرى پۇشايمان قىلىشنى باشلىغان؟ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن باشلاپ.

▲ بەزىلەر ياخشىلىقنى تېز ئۇنتۇيدۇ، بۇلار ۋاپاسىزدۇر؛ بەزىلەر يامانلىقنى تېز ئۇنتۇيدۇ، بۇلار ئاق كۆڭۈلدۇر.

▲ ئىنسان ئۈچۈن ئېرىشەلمىگەن نەرسە ئەڭ قەدىرلىك ھېسابلىنىدۇ.

— ئوغۇلنىسا ئەزىز

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2- يىللىق 6- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تەرمىچىلىرى

▲ ئاتاڭنىڭ زارى ئوغلۇڭدىن، ئاناڭنىڭ نالىسى قىزىڭدىن يانار.

▲ ئادەم ئۆز خاتالىقىنى تونىغاندا ھامان كىچىككەن بولىدۇ.

▲ بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئەخلاق — قانۇن، ۋىجدان — سوت، بۇرۇقتۇرمىلۇق - تۈرمە، كۆز يېشى — پۇشايمان، ئۆزىنى تونۇش — ئۆزگىرىش ھېسابلىنىدۇ.

— ئەزىمەت مەشرەپ

ئاپتور: تاجىك، ئاقتو ناھىيە تارتاجىك مىللىي يېزىسىدا مۇئەللىم

※ ※ ※

▲ ھۆرمەت قىلغاننى ئىتائەت قىلدى دەپ قالما.

— گۈلپەرى ئەمەت (ئابىدە)

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 6-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مۇۋەپپەقىيەت ئىشنى قانداق قىلىشقىلا ئەمەس، بەلكى قانداق ئادەمنىڭ قىلىشىغىمۇ باغلىق

▲ پەقەت تونۇشمايدىغانلارلا بىر-بىرىدىن گۇمان قىلىشمايدۇ.

— ئابدۇلېتىپ روزىنىياز

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ئاقسarai ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم.

▲ بىر ئادەم — بىر ھېكمەت.

— ۋارىسجان تۇردى سەۋدا

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 7-ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم.

▲ تەقدىرنىڭ كاجلىقى زارلانغانلارغا، چاقچىقى ئىرادىسىزلەرگە، سېخىيلىقى توختاۋسىز تىرىشقانلارغا مەنسۇپ.

— نۇربىيە توختىنىياز

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە غورۇچۆل بازىرى تۇغلۇق ئالتۇن كەنتىدە دېھقان

▲ سۇغا كىرسەڭ بېلىق بولۇپ، تاغقا چىقساڭ يولۋاس بولۇپ، جاڭگالغا كىرسەڭ بۆرە بولۇپ ياشاشنى بىل.

— ئەركىن ھوشۇر

ئاپتور: قەشقەر «چىيەنخەي»مېھمانخانىسىدا ئاشپەز

▲ ئالىمنى كۆرگەندە سەزگۈر، زالىمنى كۆرگەندە تەتۈر بول.

▲ ھەرىكەتتىن قان، ئەقىلدىن جان ياشىرىدۇ.

▲ ئاڭلىغانغا ئىشەنسەڭ چېگىلىسەن،
كۆرگەندىن ئىبرەت ئال، يېشىلىسەن.

▲ ئاز سۆزلىگەن ئەر كۆيۈملۈك، ئاز سۆزلىگەن ئايال سۆيۈملۈكتۇر.

— ئابدۇۋەلى ئابدۇغېنى خالىس

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە لەڭگەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش كومىتېتى باشتېرىم كەنتىدە دېھقان

▲ كۆزۈمگە ئىلماي تاشلىۋەتكەن يىگىنىنىڭ قەدرىگە ئىشتىنىمنىڭ ئېغى يىرتىلىپ كەتكەندە يەتتىم.

— ئەركىن مۇتەللىپ

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە تۇزلۇقئوتاق كەنتىدە دېھقان

▲ ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەرنىڭ بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى، ھەر ئىشنىڭ «چەك»ىگە رىئايە قىلىش.

▲ چوڭ ئانىسى تەربىيىلىگەن بالا بىر بولسا داڭلىق شەخس، بىر بولسا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان نانقېپى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

— ئىمىنىياز ھەسەن

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە ئايباغ يېزا تۆۋەنكى ئەلمقۇدۇق كەنت مەكتىپىدە مۇئەللىم

▲ پەقەت قىلمىغان ئىشىڭلا مەڭگۈ ئاشكارىلانمايدۇ.

▲ قاتتىق بىزار بولغىنىڭدا ۋە ياكى قاتتىق ئىنتىزار بولغىنىڭدا ۋاقىتنى كۆنىلەپ، سائەتلەپ ھېسابلاشقا باشلايسەن.

— ئەركىن ئابدۇكېرىم تەنھا

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قاغىلىق ناھىيە چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىدە ئوفىتسېر

▲ تەپەككۇر كەپتەرلىرىم دۇنيانى ئايلىنىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۈمىد- تىلەكلىرىم دەپتەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمىدى.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى خالىغانلار كىرىپ ئوقۇيدىغان، بىر قىسىملار بىر-بىرىنى نوقۇيدىغان جەمئىيەتكە خالىس مەكتەپ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەربىر سانىنى ئالتۇن يامبۇ- تىللا ساقلىغاندەك، كۆز قارىچۇقۇمنى ئاسرىغاندەك ئاۋايلاپ ساقلاپ كەلدىم. كەلگۈسىدە بالا-چاقا، نەۋرە-چەۋرە، ئەۋرىلىرىمگە تەۋەررۈك مىراس قىلىپ ساقلاشقا تاپشۇرارمەن دېگەن ئۈمىدتىمەن.

— ھىدايەت ئەھمەت جەرياني

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا باش خانىقا ئېرىق كەنتىدە، پېشقەدەم مائارىپچى

▲ ھەقىقىي چىن دوستقا ئېرىشىشنى ئويلىساڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇ.

— ئەكبەرجان ئابدۇرروسۇل

ئاپتور: ئۈرۈمچى «ئاتلان» تىل تەربىيىلەش مەركىزىدە كۇرسانت


▲ باللىقتا سوئال، ياشلىقتا ئارزۇ، قېرىلىقتا ئارمان كۆپ.

▲ ئادەمنىڭ ئۆمرىدە پەقەت ئۈچلا كۈن بار، ئۇ: تۈنۈگۈن، بۈگۈن، ئەتىدۇر.

— رابىيە ئوسمان

ئاپتور: تۇرپان شەھەر سىڭگىم يېزا بەخت كەنتىدە پوقرا

روھىيەت مەشئەللىرى



# 20- ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى

**يالقۇن روزى**

ئىسلاھات ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يورۇق تېما. ئىسلاھات- ياخشىلاش، تۈزىتىش، ئۆزگەرتىش دېمەكتۇر. يەنى، ۋاقتى ئۆتكەن كونا تۈزۈم، كونا مەدەنىيەت ۋە كونا ئىدىيەلەرنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇپ، تۈزىتىپ، گاھىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ھاياتىي كۈچكە باي يېڭى تۈزۈم، يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى ئىدىيەنى يارىتىش ياكى ئومۇملاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ شەكلى كۆپ خىل، ئۇنۇمى پەرقلىق بولسىمۇ، بىراق ئورتاقلىقى شۇكى، بارلىق ئىسلاھات ئىنتايىن مۈشكۈللۈك ئىچىدە يۈرگۈزۈلىدۇ. شۇڭا ئىسلاھاتچىلار ئالدى بىلەن قورقماس جاسارەت، يىراقنى كۆرەر پاراسەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنداق تۈپ ساپانى ھازىرلىمىغان ئادەمنىڭ ئىسلاھاتچى بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بارلىق داڭلىق ئىسلاھاتچى دەل مۇشۇنداق ساپاغا ئىگە مۇنەۋۋەر ئەزىمەتلەردۇر. 20- ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى، مەشھۇر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام دەل مۇشۇنداق تۈپ ساپاغا ئىگە زات ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتى، ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئىسلاھاتچىلىق پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مىللىي ھاياتىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مەسىلىنى يورۇتۇشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مىسالەن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە جەدىتلىك ھەرىكىتى قاچان، قانداق باشلانغان؟ ئۇيغۇر جەمئىيىتى تاتار مەرىپەتچىلىرى قوزغىغان جەدىتلىك ھەرىكىتىگە ئاۋاز قوشۇپ ئىدىيەۋى ئېقىم پەيدا قىلالىغانمۇ- يوق؟ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جەدىتلىك ئىدىيەسىگە ئىگە مەنىۋى يولباشچىلار بارلىققا كەلگەنمۇ- يوق؟ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى قانداق تەسىر ئاستىدا ئەمەلگە ئاشقان؟ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە مىللىي ئېڭى قاچاندىن باشلاپ ئويغانغان؟ بۇ بىر قاتار مەسىلە بىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىدىيە، ئەدەبىيات تارىخىمىزغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردۇر. مەن بۇ ماقالەمدە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتى، ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە جەدىتلىك پائالىيەتلىرىنى بىر قەدەر مەنتىقىلىق رەۋىشتە بايان قىلىش ئارقىلىق بۇ ئېنىقسىز مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە تىرىشتىم. مېنىڭچە، ئابدۇقادىر داموللام دەۋرى بولغان 1910- يىللاردىكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنى يورۇتقاندا بۇ مەسىلىلەرگە بىر قەدەر روشەن جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئىسلامىيەت تارىخىدا 18- ۋە 19- ئەسىرلەر مىسلىسىز پاجىئەلىك دەۋر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئەسىرلەردە ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى دۇنياۋى ئىككى چوڭ ئىمپېرىيە بولغان تۈرك ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى بىلەن تۈرك

موغۇل ئىمپېرىيەسى كۈنسېرى ئاجىزلىشىپ، قەدەممۇ قەدەم زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ھەم ئاخىرقى ھېسابتا بىرى يوقىتىلىپ، بىرى لىگىشىپ قالغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى، ئافغانىستان ۋە ئىران ئېگىزلىكىدىكى ئۇششاق ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ ھالىمۇ ئوخشاش قىسمەتكە مۇپتىلا بولغان. بۇ ئەسىرلەردە يەنە ئىسلامىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇزاقتىن بىرى يامراپ كېلىۋاتقان ھەر خىل دىنىي مەزھەپنىڭ بىدئەت قاراشلىرى ۋە چاكىنا تەشەببۇسلىرى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدە- ئېتىقادلىرىنى ئىزىدىن چىقىرىۋەتكەن. بولۇپمۇ سوپى- ئىشانلار گۇرۇھى ئىسلام ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سەلتەنەتكە سالجەدەك چاپلىشىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ رېئال دۇنيا ھەققىدىكى جەڭگىۋار قاراشلىرىنى چىرىتىۋەتكەن، تەركىدۇنيالىقنى ئەڭ ئالىي ئەخلاق دەپ داۋراڭ سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھايات سەھنىسىدىن بەخت ئىزدەش غايىلىرىنى سىرلىق خىيالىي تۇيغۇلىرىدىن قانائەت ئىزدەيدىغان ئەھمىيەتسىز ئۇرۇنۇشلارغا بۇرىۋەتكەن. سوپى- ئىشانلار گۇرۇھىنىڭ قايمۇقتۇرۇش كۈچى زور تەشەببۇسلىرى مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ئىزدىنىش ۋە كۈرەش جاسارىتى كەمچىل، مەرىپەت روھى سۇس، ئەقىل كۈچى زەئىپ، ئىمانى مۇجمەل، ئەخلاق ساپاسى تۆۋەن ئاڭقاۋ (نادان) جامائەتكە ئايلاندۇرۇۋەتكەن، تەركىدۇنياچىلىق كەيپىياتى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بۇنداق شارائىتتا ياشىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بارا - بارا خارۇزارلىق كوچىسىدا قېقىلىپ- سوقۇلۇپ ياشاشنى ھار ئالمايدىغان بېپەرۋا جامائەتكە ئايلانغان. قىسقىسى، سوپى- ئىشانلارنىڭ تەركىدۇنياچىلىق تەشەببۇسلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ھورۇنلۇق، چېچىلاڭغۇلۇق، بوشاڭلىق، قاشاڭلىق ئىللەتلىرىنىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۇۋەتكەن. «بۇ سوپىلار دەۋرىدە ئىسلامىيەت دۇنياسى تامامەن ئۇلارنىڭ بوياقلىرى بىلەن بويىلىپ كەتكەن. قەيەردە شەھەر ياكى يېزا بولىدىكەن، ئۇ يەردە سوپىلار بار ئىدى.»[1]

دېمەك، ئىسلامىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ زەئىپلىشىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشكۈنلىشىشى، ئىسلام ئېتىقادىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەھكۇملۇققا يۈزلىنىشى ئېغىر تارىخىي يۈزلىنىش بوپقالغان مۇشۇ دەۋرلەردە ھاكىم مىللەتلەر ھېسابلىنىدىغان ياۋروپا ئەللىرى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە كۈنسېرى قۇدرەت تېپىپ، كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ مەرىپەت روھى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئويغىنىپ، رىقابەت ئىقتىدارى ئېشىپ، ھەر جەھەتتىن قۇدرەت تېپىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ توپ- زەمبىرەكلىك كېمە- پاراخوتلىرى دېڭىز- ئوكيانلارنى تىنىمسىز كېزىپ، زامانىۋى قوشۇنلىرى سەلدەك يامراپ، يېڭىدىن- يېڭى مۇستەملىكە زېمىنلارنى ئىزدىمەكتە ئىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن تولىمۇ سىرلىق ھەم سېھىرلىك ھېسابلىنىدىغان شەرق ئۇلارنىڭ بويسۇندۇرۇش، تالان -تاراج قىلىش نىشانى ئىدى. ئۇلار شەرقنى بويسۇندۇرۇش ۋە تالانت- تاراج قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مەقسەتكە يېتىش يولىدا بىر- بىرى بىلەن تىنىمسىز بەسلىشەتتى. بولۇپمۇ قارا نىيىتى ئېشىپ تۇرغان بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن چاررۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بەس- بەستە زېمىن كېڭەيتىشى نەتىجىسىدە ئىسلامىيەت دۇنياسى شىمالىي ئافرىقا، ھىندىستان چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىندا كەينى- كەينىدىن پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇپ، قۇللۇق كىشەنلىرى بىلەن چەمبەرچاس زەنجىرلىنىپ، ئۇمىد چىرىغى بارغانسېرى خىرەلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي دۈشمەنلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ھەسرەت ئىلكىدە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولماقتا ئىدى.

مانا مۇشۇنداق ئېغىر تارىخىي كۈلپەت ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ تارىخىي شان- شۆھرىتى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ مىللىي ئەرك- ھوقۇقى ۋە مەرىپەتچىلىك روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدىغان شىر يۈرەك مىللىي داھىيلار بىلەن ئوت يۈرەك مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، كۈلپەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشىنى تەقەززا قىلدى. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا بارلىققا كەلگەن ئىسلاھات روھىغا ئىگە ئىسلامىيەت مۇتەپەككۇرلىرى ۋەكىللىكىدىكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ۋە رۇسىيەلىك تاتار جەدىتچىلىرى ۋەكىللىكىدىكى مىللىي گۈللىنىش ھەرىكىتى ئىسلامىيەت دۇنياسىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش قوڭغۇرىقىنى چالدى.

شۈبھىسىزكى، ئىسلاھات روھى كۈچلۈك ئىسلامىيەت مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى تەلىماتى يېقىنقى زامان ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىدىكى مۇھىم تۈرتكە ھېسابلىنىدۇ. خۇددى زامانىمىزدىكى خەنزۇ تەتقىقاتچى سەي دېگۈي ئېيتقاندەك: «ئىسلام مىللەتلىرى ئاجىزلاشقان ۋە قۇل قىلىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بۇ مىللەتلەرنىڭ جاسارىتى ۋە ئىشەنچىنى ئەسلىگە كەلتۈردى»، «ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىدىيەسى ۋە تىنماي كۈرەش قىلىش روھى شەرق ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى گۈللىنىشىگە يېتەكچى بولدى». تېخىمۇ توغرىراقى، «ئۇلارنىڭ تەلىمى تالاش- تارتىشسىز ھالدا شەرقتىكى ئىدىيە گۈللىنىشىنىڭ بەلگىسى بوپقالدى.»[2] 19- ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ دۇنياۋى مۇتەپەككۇر ھېسابلىناتتى. چۈنكى، ئۇلار «بىرەر ئىسلام دۆلىتىگە بارسا، شۇ دۆلەتنىڭ زېمىنىدىكى چىرىك ھۆكۈمرانلارغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كۈچلۈك ئىنقىلاب يالقۇنىنى ئۇتاشتۇرۇۋېتەتتى.»[3] ئۇلارنىڭ ھاياتىدا كىشىلەرگە قالدۇرغان گەۋدىلىك ۋە چوڭقۇر تەسىرى ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى ۋە ئويغىنىشىنى ئارزۇ قىلىش ھەم مۇستەملىكىچىلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسى ھەمدە مۇشۇ يولدا باش ئەگمەي باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش روھىدىن ئىبارەت. «مۇشۇ تەشەببۇس ئاساسىدا، ئۇلار سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ساھەدىكى بىرقاتار چوڭ مەسىلىدە پەيلاسوپنىڭ مەنتىقى چوڭقۇرلۇقى ۋە باتۇرلۇقىنى، سىياسەتچىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە قەتئىيلىكىنى، دىنىي ئىسلاھاتچىنىڭ ئەقىل- پاراستى ۋە ئوچۇق- يورۇق خىسلىتىنى ئىپادىلىدى.»[4] ئۇلار مەسىلىنى رەت قىلغۇسىز دەرىجىدە ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئۇلار، تەبىئىي پەنلەر روھى تامامەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىسلامىيەت دۇنياسىدا تەبىئىي پەنلەر روھىنى ئويغىتىش ئۈچۈن «خۇدا ئىككى كىتاب

ئەۋەتكەن، ئۇنىڭ بىرى «قۇرئان»، يەنە بىرى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەت. بىر مۇئەللىپ يازغان بۇ ئىككى كىتاب بىر- بىرىگە زىت ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىش، ئۇنى ئۆگىنىش لازىم»[5] دېيەن. ئۇلار يەنە مۇنداق قارىغان: «كېيىنكى كۈنلەردە ئىسلام دىنىنىڭ قاتارىغا ھەر خىل تەركىبتىكى كىشىلەر كىرىپ، ھەر خىل ئىدىيە فورماتسىيەسىنىمۇ ئېلىپ كىرىپ، ھەر خىل غەيرىي ئەقىدىنى شەكىللەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپلا قالماستىن، كۈچلۈك تەسىر ۋە كۈچ ھاسىل قىلىپ، ئىسلام دىنىنى ئەسلىدىكى ئەقىدە ۋە پىرىنسىپلاردىن چەتلىتىۋەتتى. دىندا پائال كۈرەش قىلىدىغان روھ تۈگىدى. كونىلىقتا يېپىشىۋېلىش، پاسسىپلىق بىلەن كۈتۈش مۇسۇلمانلارنىڭ «نېسۋىسى» بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن دەۋرنىڭ ئالغا بېسۋاتقان ئېقىمىدىن ئايرىلىپ قالدى.» شۇڭا ئۇلار «ئىسلاھاتنى دىنىدىن باشلاش، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئىدېئولوگىيەسىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاش كېرەك، دەپ قاراپ، مۇسۇلمانلارنى دەۋرنىڭ ئالغا بېسۋاتقانلىقىنى تونۇشقا، بۈگۈنكى دۇنيادا قاتاردا تۇرماقچى بولىدىكەن، جاپالىق ئىشلەش، تىرىشىپ ئىجاد قىلىش ۋە قۇرۇشقا، ئۆتكەنكى شان- شۆھرەتنى مەدھىيەلەش بىلەن مەمنۇن بولۇپ يۈرمەستىن، ھازىرقى زامان پەن- مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا چاقىردى؛ دىن بىلەن پەننىڭ، دىن بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى كۈچەپ تەرغىب قىلدى. ئۇلار يەنە پەن بىلەن دىن زىت ئەمەس، دىن پەننى ئىنكار قىلمايدۇ، پەنمۇ دىننى ئىنكار قىلمايدۇ، دەلىللەش پىرىنسىپى ۋە قانۇن چىقىرىش پەرقلىنىدۇ، يەكۈنى ئوخشاش. شۇڭا مۇسۇلمانلار پەن بىلەن دىننى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويماي، ھازىرقى زامان پەن- تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشى لازىم، دەپ قارىدى.»[6]

ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى ئاڭ ئويغىنىشىغا ماس قەدەمدە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىمۇ ئىسلاھات ئىدىيەسى شەكىللەندى. بۇ خىل ئىدىيە جەدىتچىلىك دەپ تەرىپلەندى. جەدىتلىك زامانىۋىلىشىش، يېڭىلاش ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇ، ئىسلامىيەتنىڭ قىممەت قارىشى ئاساسىدا، ياۋروپانىڭ ئىلغار پەن- مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى مىللىي مەدەنىيەتكە خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىدى. جەدىتلىك ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارلىرى رۇسىيەنىڭ قىرىم ھەم ئېدىل - ئۇرال بويلىرىدىكى تاتارلار ئارىسىدىن چىققان مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئىسلاھاتچىلار ئىدى. ئۇلار تۈركىي خەلقلەر دۇچ كەلگەن تارىخىي كىرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ قىرىم يېرىم ئارىلى، ئۇرال- ئېدىل بويلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئاڭ جەھەتتىكى ھەقىقىي ئويغىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپ كىمنىڭ دوست، كىمنىڭ دۈشمەنلىكىنى، نېمىنىڭ زالالەت، نېمىنىڭ سائادەت ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان نادان خەلققە كېلەچەكنىڭ داغدام يولىنى كۆرسەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەنلىكىدە ئىپادىلەندى. ئۇلار رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە قايغۇرۇپ، چاررۇسىيە ھاكىمىيىتى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى، دەپ قارىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەھكۇم خەلقتە زۇلۇمنى ھېس قىلىدىغان ئاڭ بولمىسا، ئۇلار زۇلۇمنى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى مەزمۇنى سۈپىتىدە ھېس قىلىپ كېتىۋېرەتتى.

زادى قانداق قىلغاندا كىرىزىس ئېچىنى ئويغىتىپ، زاماننىڭ زۆرۈرىيەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرگىلى، مىللىي ئاڭنى ئويغىتىپ، ھۆرىيەت روھىنى شەكىللەندۈرگىلى، خۇراپاتلىققا خاتىمە بېرىپ ئەقىدىنى ساپلاشتۇرغىلى، نادانلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ مەرىپەت روھىنى تىكلىگىلى، خارلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، بوشاڭلىق، قاشاڭلىق ئىللەتلىرىنى تۈگىتىپ، گۈللىنىش يولىغا قەدەم قويۇپ، ئاخىرىدا قۇللۇق كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغىلى بولىدۇ؟ مانا بۇ ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى دىنىي مۇتەپەككۇرلار بىلەن مىللىي داھىيلار پىداكارلىق بىلەن ئىزدىنىدىغان، ئويلىنىدىغان جىددىي مەسىلە ئىدى.

20- ئەسىرنىڭ 10- يىللىرى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا قانات يايغان مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، مەشھۇر جەدىتچى ئالىم ئابدۇلقادىر داموللا ئىبنى ئابدۇلۋارىس كاشغەرىي(ئەزىزىي) خەلقىمىز ئارىسىدىن چىققان ئەنە شۇنداق ئوي- ئارزۇدىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى مۇتەپەككۇر ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام بىلەن زاماندىش مەشھۇر شائىر، ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى ھۆسەينخان قۇتبىددىنشاھ تەجەللىي ھەزرەتلىرى (1856— 1925) نىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا: ئابدۇقادىر داموللام نازۇكلۇقتا روھقا، ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىدە تاغقا، ئىلمىنىڭ موللۇقىدا دېڭىزغا ئوخشايتتى.[7] ئەپسۇسلىنارلىقى، مىللىي ھاياتىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچى ھېسابلىنىدىغان ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان بارلىق چوڭ- كىچىك ئەسەردە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھايات پائالىيىتى مۇجمەللەشتۇرۇۋېتىلگەن، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى تەھلىل قىلىنمىغان، ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچلىرى روشەن يورۇتۇلمىغان. شۇڭا سىستېمىلىق باغلىنىش يوق بوپقالغان. بىر ئىدىيەنىڭ شەكىللىنىشى مۇئەييەن ئارقا كۆرۈنۈش ۋە مۇئەييەن باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈشتىن خالىي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مەن ئىزدىنىش، دەلىللەش، مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئابدۇقادىر داموللامنىڭ پائالىيىتى، ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈش ۋە باسقۇچلارنى سىستېمىلىق بايان قىلىشقا تىرىشتىم.

ئابدۇقادىر داموللام 1870- يىلى قەشقەر ئاتۇشنىڭ مەشھەدكە تۇتاش باغئېرىق كەنتىدە ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.[8] مەشھەد — قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ساتۇق بۇغراخان ئابدۇلكەرىم بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىي دەپنە قىلىنغان مەشھۇر جاي. تارىختا ئۆتكەن سەلتەنەت ئىگىلىرى بىلەن ساخاۋەتچى بايلار سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئابدۇلكەرىم بىلەن ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەبرىگاھ يېنىغا مەسچىت، مەدرىسە، خانىقالارنى تەمىر قىلغان. ئابدۇقادىر داموللام دەسلەپكى

www.uyghurkitap.com

مەلۇماتنى مانا مۇشۇ يەردىكى «ھەز (ھەزرىتى) سۇلتان مەدرىسەسى» دە ئالغان.[9] يېشى 20 لەرگە ئۇلاشقاندا قوقانغا چىقىپ ئىككى يىل ئوقۇغان.

ئەينى يىللاردا بۇخارادا ئوقۇش ئەللامە بولۇشنىڭ يولى ئىدى. چۈنكى، 15 ـ ئەسىردىن كېيىنكى بۇخارا ئىسلام دىنى ئىلمى بويىچە نوپۇزلۇق ئالىملار ۋە مەشھۇر مەدرىسەلەر توپلانغان جاي ئىدى. شۇڭا، «سەمەرقەند سەيقىلى ئالەم، بۇخارا قۇۋۋىتى ئىسلام»[10] دەپ ئۇلۇغلانغانىدى.

ئابدۇقادىر داموللام ئاتۇش ۋە قوقاندا ئىگىلىگەن بىلىملىرىگە قانائەت قىلماي، ئىلىمدە كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن بۇخاراغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى «ئابدۇلئەزىزخان مەدرىسەسى» گە ئوقۇشقا كىرىپ، دىنىي ئىلىمنىڭ ھەر قايسى تۈرى بويىچە ئەتراپلىق مەلۇمات ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، ئەدەبىيات، تارىخ، ئىلمى مەنتىق، ھېساب ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئۇ، بۇخارادا مەۋلانە ئابدۇررەززاقىي، بۇخارا مۇپتىسى ئىۋەز خوجەندىي، قوقاننىڭ شەيخۇلئىسلامى داموللا ئۇلۇغخان تۆرەملەردىن دەرس ئالغان.[11] ئابدۇقادىر داموللام 1907 ـ 1909 ـ يىللاردا بۇ ئۇستازلىرىنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان مەرسىيەلىرىدە ئۇلارنى يۈكسەك ھۆرمەت ۋە قايىللىق ھېسسىياتى بىلەن مەدھىيەلىگەن. بۇخارا شەھىرى ئەسىرلەردىن بېرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەلىم ـ تەربىيە ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەنىدى. مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى باھاۋىددىن نەقشبەندىي بەرپا قىلغان نەقشبەندىيە ئېقىمىنىڭمۇ مەركىزى ئىدى. شۇڭا ئىسلام دۇنياسىدا «بۇخارائىي شەرىف» دەپ ئۇلۇغلىناتتى. بۇ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي جەريان بۇخارادا مەدرىسە مۇدەررىسلىرى بىلەن دىنىي ئۆلىمالار يېتەكچىلىكىدىكى كۈچلۈك بىر قەدىمچىلىك ئەقىدىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بولۇپمۇ بۇخارا ئەمىرى ئابدۇللاخان زامانىدا شەيخۇل ئۆلىماللىققا تەكلىپ قىلىنغان مىرزاجان شىرازىي دۇنياۋى پەنلەرنى ئوقۇتۇشنى چەكلەش جەھەتتە سەلبىي ئۈلگە تىكلىگەن. مۇتەئەسسىپ خاراكتېرگە ئىگە بۇ ناچار ئۈلگە ئۈچ ئەسىر جەريانىدا كەڭ ئومۇملاشقان. شۇڭا قىرىم ۋە ئۇرال ـ ئىدىل بويلىرىدىكى تاتارلار ئارىسىدا تېز ئۇلغىيىۋاتقان جەدىتلىك پىكىر ئېقىمى بۇخارادا كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرىغان. بۇ مۇتەئەسسىپ قەدىمچىلەر جەدىتلىكنى ئىسلامغا قارشى بىر ھەرىكەت شەكلىدە كۆرەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇخارادىكى ئىسلام مائارىپى كېيىنكى چاغلاردا كۆپىنچە مېڭىنى چىرىتىدىغان بىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان قالاق مائارىپ بوپقالغان. بۇخارا مەدرىسەلىرى ئىلغارلىق ۋە تەرەققىياتنى جان ـ جەھلى بىلەن چەتكە قاقىدىغان ئىدىيەنى تارقىتىش بىلەن تونۇلغان. ئابدۇقادىر داموللام بۇنداق قالاق مائارىپنىڭ زىيانلىق تەسىرىدىن قانداق قۇتۇلغانلىقىنى 1916 ـ يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىغا يازغان «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق بايان قىلغان: «ساپ ۋىجدانىمنىڭ ۋە بەزى ھەقىقەتچى زاتلارنىڭ سۆز ـ سۆھبىتى ھەم يول كۆرسىتىشلىرى بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا ھاسىل بولغان خۇراپاتلىق ۋە گۇمانخورلۇق زۇلۇماتىدىن، شۇنداقلا مەنتىق، كالام، پەلسەپە كىتابلىرىنىڭ شەرھ ـ ھاشىيەلىرى، قاتمۇقات، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەپسەتىلىرىدىن ھاسىل بولغان خۇراپات زەنجىر ـ كىشەنلىرىدىن ئەقىل ـ پىكرىمنى ئازاد قىلدى.»

ئابدۇقادىر داموللام بىلەن سۆھبەتلەر قۇرغان ھەم ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكەن «ھەقىقەتچى زاتلار» كىم بولۇشى مۇمكىن؟ بۇ ھەقىقەتچى زاتلار ھەققىدە ئابدۇقادىر داموللام ئېنىق قىلىپ مۇنداق يازغان: «بۇخارادا ھاشىيەخانلىقتىن زەھەرلەنگەن ئەقىل ۋە پىكرىمنىڭ شىپا تاپماقلىقىغا يەنە بىر سەۋەب: بۈيۈك ئالىملاردىن ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەييۇم جەۋزىي، جامالىددىن ئافغانىي ۋە شەيخ مۇھەممەد ئابدۇھ ھەزرەتلەرىنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇتالىئە ـ مۇلاھىزە قىلماق ۋە ھازىرقى زاماندىكى ‹تەرجىمان›، ‹ۋاقىت›، ‹شۇرا› كەبى پايدىلىق گېزىت ۋە ژۇرنال مەسلەكلىرىگە ئەگەشمەك بولدى.» بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىسلاھات ئېڭى ۋە جەدىتلىك ئىدىيەسى بۇخارادىكى ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شەكىللىنىشكە باشلىغان.

ئابدۇقادىر داموللام بۇخارادىكى ئوقۇشنى تاماملاپ 20 ـ ئەسىرنىڭ ھارپىسىدا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. تۇنجى نىكاھى كۆڭۈلدىكىدەك بولماي، ئىككىنچى قېتىم نائىلە ئىسىملىك قىزنى ئەمرىگە ئالغان. 1902 ـ يىلى ئاۋغۇستتىكى قاتتىق يەر تەۋرەشتىن كېيىن بىر يىل ئۆتكەندە، يەنى 1903 ـ يىلى 33 يېشىدا تۇنجى پەرزەنتى ئابدۇلئەزىز مەخسۇم دۇنياغا كەلگەن. ئابدۇقادىر داموللام ئوقۇشنى يېڭىدىن تۈگىتىپ كەلگەن ياش داموللا بولۇش سۈپىتى بىلەن قەشقەردىكى ئومۇمىي ئېقىم ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن. ئۇ، بىخ ھالىتىدىكى يېڭى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەسىر پەيدا قىلىشقا پېتىنالمىغان. چۈنكى «ياۋروپا ئەللىرىدە مائارىپ ـ مەرىپەتچىلىك ئىشلىرى تازا يۈكسىلىۋاتقان شارائىتتا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دەل بۇنىڭ تەتۈرىسىچە جاھالەت، يەنى ئاڭ، بىلىم، پىكىردە قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى.»[12] ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلغاندىن كېيىن، ھەج پەرزىنى ئادا قىلماق چەت ئەللەردىكى ئىسلاھات ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش مەقسىتىدە 1906 ـ يىلى مەككىگە بارغان. ھەجنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىستانبۇلدا ئىككى ئاي تۇرۇپ مىسىرغا بارغان. ئۆزىنىڭ يېزىشىچە، مىسىردا تاتار تالىبلارنىڭ ياردىمىدە داڭلىق يېڭىلىقپەرۋەر مۇتەپەككۇر شەيخ رەشىد رىزا، «ئەللىۋا» ژۇرنىلىنىڭ باشلىقى مۇستاپا كامىل، تەھزىرىيە مەدرىسەسىنىڭ مۇدىرى سەييىد مۇھەممەد ئەپەندى قاتارلىق زاتلار بىلەن پىكىرلەشكەن. ئىسلاھات روھىغا باي ئەدەب ـ ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ، مىسىردا ئىككى ئاي تۇرۇپ، ئاندىن ۋەتىنىگە قايتقان. ئۇ بۇ قېتىم خېلى غەيرەت قىلىپ قەشقەر ئاھالىسىنى تەرەققىيات ۋە جەدىتچىلىك ئىسلاھاتىغا دالالەت قىلىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ ياشلارغا خاس قىزغىن ھېسسىيات بىلەن قىلغان بۇ دالالەتلىرى خۇراپاتلىق، نادانلىق، قاششاقلىق ۋە ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپلىكنىڭ قاتمۇ قات چاڭ ـ توزانلىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان قەشقەر دىيارىدا ئەكسىچە ئۈنۈم بەرگەن،

مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار ئۇنىڭغا بىردەك ئۆكتە قوپقان. ئىككى ئوتتۇرىدىكى تۈپ زىددىيەت مەدرىسە- مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش مېتودى- ساۋاق ئۇسۇلى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى يېڭىلاش، يېڭىلىماسلىق مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەن. ئابدۇقادىر داموللام ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنىنى يېڭىلاشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن ئىلغار زات ئىدى. ئۇ، مەشھۇر تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ ئىدىيە- تەشەببۇسلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. كونىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتمال بولغاچقا جەدىتچىلەر قەتئىي ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. داڭلىق تاتار جەدىتچى ئالىم رىزائىددىن ئىبنى فەخرىددىن (1858—1937) «ساۋاق (دەرس) ئۇسۇلىغا رىئايەت» دېگەن ماقالىسىدە كەسكىن قىلىپ «ساۋاق ئۇسۇلى ۋە تەربىيە قائىدىسى بۈيۈك ۋە شۇ نىسبەتتە مۇبارەك بىر پەن. ساۋاق ئۇسۇلىغا رىئايە ئەتمىگەن مۇئەللىم ئۆز ئېتىبارسىزلىقى سەۋەبىدىن بالىلارنىڭ زېھنلىرىنى ئەزمەكتىن ئۆزگە بىر پايدا كەلتۈرمەس. بالىلارنى بۇنداق مۇئەللىملەرگە بەرگەندىن كۆرە، ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ھاللىرىغا قالدۇرغان ياخشىدۇر. ھازىر تەلىم رەۋىشلىرى (ئۇسۇللىرى، شەكىللىرى) نى ئۆزگەرتىپ يېڭىلاشقا زامان بىزلەرنى تەقەززا قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ زات ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى يېڭىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «رۇس ۋە پەرەڭلەر (ياۋروپالىقلار) دە بولغان ئاجايىپ ئىختىرالارنىڭ بارچىسى پايدىلىق ئىلىملەر تەلىم ئېتىلمەك سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەندۇر. ئۈستىمىزدىكى كۆڭلەكلىرىمىز، ئاستىمىزدىكى كۆرپىلىرىمىز، چانايۇ- ھارۋىلىرىمىز، ھەتتاكى سىياھۇ- قەغەزلىرىمىز، قىسقىسى، يالىڭاچ تېنىمىزدىن باشقا نېمىمىز بار بولسا، بارچىسى شۇلار قولىدىن ئىشلىنىپ چىققانلىقى، ئۇلاردا تەربىيە دۇرۇس بولۇپ، بىزلەردە دۇرۇس بولمىغىنى ئۈچۈندۇر. لېكىن بىزلەر قاچانغىچە ئەل- ۋەتەننىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن زەررىچە پايدا كەلتۈرمىگەن كىتابلاردىن ساۋاق بەرمەك بىلەن بالىلارنىڭ زېھنلىرىنى زەھەرلەپ، ئىستىقباللىرىنى بەربات ئېتۇرمىز؟!»[13] ئەمما قەشقەر ئۆلىمالىرى ئىسلاھات دېگەن ئاتالغۇغا بۇخارا مۇدەررىسلىرىگە ئوخشاشلا سوغۇق قارىغاچقا ئابدۇقادىر داموللامنى قاتتىق چەتكە قېقىپ يېتىم قالدۇرغان. نەتىجىدە ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە تۇرالماي، 1909- يىلى يەنە قوقان، تاشكەنت، بۇخارا تەرەپلەرگە يول ئالغان.

ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە بارغاندىن كېيىن بۇ جايلاردىكى يېپيېڭى جانلىنىش مەنزىرىسىنى كۆرگەن. قىرىملىق مۇتەپەككۇر ئىسمائىل غاسپرالى قوزغىغان جەدىتلىك ھەرىكىتى بۇ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتاتتى. جەدىتچە مەكتەپلەرنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىۋاتاتتى. «تەرەققىي»، «خۇرشىد» دېگەن گېزىتلەر نەشر قىلىنىۋاتاتتى. مۇنەۋۋەر قارىي ئابدۇرەشىدخان، ئابدۇللا ئەۋلانىي، مەھمۇد خوجا بەھبۇدىي قاتارلىق جەدىتچىلەر سەپنىڭ ئالدىدا رول ئويناۋاتاتتى. ئابدۇرەئوف فىترەت باشچىلىقىدىكى جەدىتچىلەر بۇخارا ئەمىرلىكى تەۋەسىدە بۇخارا ئەمىرىنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە بېسىملىرىغا قارىماي ئوقۇتۇش ساھەسىگە ئوخشاش، سىياسىي ساھەلەردىمۇ ئىسلاھات ۋە ئويغىنىش ۋەزىيىتىنى يارىتىشقا تىرىشماقتا ئىدى. قازان، ئورىنبۇرگ، ئۇفا قاتارلىق شەھەرلەردىكى تاتار مەرىپەتچىلىرى بۇ مەزگىلدە ئاللىبۇرۇن دەۋرنى يېتەكلەيدىغان ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە زىيالىيلار قوشۇنى بولۇپ شەكىللىنىپ بولغانىدى. ئۇلار ئالىي مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، گېزىت- ژۇرناللارنى چىقىرىپ، كىتابلارنى نەشر قىلىپ جەدىتلىك ھەرىكىتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈپ بولغانىدى. ئەھمەد ھادىي مەقسۇدىي، رىزائىددىن ئىبنى فەخرىددىن، يۇسۇف ئاقچۇرا، مۇسا جارۇللا، ھەسەن سەبرىي قاتارلىقلار داھىي سۈپەت جەدىتچىلەرگە ئايلانغانىدى. بەختكە يارىشا، ئابدۇقادىر داموللام بۇخاراغا بارغان مەزگىلدە بۇخارا ئۆلىمالىرى ئىدىيەدە مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆزگىرىش ياسىغان بولۇپ، ئىلگىرىكى «ئۇسۇلى جەدىت ھارام، ئۇنى ئوقۇغۇچى دەھرىي» دېگەن پەتىۋا ئورنىغا «ئۇسۇلى جەدىت ۋاجىب، ئۇنى ئوقۇش زۆرۈر» دېگەن پەتىۋانى مەيدانغا چىقارغانىدى. بۇخارا تاجىكلىرى ئارىسىدىن چىققان مەشھۇر جەدىتچى ئەدىب سەدرىددىن ئەينىنىڭ يېزىشىچە، ئىسمائىل غاسپرالى 1908- يىلى بۇخارا ئەمىرلىكىگە زىيارەتكە كەلگەندە جەدىتچە مەكتەپ ئېچىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ئۆلىمالارنى چاقىرغان. مۇزاكىرىدە موللا نىزامىي دېگەن كىشى بۇخارا ئەمىرى ئابدۇلئەھەدتىن مەكتەپ ئېچىشقا مەخسۇس ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. مۇزاكىرىگە قاتناشقانلار مەكتەپنىڭ ئىسمىنى «ئىسمائىلىيە» قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما ئىسمائىل غاسپرالى بۇنى مۇۋاپىق كۆرمەي، بۇخارا ئەمىرىنىڭ دادىسى مۇزەففەرىددىننىڭ ئىسمى بويىچە «مۇزەففەرىيە» قويۇش تەكلىپىنى بەرگەن. مانا بۇنىڭدىن جەدىتچە مەكتەپ ئېچىش بۇخارا ئەمىرلىكى تەۋەسىدە ئۆلىمالار ۋە ئەمىرنىڭمۇ ئىدىيەسىدىن ئۆتۈپ، ئومۇمىي قىزغىنلىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ شەھەرلەردە جەدىتلىك ھەرىكىتىنىڭ بۇنداق تېز جانلىنىشىغا 1905- يىلدىن 1908- يىلغىچە بولغان قىسقىغىنە تۆت يىل ئىچىدە چاررۇسىيە، ئىران، ھىندىستان ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىدە يۈز بەرگەن ئىنقىلابلار سەۋەب بولغانىدى.

1904- يىلى پارتلىغان چاررۇسىيە بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا رۇسىيە مەغلۇب بولۇپ، خەلقئارادا ئېغىر ئاھانەتكە قالغان. شۇ سەۋەبتىن چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىتلىكىدىن نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان پېتېربۇرگ ۋە موسكۋا شەھەرلىرىدىكى زىيالىيلار ۋە ئىشچىلار 1905- يىلى ئىنقىلاب قوزغىغان. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب ئارقىلىق چار پادىشاھ نىكولاي II شۇ يىلى ئۆكتەبىردە «ئۆكتەبىر باياناتى» نى ئېلان قىلىپ دۇما تۈزۈمى، سۆز ئەركىنلىكى، مەتبۇئات ئەركىنلىكى ۋە يىغىلىش ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۈچ يىلچە داۋام قىلغان بۇ خىل دېموكراتىك سىياسىي مۇھىت رۇسىيەنىڭ زۇلمىنى چېكىۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ مىللىي ۋە سىياسىي ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. نەتىجىدە، ھەر خىل ئىجتىمائىي، سىياسىي تەشكىلات بارلىققا كەلگەن. رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە شۇ يىلى پېرسىيە، يەنى بۈگۈنكى ئىراندا بۇرژۇئا ئىنقىلابى قوزغالغان. تېھران خەلقى

كەڭ كۆلەملىك يېغىلىش ئۆتكۈزۈپ ساتقىن باش ۋەزىرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. خەلقنىڭ بېسىمى ئاستىدا پېرسىيە پادىشاھى 1906- يىلى ئىيۇلدا خەلقنىڭ ئىشەنچىسىدىن قالغان باش ۋەزىرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرغان ھەم مىللىي پارلامېنت تەسىس قىلىشقا قوشۇلغان. 1906- يىل 7- ئۆكتەبىردە پېرسىيەنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك بۇرژۇئاچە ئاساسىي قانۇنى ماقۇللانغان. ئۇنىڭدا پېرسىيە پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق دۆلەت، پارلامېنت ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان، پۇقرالار يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، مەتبۇئات، سۆز ئەركىنلىكى ۋە مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە، خۇسۇسىي مۈلۈك دەخلىسىز؛ ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى، دەپ بەلگىلەنگەن. ئىسلامىيەت دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالغان بۇ ئىسلاھاتتىن بۇرژۇئازىيە سىنىپى شەكىللىنىپ بولغان مىللەت ۋە رايونلار كۈچلۈك تەسىرگە ئۇچرىغان. ئۇزاقتىن بېرى بىرىتانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ دەردىنى تارتىپ كېلىۋاتقان ھىندىستاندا D.G.Tilak نىڭ رەھبەرلىكىدە 1905- يىلى مىللەتچى سىياسىي تەشكىلات «ھىندىستان ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى» قۇرۇلغان. 1906- يىلى دىنىي سىياسىي تەشكىلات «ھىندىستان مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى» قۇرۇلغان، ئاغاخان رەئىسلىككە سايلانغان. ھىندىستاندىكى بۇ ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار تۆرلۈك يول بىلەن بىرىتانىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرغان. بۇ، تەبىئىي ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرۇش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەرگەن. 1908- يىلى لىڭشىپ قالغان ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ مەركىزى ئىستانبۇلدا «بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى» قوزغىغان، «مۇستەبىت سۇلتان» دەپ نام ئالغان ئابدۇلھەمىد ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلاب پارتلىغان. ئىنقىلاب نەتىجىسىدە سۇلتان ئابدۇلھەمىد پارلامېنت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئىنقىلاب ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ قەلبىنى زەرەتلىگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە 1905- يىلدىن 1910- يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئىسلاھات ئۆزگىرىشلىرىدىن چوڭقۇر ئىلھام ئالغان.


ئابدۇقادىر داموللام قوقان، تاشكەنت ۋە بۇخارادا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىتچىلىرىنىڭ ئىسلاھات تەجرىبىلىرى، جەدىتلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشقاچ «جاۋاھىرۇل-ئىيقان»، «مىفتاھۇل- ئەدەب» («ئەدەبىيات ئاچقۇچى») ناملىق كىتابلىرىنى پۈتكۈزگەن. «مىفتاھۇل-ئەدەب» 1910- يىلى سىراجىددىن مەخدۇمنىڭ كۆچۈرگەن قوليازمىسىغا ئاساسەن تاشكەنتتىكى «غۇلامىيە» مەتبەسىدە بېسىلغان.[14] شۇ جەرياندا ئابدۇقادىر داموللام يەنە تاشكەنتلىك مۇراد خوجا پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان «تۈركىي گۈلىستان» ناملىق كىتابقا تەكلىپ بىلەن شېئىرىي تەقرىز يازغان. ئابدۇقادىر داموللام پىكرى ئۆتكۈر، بىلىمى مول، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۈستۈن، ئىسلاھات ئارزۇسى كۈچلۈك كىشى بولۇش سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىتچىلىرى بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگەن. ئۆزىنىڭ ئىسلاھات نىيىتى، جەدىتچە مەكتەپلەرنى ئېچىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن«بىدايەتۇس- سەرب»، «بىدايەتۇن- نەھۋى»، «تەسھىلۇل- ھېساب» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ قەشقەرلىك تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەر نورۇززادە ھاجى مۇھەممەد ئەلى، ئابدۇرېھىمئاخۇن، مەھمۇد ئاخۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قازان شەھىرىدىكى «مىللەت» مەتبەسىگە بېسىپ بېرىش ھەم قەشقەرگە ئەۋەتىپ بېرىشكە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇ، تاشكەنتتىكى مەزگىلىدە تۈزگەن «مىفتاھۇل-ئەدەب» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە سەممىيلىك بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىقتىدارلىق كىشىلىرىگە «ئىلگىرىكى ياخشى ئالىملارنىڭ يولىدا مېڭىپ، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە ئالىي مائارىپنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقايلا» دەپ مۇراجىئەت قىلغان. بۇ پاكىتلاردىن بىز ئابدۇقادىر داموللامنىڭ نوپۇزىنىڭ كۈچىيىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى ئابرۇيلۇق ئۆلىمالار ۋە جەدىتچىلەردىن بىرى بوپقالغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. دېمەك ئۇ ئاناۋەتىنىدە تاپالمىغان ئابرۇي- ئىناۋەتنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە تاپقان. ئەمما، ئۇنىڭ تۈپ غايىسى ئانا ۋەتىنىدىكى جاھالەت تۈتەكلىرى ئىچىدە تىمىسقىلاپ يۈرگەن مەزلۇم قېرىنداشلىرىنى ئادەمدەك ئاڭ ۋە ئارزۇ بىلەن ياشاش يولىغا باشلاش ئىدى. ئابرۇي- ئىناۋەتنى ئېشىپ، ئىشەنچىسى كۈچىيىپ، غايىسى پىشىپ يېتىلگەن ئابدۇقادىر دامولام تەرەققىيات ۋە يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇش جەھەتتە شىنجاڭ بويىچە ئالدىدا كېتىۋاتقان شەھەر -غۇلجىغا 1911- يىلى ئالما- ئاتا ئارقىلىق كەلگەن. بۇ يىللاردا غۇلجىدا ئاكا- ئۇكا مۇساباييېفلار ۋە غۇلجا تەۋەسىگە يېڭىدىن كەلگەن تاتار مەرىپەتچىلىرى ئاچقان يېڭىچە مەكتەپلەر دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەنىدى. ئابدۇقادىر داموللام غۇلجىدا ئىلغارلىققا مايىل داڭلىق ئۆلىما ئابدۇمۇتائالى خەلپەم بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭغا جەدىتچىلىكنى تەشۋىق قىلغان. «ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇتۇشقا بىر قىسىم دۇنياۋى پەننى كىرگۈزۈش، ئۇسۇلى جەدىتنى يولغا قويۇش تەشەببۇسلىرى ئابدۇمۇتائالى خەلپەمنىڭ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. نادانلىق ۋە جاھالەتكە قارشى تۇرۇپ، خەلقنى ئويغىتىش پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.»[15]

ئابدۇقادىر داموللام بۇ قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم شەھەرلەردە ئىلىم زىيارىتىدە بولۇپ، ئەينى يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاتار مەرىپەتچىلىرى يولغا قويغان يېڭىچە ئوقۇتۇش مېتودى-«ئۇسۇلى جەدىت» (ئۇسۇلى سەۋتىيە) نىڭ ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى- «ئۇسۇلى قەدىمي» دىن كۆپ ئىلغار ھەم ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. بۇ قېتىم ئۇنىڭ جەدىتچىلىك ئىدىيەسى ھەقىقىي مەنىدە شەكىللىنىپ، بۇ خىل يېڭى ئىسلاھاتنى قەشقەردە ئىككىلەنمەستىن يولغا قويۇش ئىرادىسىگە كەلگەن ھەم 1912- يىلى قەشقەردە ئۆزى باش بولۇپ جەدىتچە مەكتەپ ئاچقان.

www.uyghurkitap.com

قەشقەر گەرچە تارىختا ئىلىم- مەرىپەت ئوچىقى سۈپىتىدە دۇنياغا شۆھرەتلەنگەن مەشھۇر شەھەر بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە گويا كۆز تەگكەندەك، جاھالەتتە قالغان شەھەرلەر قاتارىدا سانىلىدىغان بوپقالغان. تاتار زىيالىي نۇشىرۋان يائۇشېفنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «تارىختا ئىلىم- مەرىپەت نۇرى بىلەن يەر- كۆك ئارىسىنى نۇرغا چۆمۈلدۈرگەن» بۇ شەھەر شۇ يىللاردا «مەدەنىيەت قۇياشىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم ھالەتتە جانسىز ۋە ھەرىكەتسىز»[16] ئۆلۈك شەھەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. قەشقەردە مەدرىسە مائارىپى خېلىلا ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن تەلىم- تەربىيە ئۈنۈمى تۆۋەن ئىدى. سەۋەبى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتمال، ئوقۇتۇش مەزمۇنى چولتا ئىدى. بۇنداق مەدرىسە مائارىپىنىڭ كونىسىرى ئېغىرلىشىۋاتقان رېئال ئىجتىمائىي كىرىزىسنى ھەل قىلىشقا، نۆۋەتتىكى مىللىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇشقا ماجالى يەتمەيتتى. ئوقۇتۇشقا سەرپ قىلىدىغان ۋاقىت زىيادە كۆپ ئىدى. نۇرىددىن ئابدۇررەھمان جامىنىڭ ئەرەب تىلى نەھۋىگە ئائىت «كافىيە» نىڭ ئىزاھى بولغان «شەرھى موللا» كىتابىنى ئوقۇش ئۈچۈنلا بەش يىل ۋاقىت كېتەتتى. «مۇقەددىماتى مەنتەقىيە»، «مەۋھۇمە يۇنانىيە» دەرسلىرى كۈچەپ ئوقۇتۇلاتتى. «سەرب»، «مۆئىزىي»، «زەنجانىي»، «ئاۋامىل» قاتارلىق گىراماتىكا كىتابلىرىنى بەش- ئالتە يىللاپ ئوقۇتاتتى. دەرسلەرنىڭ ئىچىدە ساپ ئەقىدىگە ياتىدىغان بىلىملەرگە سەل قارىلىپ، تەسەۋۋۇپ نامايەندىلىرىنىڭ كىتابلىرى كۈچەپ ئوقۇتۇلاتتى. شۇڭا قەشقەردە «گەپنى ھە دېسىلا ھاپىز بىلەن مەۋلىۋى جامىنىڭ ئەسەرلىرىدىن باشلايدىغان، ھەر خىل لەتىپە ۋە ئەبۇ مۇسلىم قاتارلىقلارنىڭ جەڭ قىسسەلىرىنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى مەلۇماتى مول، بىلىملىك ئادەم»[17] سانىلاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىتچىلىرىگە ئوخشاش ئىشنى ئالدى بىلەن جەدىتچە مەكتەپ ئېچىپ، مەدرىسە مائارىپىنى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن تەڭ ئىسلاھ قىلىشتىن باشلىغان. كەلگۈسىدە ئۆزىگە قول- قانات بولۇشقا يارايدۇ دەپ قارىغان زېھنى ئوچۇق ياش تالىبلارنى ۋە بىر قىسىم شاگىرتىنى تۈرلۈك ئامال بىلەن چەت ئەللەردىكى ئىسلاھات ئىدىيەسى بويىچە ئوقۇتۇلىدىغان جايلارغا ئوقۇشقا چىقارغان. ئوقۇشقا چىقىرىلغان بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىراجىتىنى 1911- يىلى ئىستانبۇلدا ئابدۇرەئۇف فىترەت، ئوسمان خوجا، ئابدۇلئەزىز غۇلجائىي، مۇقىمەددىن بەگجانىي ۋە سادىق ئاشۇر ئوغلى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان ھەيئەت تەرىپىدىن قۇرۇلغان «بۇخارا مەرىپەت جەمئىيىتى» ئۈستىگە ئالغان.

ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى ئويىشى شىنىچىرو «قەشقەردىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى» ناملىق ماقالىسىدە «دانا ئىسلاھاتچى، ئۆلىما ئابدۇقادىر داموللام 1912- يىلى قەشقەر شەھىرىدە يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان. ئابدۇقادىر داموللام قەشقەر قاتارلىق تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى جايلاردا مۇسۇلمانلارنى يېڭىچە مائارىپتا تەربىيەلەش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش بىلەن بىرگە، ھەر يىلى ئىستانبۇل، قازان، ئۇفا، ئورىنبۇرگ قاتارلىق ئىلغار مۇسۇلمان يۇرتلىرىغا 10- 15تىن ئوقۇغۇچى چىقىرىپ تۇرغان» [18] دەپ يازغان.


تسهيل الحساب

داملا عبدالقادر بن عبدالوارث
اثریدر

ناشری عبدالرحیم آخوند محمود آخوند
اوغللری

طبع حقوقی ناشرلرغه مخصوصدر

قزان
ЭЛЕКТРО-ТИПОГРАФІЯ
КАЗАНЬ.
1912 г.

بۇ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «تەسھىلۇل- ھىساب» (ھېسابنى ئاسانلاشتۇرۇش) ناملىق دەرسلىك كىتابىنىڭ 1912- يىلى قازاندا بېسىلغان نۇسخىسىنىڭ مۇقاۋىسى. بۇ كىتاب تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم سابىت ئەپەندىنىڭ قولىدا ساقلانغان. سۈرەتنى شۇ كىشى تەمىنلىدى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسىنىڭ روشەن ھالدا كۈچىيىپ، پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىنىپ، مۇنەۋۋەر بىر جەدىتچىگە ئايلىنىشىدا قىرىم، قازان، ئۇفا، ئورىنبۇرگدىكى تاتار زىيالىيلارنىڭ جەدىتلىك پائالىيەتلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا، بولۇپمۇ تاشكەنت، سەمەرقەندتىكى ئۆزىگە ئوخشاش ئاڭ ۋە ئارزۇدىكى ياش ئۆلىمالارنىڭ مەرىپەتچىلىك ھەرىكەتلىرى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ «تىلدا، دىلدا، ئىشتا بىرلىك» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شوئارى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللىي ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، جەدىتچە مەكتەپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان. ھەر قايسى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئويغانغان زىيالىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي غايىلىرىنى تۇرغۇزۇپ، زامانىۋىلىشىش، ئىلغارلىق، تەرەققىيات، گۈللىنىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. مۇتەئەسسىپلىك بىلەن ئىلغارلىق، خۇراپاتلىق بىلەن مەرىپەتچىلىك، تەركىدۇنياچىلىق بىلەن ئەمەلىيەتچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۈرەش ناھايىتى كەسكىن ھەم مۇشكۈل بولغان. بۇ جەرياندا مىللىي غايىلىرى پىشىپ يېتىلگەن تاتار مەرىپەتچىلىرى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

uyghurkitap.com

تارىخىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تاتار مەرىپەتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئويغىنىش ھەرىكىتى چاررۇسىيەنىڭ ئۈچ ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە تاتارلارنىڭ زېمىنلىرىنى بىر-بىرلەپ ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ماددىي مەنىۋىيىتىگە قوشلاپ زەربە بېرىشى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتىكە غالجىرلىق بىلەن زىيانكەشلىك قىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇنداق زور مىللىي خەۋپ ئاستىدا تاتار مەرىپەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى قالاقلىقلارنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىسلامىيەتنىڭ قىممەت قارىشى بىلەن غەربنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى ماسلاشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلغان. بۇ تارىخىي ئويغىنىشنى ئۇلارنىڭ يىگىرمىنچى ئەسىردىكى بايراقدار مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن پائالىيەتچان مىللىي بۇرژۇئازلىرى بىرلىكتە ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئۇلارنىڭ ئويغىنىش ھەرىكىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئىدىيەۋى ئېقىمنى شەكىللەندۈرگەن. باغچا ساراي، قازان، ئورېنبۇرگ، ئۇفا، تىرويىسكىي، ئاستراخان قاتارلىق تاتار شەھەرلىرى بۇ خىل ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ مەركەزلىرى بولۇپ، جەدىتچە مەكتەپ ۋە نەشر بۇيۇملىرىنىڭ تەسىرى يىراق-يېقىندىكى قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدا زىلزىلە قوزغىغان. ئابدۇقادىر داموللام «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» دېگەن ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا تاتار مەرىپەتچىلىرى نەشر قىلغان «تەرجىمان»، «ۋاقىت»، «شۇرا» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، «بۇ پايدىلىق ئەسەرلەردىن بەھرىمەن بولغان كىشىنىڭ ۋىجدانى كونىلىقتىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات يولىدىن قايتماس!» دەپ يازغان. دېمەك، تاتار مەرىپەتچىلىرىنىڭ جانلىق، ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك پائالىيەتلىرى جەدىتچىلىك ئىدىيەۋى ئېقىمنى ئۇرغۇتۇپ، مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى كۈچەيتكەن. 1905 - 1906-يىللىرى تۆۋەن نوۋگورود ۋە سانكىت پېتېربۇرگدا تاتار مەرىپەتچىلىرى باشلامچىلىقىدا ئېچىلغان ئۈچ قېتىملىق رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى قۇرۇلتىيى بۇ ھەرىكەتنى خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە قىلغان.

دەل شۇ يىللاردا بىرىتانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزىنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسىغا بولغان قارا نىيىتىنى سىستېمىلاشتۇرۇش، مۇستەملىكە رايونلىرىدا ھەربىي غەلىبىدىن تاشقىرى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراشماقتا ئىدى. 1906-يىلى قاھىرەدە چاقىرىلغان گوسپېل يىغىنى خىرىستىيان دىنىنىڭ ئىسلام دىنىغا قاراتقان ئومۇمىيۈزلۈك خىرىسىدىن دېرەك بەرگەن. ئەنگلىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ مىسىرغا قاراتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي كونتروللۇقىنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ غەرب مەدەنىيىتىمۇ سىڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈرگەن. خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن غەرب مىسسىيونېرلىرى مىسىرغا تۈركۈملەپ يېتىپ كەلگەن. بۇ قېتىمقى يىغىن ئىسلام مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە ئىسلامىيەتكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى، مەسىلەن، دوختۇرخانا ۋە دارىلئېيتاملارنى قۇرۇش، مەكتەپ سېلىش قاتارلىق ئىشلارنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلغان. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن خىرىستىيان ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرغان.

ئۇلار «ئەڭ مۇھىم ۋاسىتە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ غەربكە تەربىيە ئېلىشقا ئەۋەتىش، ئۇلار ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتقاندىن كېيىن گوسپېلنى تارقىتىدىغان ئىدىيەۋى رەھبەرلەر بولۇشى كېرەك»[19] دەپ قارار قىلىشقان.

ئابدۇقادىر داموللام ئىسلامىيەت دۇنياسى مەۋجۇدلۇق، ئىدېئولوگىيە جەھەتلەردە جىددىي خىرىسقا دۇچ كەلگەن مۇشۇ دەۋردە ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى مۇھىم مۇتەپەككۇرلار بىلەن سۆھبەتتە بولغان ھەم «تاتار مەدەنىيەت ئويغىنىشى» ئەۋجگە چىققان شەھەرلەرنى زىيارەت قىلغان. ئۇ، بۇ جەرياندا بۇ خىل خىرىسنى چىن مەنىسى بىلەن تونۇپ يەتكەن ھەم نېمە قىلىش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەنگەن تۇنجى ئۇيغۇر زىيالىيسى بوپقالغان. ئۇ ئاشۇ ئىدىيەۋى دولقۇنلاردا كۆرەش غايىسىنى مۇستەھكەملىگەن. ئۇ «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» دېگەن ماقالىسىدە «غۇلجىدىن ۋەتىنىمگە قايتىپ، ئاۋۋالقى مەسلەكنى داۋام ئېتىپ، ئاھالىنى جەدىتچە ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتلارغا تەشۋىق ۋە تەرغىب ئەتتىم» دەپ يازغان.

ئابدۇقادىر داموللام «ئاقائىد زۆرۈرىيە» ناملىق ئەسىرىدە ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن:

«— ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا بائىس (سەۋەب) نېمىدۇر؟

— ئىككى نەرسىدۇر. بىرى، جاھالەت ۋە نادانلىق؛ ئىككىنچىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر.

— ئىززەت- ئابرۇي، قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟

— ئىلىم- مەرىپەت، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر.»

ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىنى ئايلىنىش، كۆزىتىش جەريانىدا ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئاخىرقى ھېسابتا يۇرتىنىڭ، مىللىتىنىڭ كۈلپەتلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن چوقۇم ئىشنى مائارىپ ۋە مەدەنىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلاش قارارىغا كەلگەن. ئۇ بۇ خىل ئىسلاھات غايىسىنى، يەنى جەدىتلىك ئوي- پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1912-يىلدىن باشلاپ قەشقەردە ئۇيۇشما قۇرۇپ، مەكتەپ ئېچىپ، كىتاب چىقىرىپ زور تەسىر پەيدا قىلغان. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەردە باشلىغان جەدىتلىك ھەرىكىتىنىڭ داغدۇغىسى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قەشقەردىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇ، بۇ يېڭى ھەرىكەتنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يېتەكچىسى سۈپىتىدە تونۇلغان. گەرچە ئابدۇقادىر داموللام تەرەققىيات تەرەپدارلىرىنىڭ نەزەرىدە يۈكسەك ئاتالسىمۇ، ئەمما بۇ ياش ئالىمنىڭ قەشقەردەك جاھالەت تۈنەكلىرى ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بوپقالغان قالاق شەھەردە تەرەققىيپەرۋەرلىك غايىلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامغا ئوق كېپقالغان يېرى شۇكى، 1912-يىلى جۇڭگودا پادىشاھلىق تۈزۈم ئاخىرلىشىپ جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغانىدى. ياڭ زېڭشىن دەل شۇ يىلى مايدا شىنجاڭنىڭ ئالىي ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. بۇ چاغدا جۇڭگو، جۈملىدىن شىنجاڭ ۋەزىيىتى تولىمۇ مۇرەككەپ ئىدى. ئۇ، ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىپ ئىلىنى مۇستەقىل ئىدارە قىلىۋاتقان شىنخەي ئىنقىلابچىلىرىنى، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قۇمۇل تاغلىرىنى

سوراۋاتقان تۆمۈر خەلپىنى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ئىنتايىن جانلىنىپ كەتكەن كېلاۋخوۋېچىلارنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ ئاجىز هاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىمىسە، مالىيەسى قۇرۇقدىلىپ قالغان ھۆكۈمەت خەزىنىسىنى غەملىمىسە بولمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ياڭ زېڭشىنىڭ قەشقەردىكى يېڭىلىق ۋە كونىلىق تالاش-تارتىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگۈدەك چولىسى يوق ئىدى. جايلاردىكى مەنسەپدارلارمۇ سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ قاياققا بۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆزىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قايغۇرۇشۇپ ئۆتۈشۈۋاتاتتى. شۇڭا، ئابدۇقادىر داموللام ياڭ زېڭشىنىڭ رەزىل سىياسىتىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىماي جەدىتلىك ھەرىكىتىنى قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل داۋام ئەتكۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولغان. لېكىن، مۇتەئەسسىپ ئۆلىما- ئىشانلار زامانغا لايىقلىشىشقا جان- جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئۆزلىرى بىلىپ- بىلمەي ياڭ زېڭشىنىڭ رەزىل سىياسىتىگە ئۇيغۇن يول تۇتقان. ئابدۇقادىر داموللامغا ئوخشاش ئىسلاھات بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان بىر ئادەم ئالدى بىلەن چوقۇم قەشقەردە يۇكسەك نوپۇز تىكلىشى، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، قەشقەر مەشھۇر مەدرىسەلەرمۇ، داڭلىق دىنىي ئۆلىمالارمۇ كۆپ قەدىمىي شەھەر ئىدى. سوپى- ئىشانلارنىڭ تەسىر كۈچىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە زور ئىدى. بۇنداق مۇھىتتا يېشى ئەمدىلا 40 تىن ھالقىغان، كۆپ يىل چەت ئەللەردە يۈرگەن ئابدۇقادىر داموللامدەك بىر ئالىمنىڭ مۇتەئەسسىپلەر تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمايدىغان ئىجتىمائىي غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. قەشقەردىكى ئۆلىما- ئىشانلارنىڭ مۇتلەق كۆپى تارمەندىكى ئىبادەتلەرگىلا بېرىلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشنى ئارتۇقچە ھەم ئېتىقادقا مۇخالىپ دەپ قارايدىغان نەزەر دائىرىسى تار كىشىلەر ئىدى. ئۇلار دۇنيا مىقياسىدا ئىسلام دىنى ھەم ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى ۋە ئارقىدا قالغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. خەۋىرى بار دېگەندىمۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئويلانغۇدەك تەپەككۇر قۇۋۋىتىدىن، بۇنداق قاباھەتلىك رېئاللىققا ئېچىنغۇدەك ساپ ۋىجداندىن، خەلقنى قۇل قىلغۇچى زوراۋان زالىملارغا قارشى تۇرغۇدەك غەيرەت- شىجائەتتىن مۇستەسنا ئىدى. ئۇلار يۇمشاق ئىبادەتلەرنىلا ئادا قىلىشىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى ئەڭ تەقۋادار ھېسابلىشىپ، نەزىر- چىراغلاردا ئۇزۇندىن- ئۇزۇن دۇئا- تىلەكلەرنى تىلىشىپ، كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىگە مىڭ مەرتە شۈكۈر قىلىشىپ يۈرۈۋېرەتتى. كۈلپەتلىك قىسمەتلەرنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئويلىنىش، ئاپەت كەبى كەلمىشلەرگە چارە- تەدبىر ئىزدەشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى تەقدىر- قىسمەت، ئاللانىڭ ئىرادىسى دېيىشىپ، پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ ياشاۋېرەتتى. بۇلارنىڭ باشچىسى جەدىتچىلىككە ئۆچمەنلىك قىلىشتا تونۇلغان ئۆلىما سىلىم داموللا ئىدى. ئۇ، «تارىخ ۋە جۇغراپىيە ئوقۇتۇش ھارامدۇر» دەپ پەتىۋا چىقارغانىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە بىدئەتلىككە ياتىدىغان ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش تەشەببۇسلىرىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ، «يەھۇدىي- ناسارالار ئاللانىڭ كۆرسەتكەن يولىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ دىنىنى ئىسلاھ قىلسا بولىدۇ، بىزنىڭ دىنىمىز ئەڭ توغرا، ئەڭ مۇكەممەل دىن، شۇڭا ئىسلاھ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇنداق قىلىش كۇپۇرلۇقتۇر» دېگەندەك گەپلەرنى تارقاتقان. ئۇنىڭ قەشقەردىكى ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپ ئىكەنلىكىنى 1914-1916- يىللىرى قەشقەر، ئاتۇشلاردا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان تۈركىيەلىك ئەھمەد كامال ئەپەندىمۇ ئۆز كىتابىدا قاقشاپ تۇرۇپ تىلغا ئالغان.

ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن 1912- يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى جەدىتلىك ھەرىكىتىنىڭ شامالىرى قەشقەرگە ئەمدىلا يېتىپ كېلىۋاتقان، قەشقەردە ئەنئەنىۋى ئىسلام مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە گەپ- سۆزلەر بولۇۋاتقان بىر چاغ ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلاردىكى يېڭى مائارىپنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، جەدىتچىلىك ئىدىيەسى مۇكەممەللەشكەن ئابدۇقادىر داموللام يېڭى مائارىپنىڭ ھامىيلىرى ۋە باشلامچىلىرى بولغان ئاكا- ئۇكا مۇسابايېفلارنى قىزغىن قوللىغان، ئۇلار بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ بىر سەپتە تۇرغان. 1914- يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇستۇنئاتۇش ئىكساقتا قۇرۇلغان، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى مۇنتىزىم يېڭىچە مەكتەپ بولغان دارىلمۇئەللىمىنگە زور ئۈمىد باغلىغان. مەدرىسەلەرنىڭ دوگما تەلىم- تەربىيە ئۇسۇلىنى، قارىغۇلارچە يادلاتقۇزۇشىنى ئاساس قىلىدىغان ئوقۇتۇش شەكلىنى، دەۋر تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان دەرسلىكلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، جەدىتچە ئوقۇتۇشنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، دەرسلىكلەر قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھات ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ بۇ قېتىم قەشقەردە ئوينىغان رولى ئىلگىرىكى يىللاردا ئوينىغان رولىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن. خانلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلۇپ، 1912- يىلى جۇڭخۇا مىنگو ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن جايلاردىن بېيجىڭدىكى پارلامېنتقا ۋەكىل سايلاش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتقان. قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللامنى پارلامېنتقا ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىش ھەققىدە غۇلغۇلا بولغان.[20] بۇنىڭدىن، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەر تەۋەسىدە كۈنسايىن ئابرۇيي تېپىپ، يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىقنىڭ بايراقدارى بوپقالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەسىرى بىلەن يېڭىلىققا تەلپۈنگەن قەشقەر ياشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە نەشر قىلىنىۋاتقان گېزىت- ژۇرناللارنى ئوقۇيدىغان قىرائەتخانا ئاچقان، «جەمئىيەتى ئىسلامىيە» دېگەن نامدا ئۆلىمالار كېڭىشىنى قۇرغان. بۇ كېڭەشكە قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىمالىرىدىن«شەيخۇل ئىسلام»دەپ نام ئالغان موللا ئىسلام داموللام، «سۇلتانۇل ئۆلىما »دەپ نام ئالغان باھاۋىددىن مەخدۇم، ئوبۇلقاسىم ئاخۇنۇم، خانئېرىقلىق ئابدۇغوپۇر ئاخۇن مەخدۇم قاتارلىق زاتلار ئىشتىراك قىلغان. «جەمئىيەتى خەيرىيەت ئىسلامىيە» نامىدا فوند تەسىس قىلغان. «مۇتالىئەھىدايەت» دېگەن نامدا جەدىتچە مەكتەپ ئاچقان. ئابدۇقادىر داموللام

ئۆزىنىڭ جەدىتلىك ئىدىيەسى ۋە غايىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پىروگراما خاراكتېرلىك مۇھىم ئەسىرى «نەسىھەتى ئاما» نى يېزىپ، باستۇرۇپ تارقاتقان. (بۇ ئەسەر ئۆمەر ئوسمان شىپاھىينىڭ نەشرگە تەييارلىشى، ئالىي مۇھەررىر ھاجى خوجا ئابدۇللا ئوسمانىنىڭ بېكىتىشى، ئەينى ۋاقىتتىكى باش مۇھەررىر قۇربان مامۇتنىڭ تەقرىزى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000 ـ يىل 1 ـ ساندا ئېلان قىلىنغانىدى.ــ مەسئۇل مۇھەررىردىن). بۇ ئەسەر قاراتمىلىقى كۈچلۈك، چاقىرىق كۈچى زور، جەدىتىزملىق روھقا باي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۇنداقلا ئىدىيەسىنىڭ ئىلغار، تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئىدېئولوگىيەسى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى ۋەكىللىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەردىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىسلاھات ئىدىيەسىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەسەردە بۇ مۇتەپەككۇر ئىسلاھاتچىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىسلام تۈسىدىكى قالاق ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى زامانىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان كۈچلۈك ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ، دىنىدىن تاشقىرى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىمۇ، كونا ئەندىزىدىكى قاتمال دىنىي ھاياتنىمۇ قەتئىي ھىمايە قىلمىغان. پەقەت، غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە جۇشقۇن جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇشنى؛ ئىدراكقا بېپەرۋا قارايدىغان نادان جەمئىيەتنى مەرىپەت روھىغا باي يېڭى جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇشنى؛ زەئىپلەشكەن، بىدئەت چىرمىغان مۇجمەل ئەقىدە ـ ئېتىقادنى كۈچلۈك ھەم ساپ ھايات پىرىنسىپىغا ئايلاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەينى دەۋرنىڭ ئىلغار ئىدېئولوگىيەسى ۋە مائارىپ ئىسلاھاتىغا يېقىندىن ياندىشىپ ۋۇجۇدقا چىقارغان يۇقىرىقى پائالىيەتلىرى قەشقەردە ئىلغارلىق تەرەپدارلىرى بولغان «جەدىتچىلەر» بىلەن كونىلىق تەرەپدارلىرى بولغان «قەدىمىيچىلەر» ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ھەم زىددىيەتنى روشەن ھالدا كۈچەيتىۋەتكەن. كونىلىق تەرەپدارلىرى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە يېقىن، شۇنداقلا ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغاچقا غالىب كەلگەن. ئىلغارلىق تەرەپدارلىرىنىڭ باشلامچىسى بولغان ئابدۇقادىر داموللام مۇتەئەسسىپ موللا ـ ئىشانلارغا تەڭ كېلەلمەي مۇرەسسە قىلىشقا، ھەتتا يول قويۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ، «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 ـ يىل 1 ـ دېكابىر نەشر قىلىنغان سانىغا بېسىلغان «بايانى ھەقىقەت»ناملىق ماقالىسىدە قەشقەرنىڭ مۇتەئەسسىپ ئۆلىما ـ ئىشانلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن . ئۇ، بۇ جاھىل كۈچلەرنى «ئۆلىمالار»، «چوڭلار»، «رەھبەرلەر» دەپ ئاتاپ تۇرۇپ، ئۇلار ئۈستىدىن مۇنداق شىكايەت قىلغان: «قايسى كۈنى دىيارىمىزدا تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى، رەھبەرلىرىمىز نامىدىن مەزكۇر مەدەنىيەتنى ئۆگەنگۈچىلەرگە ‹لەنەتگەردى، ئازغۇنلار› دېگەندەك پەتىۋالارنى يامغۇردەك ياغدۇرۇشقا باشلىدى»، «بىزنىڭ تەشەببۇسلىرىمىز ئەمەلگە ئاشماي، يەككە ـ يېگانە ھالىتىدە نەزەردىن چەتتە قالدۇرۇلدى. بىزنىڭ دالالىتىمىز بىلەن ياشلار ئىجتىھات بىلەن قىرائەتخانا ئاچتى، چوڭلار بۇنى ‹مەزھەپ بۇزىدۇ› دەپ ياپتۇردى. ئىسلام جەمئىيىتى قۇردى، بۇنى ‹دەھرىيەت ئۇچىقى› دەپ بۇزدى. ئىسلامنىڭ ياخشىلىق قىلىش جەمئىيىتى (جەمئىيەتى خەيرىيەت ئىسلامىيە) نى قۇرۇۋىدى، ‹پىتنە ـ پاسات تارقىتىدىغان مەركەز› دەپ تەشۋىق قىلىپ يىمىرىۋەتتى. ‹نەسىھەتى ئاما› ئىسىملىك رىسالىنى نەشر قىلسا، ‹بىدئەت› دەپ پەتىۋا قىلىپ بىكار قىلدى. ‹مۇتالىئە ھىدايەت› نامىدا دىنىي، مىللىي، ئەدەبىي مەكتەپ ئاچتى. بۇنى ‹ئازغۇنلار ئۇيۇشمىسى› دەپ تاقىتىۋەتتى... ئامالسىزلىقىمىزدىن تەرەققىي مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈپ، رەھبەرلىرىمىزگە ئەگىشىپ راھەتلەرگە ئېرىشتۇق». شىكايىتىنىڭ ئاخىرىنى «راھەتلەرگە ئېرىشتۇق» دەپ ئاچچىق كىنايە بىلەن ئىپادىلىگەن ئابدۇقادىر داموللام تېخىمۇ ئاشۇرۇپ تەنە قىلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن «جامالىددىن ئافغانىي، شەيخ مۇھەممەد ئابدۇھ، ئىسمائىلبەگ غاسپىرىنسكىلەرگە مۇيەسسەر بولمىغان تەھسىن ۋە ئاپىرىنلەر بىزگە مەنسۇپ بولدى» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن قەشقەر جەمئىيىتىدە كىشىنى چۆچۈتىدىغان قاباھەتلىك كۈچنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ نەقەدەر زور جاسارەت بىلەن بۇ جاھىلىيەت ھامىيلىرىغا روبىرو تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ، مەزكۇر ماقالىسىدە ئۆكۈنگەن ھالدا «مەدەنىيەتكە ئاياغ بېسىش ــ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بۈيۈك رەھبەرلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى ياكى قوشنىلىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن بولۇشى مۇمكىندۇر» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭدىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قالاق ھەم بېكىنمە ھالەتتە قالغان مىللەتنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن قوراللىنىشىنى يىراقنى كۆرەر رەھبەر بىلەن جۇغراپىيەلىك ئامىلغا باغلاپ چۈشەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق توغرا بىلىش كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ. جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل. شۇڭا مەشھۇر گېرمان پەيلاسوپى ھېگېل «دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى جۇغراپىيەلىك سەھنىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. «چۈنكى، زېمىن بىلەن ئىنسانلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. جۇغراپىيەلىك شەرتلەر بولسا ئىنسانلارنىڭ تارىخىي يولىنى، ھاياتلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى گويا تەقدىردەك بەلگىلەيدۇ.»[21] كېلەچەككە يول كۆرسىتەلەيدىغان، ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بۈيۈك رەھبەر ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارمىتى دېگەندە، بىز بۈگۈنكى تارىخىي يۈكسەكلىكتىن شۇنداق ئېيتالايمىزكى، پەقەت ئابدۇقادىر داموللاملا مۇشۇنداق سۈپەتكە مۇناسىپتۇر. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «بايانى ھەقىقەت» ناملىق ئەسىرى «شۇرا »ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى خېلى ئەتراپلىق كۆزەتكەن تاتار زىيالىي نۇشىرۋان يائوشېف «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 ـ يىل 15 ـ ئاپرېل ساندا ئېلان قىلغان تەسرات ماقالىسىدا «قەشقەرلىك داموللا ئابدۇقادىر جانابلىرىنىڭ ‹بايانى ھەقىقەت› ماۋزۇلۇق ماقالىسى بېسىلدى. قەشقەردەك ئەڭ قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭدىن شۇنداق ئاڭلىق ۋە كۈچلۈك بىر ئالىمنىڭ چىقىپ، تۈركچە مەتبۇئات ئارقىلىق ھەقىقەت ھاللىرىنى بايان قىلىشى مېنى ئەڭ

سۆيۈندۈردى. بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قەلەم تەۋرىتىپ تۇرۇشنى تىلەيمەن» دەپ يازغان. «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «بايانى ھەقىقەت» دېگەن ئەسىرىگە تەھرىر ئىلاۋىسى يازغاندا «داموللا ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ ‹جاۋاھىرۇل‐ ئىيقان› ناملىق ئەسىرىنى تۈنجى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا مۇئەللىپىنى شام ياكى مىسىر ئالىملىرىدىن بولسا كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلغانىدۇق. بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلغان پېتى ئەرەب تىلىدا بۇ دەرىجىدە پەسىھ ۋە تەبىئىي قەسىدە يازالايدىغان مۇقتەدىر ئالىم بولۇشى ئېسىمىزگە كەلمىگەنىكەن» دەپ، قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

1912- يىلدىن باشلاپ ئىسلاھاتنى قانات يايدۇرغان ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۇ يىللاردا قەشقەردە مۇتەئەسسىپ قەدىمچىلەر بىلەن بولغان كۈرەشتە مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئۇنىڭ تامامەن يەككە- يېگانە قالدۇرۇلغانلىقى،سۆز- چاقىرىقلىرى ئېتىبارسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقى ۋە ئىش- پائالىيەتلىرى زىيادە توسقۇنلۇققا دۇچ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتتى، ئەلۋەتتە. ئابدۇقادىر داموللام 1916- يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» ناملىق ماقالىسىدە «ھال ھازىردا چوڭلارغا ئەگەشمەك يۈزىسىدىن بۇخارا تەرتىپلىرى ئىلە مەنتىق، كالام، پەلسەپە، تەدرىس ۋە مۇكالىمەلەرگە مەشغۇل بولسامۇ، لېكىن زىيالىي شاگىرتلەرگە تەپسىر، ھەدىس، ئىلمۇ ئەمايىلەلەردىن تەلىم بەرمەكتىمەن» دەپ يازغان. ئۇ ئۆزى بۇ يىللاردا ھەم مۇدەررىس ھەم قەشقەرنىڭ مۇپتىسى ئىدى. 1914- يىلىنىڭ ئاخىرى قەشقەرگە كېلىپ ئالتە ئاي تۇرۇپ، 1915- يىلى ئەتىيازدا قەشقەردىن ئايرىلىپ تاشقورغان بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا ماڭغان ئادىل ھېكمەت بەي، ئەمرۇللا بەي قاتارلىق تۈركىيەلىك زىيالىيلار ئۇستۇنئاتۇشتىكى باھاۋۇدۇن باينىڭ ئۆيىدىن خوشلىشىپ ئافغانىستانغا بېرىش ئۈچۈن رۇسىيە تەۋەسىگە قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا بولغان ئىشنى مۇنداق يازغان: «ئارتۇشتىن يولغا چىقىش ئەسناسىدا قەشقەر مۇپتىسى ھاجى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئارقىمىزدىن ئەۋەتكەن بىر ئاتلىق كىشىسى بىزنى جىددىي ئارقىمىزغا قايتىشقا دەۋەت قىلدى. مۇپتى ئەپەندىم بىزلەر رۇسلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ھالەتنى چۈش كۆرۈپتۇ. شۇڭا قەشقەرگە قايتىشىمىزنى ئۈمىد قىپتۇ. بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇق. بۇ چۈش مەسىلىسى ئەمەس ئىدى. مۇپتى ئەپەندىم بىر نەرسىنى بىلىپ قالغاندەك قىلاتتى.»[22] بۇ تۈركىيەلىك زىيالىيلار ھىندىستاندىن قەشقەرگە كەشمىر يولى بىلەن كەلگەن بولۇپ، ئافغانىستان تەرەپكە چىقىدىغان يولنىڭ ئوي- چوڭقۇرىنى بىلمەيتتى، ھەم بۇ جايلارنى رۇسلار قامال قىلىۋالغاچقا خەتەرلىك ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇلار چېگرادىن چىقىپلا رۇسلارنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلانغان. بۇ باياندىكى ئۇچۇردىن بىز شۇ يىللاردا، يەنى 1915- يىلى ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرنىڭ مۇپتىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇنى بىز قەشقەر تۈرمىسىگە قامالغان ئەھمەد كامالنى 1915- يىل 10- ئۆكتەبىردە، ئابدۇقادىر داموللام يوقلاپ كەلگەندە ئەھمەد كامالنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە يازغان مۇنۇ بايانلىرىدىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز: « شۇ كۈنى ئابدۇ قادىر ھاجىم مۇپتى ھەزرەتلىرى مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تۈرمىگە كەلگەنىدى. بۇ زاتى شېرىپ مېنىڭ مەنىۋى پەدەرىم ئىدى. ئۇ ئۇسۇلى جەدىت مەكتەپلىرىدە ئوقۇشنىڭ توغرا ئىكەنلىكى، بەلكى پەرز ئىكەنلىكى ھەققىدە بۇ دىياردا تۇنجى قېتىم پەتىۋا چىقارغان پەزىلەتلىك زات ئىدى» . مۇپتىلىق ئىسلام جەمئىيىتىدە خېلىلا يۇقىرى مەرتىۋە، شۇنداقلا ئالىي ئىمتىياز ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام جەدىتلىك يولىدا چىڭ تۇرۇش، تۇرماسلىق مەسىلىسىدە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ قاتتىق بېسىمى سەۋەبىدىن مۇرەسسەچىلىك يولىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ مەيدانىنىڭ، نىشانىنىڭ، غايىسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتتى. ئۇنىڭ جەدىتچىلىك شان- شۆھرىتى بۇ چاغدا ئاللىبۇرۇن شىنجاڭدىن ھالقىپ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا تارالغانىدى. شۇنداق بولغاچقا قازان شەھىرىدە نەشر قىلىنغان «شۇرا» ناملىق يېرىم ئايلىق ژۇرنالنىڭ 1916- يىلدىكى سانلىرىدا «ئابدۇقادىر داموللا كىمدۇر» دېگەن ئۆچېرك ئۇلاپ ئېلان قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەرگە مەشھۇر بوپكەتكەن. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە «سەرب نەھۋى» (مورفولوگىيە- سىنتاكس)، «تەسھىلۇل- ھېساب» (ھېسابنى ئاسانلاشتۇرۇش)، «جۇغراپىيە ئىلمى»، «ئاقائىد زۆرۈرىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر)، «بىدايەتۇس سەرب» (لېكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس)، «بىدايەتۇن نەھۋى»، «تەئلىمۇس سىبيان» (گۆدەكلەرگە تەربىيە)، «تەجۋىد تۈركىي» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ، تۈرلۈك ئامال- چارە بىلەن باستۇرۇپ، مەكتەپ- مەدرىسەلەرنى دەرسلىك بىلەن تەمىنلىگەن. 120 كۇپلېتلىق «مۇخەممەس»ناملىق كاتتا ئەسىرىنى يېزىپ ئۆزىنىڭ جەمئىيەت، ئېتىقاد، ئەخلاق، مائارىپ ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرى ۋە تەنقىدىي قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. مەزمۇنى چوڭقۇر، تىلى گۈزەل، تەنقىدىي رېئالىزملىق روھقا ئىگە بۇ ئەسەر 1910- يىللاردىكى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا يېگانە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

ئەينى چاغدا قەشقەر شەھىرىدە «يىراق- يېقىنغا نامى مەشھۇر مەدرىسەلەردىن ئون بەشى بولۇپ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ لايپەشتاق مەدرىسەسى قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەسى، ھېيتگاھ مەدرىسەسى، ئاخۇن ھاجى مەدرىسەسى، قازان مەدرىسەسى، ۋائىلىق مەدرىسەسى، باھاۋۇدۇن مۆھتەرەم مەدرىسەسى، دورغا بەگ مەدرىسەسى، ناجى ھاكىمبەگ مەدرىسەسى، كەنجە ھاجى مەدرىسەسى، ئۇردىئالدى مەدرىسەسى قاتارلىق مەشھۇر مەدرىسەلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، 200 دىن ئارتۇق تالىبى بار»[23] مەشھۇر مەدرىسە بولغان.

20- ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرغان «ئۇيغۇر بالىسى»— نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف (1887— 1952) ئۆزىنىڭ «يورۇق ساھىللار» ناملىق ئەسىرىدە 1913- يىلى 26 يېشىدا يۇرتى غالجاتتىن يولغا چىقىپ غۇلجىغا كېلىپ مۇزئارت داۋىنى ئارقىلىق «ئالتە شەھەر»گە سەپەر قىلغانلىقىنى يازغان. ئۇ، سەپەر جەريانىدا قالدۇرغان خاتىرىسىدە ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي،

مەنىۋى پاجىئەلىرىنى كۆرۈپ: «بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىقبالى بەك قاراڭغۇ، تومانلىق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ئاقسۇدا ئەھۋال مۇنداق بولسىمۇ، باشقا ياقىلاردا ئۇنداق ئەمەستۇ، قەشقەر خەلقى خېلى تەرەققىي قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ يەردە تەرەققىيپەرۋەر مۇساباييفلار، ئابدۇقادىر داموللاملار بارغۇ دەپ ئۆزلىرىمىزگە تەسەللى بەردۇق»[24] دەپ يازغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭدىن، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەردىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاۋانگارتى سۈپىتىدە تونۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

1914 ـ يىلى يازدا باھاۋۇدۇن باينىڭ غەيرىتى بىلەن ئۇستۇنئاتۇشتا ئېچىلغان ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى پېداگوگىكا مەكتىپى ــ «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن»[25] نىڭ باش مۇئەللىمى ئەھمەد كامالنى ۋە ئۇنىڭ مائارىپ ھەرىكىتىنى قوللاش ياكى قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە قەشقەردىكى دىنىي ئۆلىمالار ۋە باي ـ بايۋەچچىلەر دەسلەپتە ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئابدۇقادىر داموللام، باھاۋۇدۇن باي، شەمسىددىن داموللام، مەھمۇد ئاخۇن داموللام، زىرىپ قارىيھاجىم، ئابدۇقادىر ھاجىم، ئابدۇغوپۇر ئاخۇن مەخدۇم، نورۇززادە ھاجى مۇھەممەد ئەلى، ئوبۇلقاسىم داموللام، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، قازىكالان ھاجى ئىسلام داموللام قاتارلىق كىشىلەر قوللايدىغان گۇرۇھنى، ئۆمەر باي، سېلىم داموللا قاتارلىقلار قارشى تۇرىدىغان گۇرۇھنى تەشكىل قىلغان. قارشى تۇرىدىغان گۇرۇھ رۇس كونسۇلخانىسى ۋە ئەكسىيەتچى يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىشىپ، بۇ كۈرەشتە كۈچلۈك ئورۇندا تۇرغان.

ئەھمەد كامال شۇ چاغدىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا «بەيساقلىق مەھمۇد ئاخۇن داموللام بىلەن ئابدۇقادىر داموللام ئەپەندىلەر قاراڭغۇ كېچىدە چاقىغان چاقماقتەك چىرايلىق ۋە مەنالىق سۆزلىرى بىلەن ئۇلار ئۆچۈرمەكچى بولۇۋاتقان مائارىپ مەشئىلىنى چاقنىتىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى»[26] دەپ يازغان. ئەمما، خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ زىددىيەت ناھايىتى تېزلا مۇرەسسە ھالىتىگە كەلگەن. چۈنكى قەشقەرنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇق قازىكالانى ھاجى ئىسلام داموللام جەدىتچىلىكنى قوللاش مەيدانىدا تۇرغان. شۇڭا 1915 ـ يىل 28 ـ ئاپرېلدا قەشقەرگە كەلگەن تاتار زىيالىي نوشىرۋان يائوشېۋ قەشقەردىكى ئۆزگىرىشلەردىن مەمنۇن بولۇپ «بۇلتۇر يېڭىچە مائارىپنى چەكلەپ، جەدىتچىلەرنى ‹كاپىر› دەپ ئاتىغان قەشقەرنىڭ داموللىلىرى بۇ يىل ھەممىسى ئۆزگىرىپتۇ. يېڭىچە مائارىپقا قارشى تۇرغۇچىلارمۇ بۇنداق قالتىس نەتىجىلەرنى كۆرۈپ ئۆز ياردەملىرىنى ئاتاپتۇ»[27] دەپ يازغان. قەشقەردە يېرىم يىلدەك تۇرۇپ ئاقارتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ئادىل ھېكمەت بەي قاتارلىق تۈركىيەلىك زىيالىيلار 1915 ـ يىلى ئاپرېلدا يازغان خاتىرىسىدە مەدرىسەلەردىكى ئۆزگىرىش توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «قەشقەرلىكلەر بىزگە شۇ قەدەر مۇھەببەت باغلىدىكى، بىر دېگىنىمىزنى ئىككى ئېيتقۇزمايتتى. مەدرىسە تالىپلىرى بىزدىن گېئومېتىرىيە دەرسى ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.»[28] قەشقەردىكى بۇ ئۆزگىرىشنى مۇقەررەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى قەشقەر ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمىي شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلىم ـ مەرىپەت مەشئەللىرى نەچچە قېتىم لاۋۇلداپ يېنىپ، نەچچە قېتىم خىرەلەشكەنىدى. مەرىپەت ئەنئەنىسىگە باي بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ زېرەك، تىرىشچان خەلقى زامان تەقەززا قىلغان، مىللەت موھتاج بولغان پايدىلىق ئىلىملەرگە ئىنتايىن تېز يېپىشاتتى. شۇنداق بولغاچقا ئەينى يىللاردا قەشقەرگە كەلگەن گېرمانىيەلىك فون لىكوك «ئەگەر ياخشى مەكتەپ بولغان بولسا، تۇغما تالانتلىق بۇ مىللەت چوقۇم ئۇچقاندەك ئالغا باساتتىكەن»[29] دەپ تەن ئالغان. ئەمما، ھەر قانداق شەكىلدىكى ئىسلاھاتقا دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسىنى تۇتىدىغان ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى تەرەققىيات يولىغا تاشلانغان ھەر قانداق قەدەمنى كۆرۈشنى خالىمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر»، «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن لاۋزى تەلىماتىنى ئوقۇش» قاتارلىق بىر يۈرۈش قول يازما خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «خەلقنى ئىدارە قىلىشنىڭ تەس بولۇشى بىلىملىكلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن بولغان. ئەھلى خالايىقنىڭ بىلىم ئۆگىنىشىنى ئۈمىد قىلمىمەن ... بىلىم ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلسا، دۆلەتكە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. خەلقنىڭ بىلىمى ئاشقانسېرى ئۇلار يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، يامان ئىشلارنى ئويلايدىغان بوپقالىدۇ. ۋەقە پەيدا قىلىپ دۆلەتنى مالىماتاڭ قىلىشتىن باش تارتمايدۇ... ھۈنەر ـ تېخنىكىسى بار ئادەملەردىن بىرى كۆپ بولسا، دۆلەتكە ئاپەت كەلتۈرىدىغان ئادەمدىن بىرى كۆپىيىدۇ. جاھاندىكى بىغەرەزلىكنى كۆپىنچە ئەقىللىق ئادەملەر قىلىدۇ... مەكتەپلەر ياخشى ئەمەس. ئوقۇغۇچىلارغا يامان تەلىماتلار ئارقىلىق پايدىسىز ئورۇقلارنى تارقىتىدۇ. شۇڭا، بارلىق مەكتەپنى بىكار قىلىپ تاشلىماي بولمايدۇ. مەن ئادەم ئىشلىتىشتە نادان كىشىلەرنى ئىشلىتىسەم ئىشلىتىمەنكى، ھەرگىزمۇ ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەرنى ئىشلەتمەيمەن.»[30] ياڭ زېڭشىننىڭ خاتىرىسىدىكى بۇ بايانلاردىن بىز جۇڭگو خەلقى تۇشمۇتۇشتىن ئويغىنىپ يۈكسەك زامانىۋى تەرەققىيات دەۋرى ھېسابلانغان 20 ـ ئەسىرگە جۇمھۇرىيەت ئارزۇسى، دېموكراتىيە روھى ھەم يېڭى مەدەنىيەت ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ قەدەم قويۇۋاتقان شارائىتتا، ئۇنىڭ شىنجاڭدا نەقەدەر ئەكسىيەتچى فېئودال ئىدىيەنى ئەڭگۈشتەر قىلىپ ھاكىمىيەت تۇتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مانا بۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا دىيارىمىزغا 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر سىياسىي سېھىرگەرنىڭ بىخۇدلاشتۇرۇش تاكتىكىسىدۇر!

1912 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئالىي ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەن ياڭ زېڭشىن بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۆزىگە قارشى ھەربىي ۋە ئىنقىلابىي كۈچلەرنى پاك ـ پاكىز يوقىتىپ، ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، يەنى 1915 ـ يىلىدىن باشلاپ زەھەرخەندە نەزەرىنى يەرلىك خەلق ئىچىدىكى ئىلغارلىق پائالىيەتلىرى ۋە بۇ پائالىيەتنىڭ ئاۋانگارتلىرىغا ئاغدۇردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ «كۆز ـ قۇلاقلىرى»پۈتكۈل شىنجاڭنى قاپلىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھاكىمۇتلەق ئىشپىيونلۇق

سىياسىتىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن ياۋروپالىق بىر دىن تارقاتقۇچى ئۇنى «قۇمۇلدىكى بۆركىنىڭ مىدىرلىغىنىنى بىلىپ تۇرىدىغان مەنسەپدار» دەپ تەرىپلىگەن. شىنجاڭدا هاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 17 يىل جەريانىدا (1912—1928) «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇش سىياسىتى»نى يولغا قويغان ياڭ زېڭشىن:

يىراق شەرقتىن كەلدىم بۇ ياققا،
چىلىڭ ساقلاپ تۇرىمەن غەربنى.
قالدۇرىمەن بىلىمسىز- نادانلىقتا،
پادىشاهقا بويسۇندۇرىمەن خەلقنى.

دېگەن ئەكسىيەتچى سىياسىي ئەقىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كونا مائارىپنى قوللاپ، يېڭى مائارىپنى كۈچىنىڭ بېرىچە توسقان. ئەينى يىللاردا «ئىسلام دىنىدىن ساۋاق بېرىدىغان دىنىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئاخۇنلار ئاچقان بولۇپ، بۇ مەكتەپلەر ئىپتىدائىي دەرىجىلىك مەكتەپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپ دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنەتتى. ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي قائىدە، دىنىي ئەقىدىدىن ساۋاق بېرىلەتتى. نامازنىڭ ئايەتلىرى ئۆگىتىلەتتى، پەن- مەدەنىيەت بىلىملىرى ئۆگىتىلمەيتتى، ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۆلۈك هالدا يادلاش بولۇپ، مەنىسىنى بىلىش تەلەپ قىلىنمايتتى. ياڭ زېڭشىن بۇنداق مەكتەپلەرنىڭ هەممىسىنى رىغبەتلەندۈرگەندى.»[31] ئۇ، شىنجاڭنى لاۋزىنىڭ «دانالارنى ئەتىۋارلىماي، نادانلارنى ئەتىۋارلاش» نەزەرىيەسى بىلەن ئىدارە قىلغان. «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، ئۇ «لاۋزىنىڭ نادانلارنى ئەتىۋارلاش» نەزەرىيەسىنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپىنىڭ ئۇزاق مەزگىل قالاق هالەتتە تۇرۇش ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ياڭ زېڭشىن «ئىستىغپار هۇجرىسىدا ئوقۇلغان لاۋزى خاتىرىلىرى»، «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر» دېگەن كىتابلىرىدا «لاۋزى تەلىماتى» غا قايتا - قايتا چوقۇنۇپ، «نادانلىق ئەۋزەل» دېگەن ئىدىيەنى تەرغىب قىلغان. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى شىنجاڭنى «گومۇشلار دۇنياسى» غا، شىنجاڭ خەلقىنى بىلىمسىز «ئىپتىدائىي ئادەملەر» گە ئايلاندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مىلتارىست هاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئىدى. شۇنداقلا خەلقنى «خەت يازالمايدىغان، كىتاب ئوقۇيالمايدىغان»، «نادانلىق ۋە ئويۇن- كۈلكە بىلەنلا ياشايدىغان» «پاراسەتسىز خەلق» كە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ «خاتىرجەم يۇرت سوراش» نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.[32] شۇڭا ئاخىرقى هېسابتا ئىكساقتا قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىن زورلۇق بىلەن تاقىۋېتىلگەن، قوللايدىغان گۇرۇهتىكىلەر ئامالسىز قالغان. بۇنىڭدىن قاتتىق ئېچىنغان تاتار زىيالىي نۇشىرۋان يائۇشېۋ مۇنداق يازغان: «ئالدىنقى يىللىرى مەشهۇر جامائەت ئەربابلىرىدىن مۇسابايېفلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قەشقەردە يېڭىچە تەلىم- تەربىيە مەكتىپى ئېچىلغانىدى. بۇ مەكتەپ بەش- ئالتە يىل داۋاملاشقان بولسا ‹ئالتە شەهەر› ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشىپ قالغان بولاتتى. لېكىن بەختسىز بۇ خەلق شۇ بىردىنبىر ئىلمىي ئورۇننىمۇ تۇتۇپ تۇرالمىدى».

ئەلۋەتتە، بۇ مەكتەپنىڭ تاقىلىشىدا ياڭ زېڭشىننىڭ رەزىل قولى هەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئۇ: «تۈركلەر ئايەت ئۆگىتىش نامى بىلەن هەدەپ قۇترىتقۇلۇق قىلسا، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئاپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس» [33] دېگەن هەم 1917- يىلى ئەهمەد كامالنى كۇچاغا سۈرگۈن قىلغان. كېيىن كۇچادىمۇ توختاتماي ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە هەيدەپ ئاپارغۇزۇپ، ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە ئىككى يىل قامىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ هەرىكىتى تارىخىدىكى بۇ ئىستراتېگىيەلىك قەدەم مەنزىلگە غەلىبىلىك يېتەلمىگەن. شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ هەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى 20 يىل كېچىككەن.

ئىكساقتىكى «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن» نىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى قەشقەردىكى جەدىتلىك هەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بولغان. جەمئىيەت ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان. بۇ يىللاردا شەرق ۋە غەربتىكى هەممە ئەللەر تەرەققىياتقا، يېڭى مەدەنىيەتكە يۈزلىنىش هۆكۈمەت هەرىكىتى ئارقىلىق داغدۇغىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان بولسا، شىنجاڭدا دەل بۇنىڭ ئەتۈرسىچە ياڭ زېڭشىننىڭ «نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇش» تەك رەزىل سىياسىتى سەۋەبىدىن قەشقەر، غۇلجا، تۇرپانلاردا يېڭىدىن كۆز ئاچقان مەرىپەت بۇلاقلىرىنىڭ كۆزلىرى رەهىمسىزلىك بىلەن تىندۇرۇلۇپ، جەدىتلىك هەرىكەتلىرىگە ئازراقمۇ راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتى بېرىلمىگەن.

ئەمما، جاهان مىقياسىدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللام باشلىغان جەدىتلىك هەرىكىتىگە تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەش پۇرسىتى ئاتا قىلغان. 1914- يىلى ئىيۇلدا مەشهۇر سارايېۋو ۋەقەسى سەۋەبىدىن پارتلىغان 1- دۇنيا ئۇرۇشى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشقا ئايلىنىپ، تۆت يىل ئۈچ ئاي داۋام قىلىپ، 1918- يىلى 11- نويابىردا ئاخىرلاشقان. بۇ قانلىق ئۇرۇشتا ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە مۆلچەرلىگۈسىز پايدا ئالغاندىن باشقا، ئۇرۇشقا قاتناشقان بارلىق دۆلەت ئېغىر زىيان تارتقان. چار پادىشاه مۇستەبىت هاكىمىيىتى ئەڭ بالدۇر غۇلاپ چۈشكەن. 1917- يىلى رۇسىيەدە ئىككى قېتىم زور ئىنقىلاب بولغان. فېۋرالدىكى «فېۋرال ئىنقىلابى» ئارقىلىق پېتېرگرادتا ۋاقىتلىق هۆكۈمەت قۇرۇلغان. «ۋاقىتلىق هۆكۈمەت ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلغان. چار پادىشاهلىق تۈزۈمگە قارشى بارلىق كىشىنى ئومۇميۈزلۈك كەچۈرۈم قىلغان. ئاممىۋى يىغىلىش، نامايىش ئۆتكۈزۈش، گېزىت- ژۇرناللارنى نەشر قىلىشقا رۇخسەت قىلغان. بارلىق سىياسىي پارتىيەنى ئېتىراپ قىلغان. 1917- يىلى باهاردا رۇسىيە ۋاقتىنچە دۇنيادىكى ئەڭ ئەركىن دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان.»[34] شۇ يىلنىڭ ئاخىرى بولشېۋىكلار «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى»نى قوزغاپ، هاكىمىيەتنى «فېۋرال ئىنقىلابى»ئارقىلىق قۇرۇلغان ۋاقىتلىق هۆكۈمەتتىن تارتىۋالغان. 1917- يىلدىن 1921- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا رۇسىيەدە لېنىن رەهبەرلىكىدىكى مەركىزىي هۆكۈمەت ئىنتايىن ئاجىز ئەهۋالدا تۇرغان. رۇسىيەدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئىنقىلاب تەبىئىي هالدا بىر ئەسىردىن بۇيان رۇسىيەنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىدا تۇرۇپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي

www.uyghurkitap.com

ئىستىقبالىنى نەزەرگە ئالغان مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. رۇسىيە تەۋەسىدىكى بارلىق مۇسۇلمان تۈركىي خەلقلەر رايونلىرىدا مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. كۆپ يىلدىن بۇيان ئىچكى ئىشلاردا ئەركىن، ئەمما تاشقى ئىشلاردا رۇسىيەگە باغلىنىپ تۇرۇۋاتقان بېقىندى خانلىق خىۋە خانلىقى بىلەن بۇخارا ئەمىرلىكمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئىشلىرىغا ئۆزى ئىگە بولۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. جەدىتچىلەردىن تەشكىل تاپقان «ياش بۇخارالىقلار» ۋە «ياش خىۋەلىكلەر» تەشكىلاتى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغان. «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىلغار مەنىۋى داھىيلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش مەقسىتىدە، 1917 ـ يىلىنىڭ مارت ئايلىرىدا بىر يەرگە يىغىلىپ، كۆپ ساندىكى ئەزاسى جەدىتچىلەردىن تەشكىل تاپقان ‹ئىسلام شۇراسى› نى قۇرۇپ چىققان. بۇ پارتىيەنىڭ سېكرېتارلىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بىرى بولغان مۇنەۋۋەر قارىي ئابدۇرەشىدخان ئۈستىگە ئالغان. ئۇلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە بىر قۇرۇلتاي چاقىرىشنى قارار قىلىشقان. قۇرۇلتاي تەييارلىقلىرى تاماملىنىپ، 1917 ـ يىلى 17 ـ ئاپرېل تاشكەنت شەھرىدە 440 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان تۇنجى قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلغان. بۇ قۇرۇلتايدا ‹رۇسىيەنىڭ كەلگۈسى ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ تۈزۈم ئىچىدىكى ئورنى› ھەمدە ‹رۇس كۆچمەنلىرىگە تارقىتىپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا› دېگەندەك بىر مۇنچە تېمىنى ئاساس قىلغان ھالدا مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇلغان. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جەدىتلىكنى ھىمايە قىلىشىدىغان كىشىلەر ئىدى.»[35] ئۇزاق ئۆتمەي قازاقلاردىن چىققان مەشھۇر جەدىتچى مۇستافا چوقاي ئوغلى رەھبەرلىكىدىكى قوقان مۇختارىياتى قۇرۇلغان. ئۈچ ئايغا يېقىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بۇ ھۆكۈمەت 1918 ـ يىلى 18 ـ فېۋرالدا قىزىل گۋاردىيەچىلەرنىڭ قوراللىق باستۇرۇشى بىلەن ئاغدۇرۇلغان. ئورنىغا تۈركىستان ئاپتونوم سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا توختاۋسىز سىياسىي ئۆزگىرىش ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىنقىلاب يۈز بېرىپ، داغدۇغىسى جاھانى بىر ئالغان مۇشۇ يىللاردا قەشقەردىكى بۇرۇقتۇرما ۋەزىيەتتىن ئىچى سىقىلغان، غايە ـ ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشماي تاقىتى تاق بولغان ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىياغا يەنە بىر قېتىم سەپەر قىلغان. بۇ قېتىمقى سەپەر ۋاقتى 1918 ـ يىلدىن 1921 ـ يىلغىچە بولغان. بۇ جەرياندا ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلغان. ھەر قايسى سىياسىي گۇرۇھنىڭ مۇددىئا ـ مەقسەتلىرىنى تەھلىل قىلغان. بولشېۋىكلار ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرغان. شۇ جەرياندا ئوشتا بىر ئۆزبېك ئايالنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئوغۇل كۆرگەن. 1921 ـ يىلى رۇسىيە تۇپرىقىدا بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملىنىپ، خەلقئارادىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوخشاشمىغان سىياسىي قاراشتىكى پائالىيەتچىلەر، بىر قىسىم داڭلىق دىنىي زات ۋە مال ـ مۈلكى كۆپ باي تۈرلۈك ئوي ـ خىيال بىلەن قوشنا ئەللەرگە قاراپ يول ئالغان. ئابدۇقادىر داموللام بولۇۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەردىن بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى كېلەچىكىنى كۆرۈپ يەتكەن. ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ يىلغا سوزۇلغان كۆزىتىش، كۈتۈش، ئويلىنىش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۇشتىن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۇ قېتىمقى سەپەردىن قايتقاندىن كېيىن قەشقەردە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىدىن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى مەرىپەتچىلىك غايىسىگە ئىگە جەدىتچىدىن ئىجتىمائىي كۈرەش ئىرادىسىگە ئىگە كەسكىن ئەمەلىيەتچىگە ئايلانغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى خەلق ئارىسىدا رىۋايەت تۈسىنى ئالغان. ئۇنىڭ تەسىرى يۇقىرى چەككە يەتكەن. ئۇ، خەلقنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە ياشاۋاتقان تەسلىمچى مەنسەپدارلارغا، جاھالەت ھامىيلىرى بولغان مەككار ئۆلىما ـ ئىشانلارغا، مال ـ دۇنيا توپلاشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان ئاچ كۆز بايلارغا قىلچە يۈز خاتىرە قىلماي، مۇرەسسەسىز مۇئامىلە قىلغان. قەشقەردىكى خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرىغا قارشى كەيپىياتنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخىدىكى تۇنجى نامايىشنى تەشكىللەپ، ئاممىۋى نارازىلىق ھەرىكىتىنى قوزغىغان.

غەرب خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرى ــ مىسسىيونېرلىرى (قەشقەرلىكلەر مىسسى دەپ ئاتايتتى) قەشقەرگە 1892 ـ يىلى قەدەم قويغان. شۋېتسىيە باش دىنىي جەمئىيىتىنىڭ كافكاز رايونىدا دىن تارقىتىۋاتقان مىسسىيونېرى ھۆيجېر رۇسىيە بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن تۈركىيەلىك ئەرمەن يۇھاننېس ئاۋىتارانىئات دېگەن شاگىرتىنى ئەگەشتۈرۈپ 1892 ـ يىلى قەشقەرگە كەلگەن. بىللە كەلگەن ئۇ تۈركىيەلىك ئەرمەن تۈرك تىلىنى بىلەتتى ھەم ئەسلىي ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇ، كافكازدا ھۆيجېر بىلەن تونۇشۇپ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. ئۇنىڭ تۈرك تىلىنى بىلىشى ۋە ئىسلام دىنى بىلەن پىششىق تونۇشلۇقى ھۆيجېرنى قىزىقتۇرغان. ھۆيجېر قەشقەرگە كېلىپ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن قەشقەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىردىنبىر دىن تارقىتىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتكەن. ئارقىدىنلا بىر ئۆمەك تەشكىللىنىپ ھۆگبېرگ دېگەن پوپنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1894 ـ يىلى فېۋرالدا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ 10 يىلدىن ئارتۇق ئېلىپ بارغان ئېتىقاد ئۆزگەرتىش تىرىشچانلىقى ئىسلام دىنى ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن قەشقەردە ھېچقانداق ئۇنۇم بەرمىگەن. ئۇلار قەشقەر خەلقىنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىۋاستە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن 1906 ـ يىلى قاھىرەدە ئېچىلغان گوسپېل يىغىنىنىڭ روھى بويىچە، دوختۇرخانا، مەكتەپ، دارىلئېتام ئېچىش، شۇ ئارقىلىق داۋالاش

ۋە تەربىيەلەش يولى بىلەن ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئويلىغان. بۇ نۇقتىنى شۋېتسىيەلىك گۇننار ياررىڭمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ «دوختۇرخانا خىزمىتى بىلەن مائارىپنى يولغا قويۇش دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۈچۈن يول راسلاش ـ كۈۋرۈك سېلىشتىن ئىبارەت ئىدى»[36] دەپ يازغان. «تۈپ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ رايوندا خرىستىيان دىنىنى تارقىتىشقا كىرىشىشى ھەممىدە يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەت ئەقىدىسى بىلەن زىچ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشى بىر (مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى) دىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.» [37] ئۇلار دىن تارقىتىش خىزمىتىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىشلىگەن. ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم بالىلارنى بېقىپ تەربىيەلەش ئارقىلىق بارا ـ بارا ئېتىقاد ئۆزگەرتىش خىزمىتىدە ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. 1920 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە بارىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانى 100 دىن ئېشىپ كەتكەن. 1923 ـ يىلى ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ 200 دىن ئاشقان.

ئابدۇقادىر داموللام خەلقنىڭ مىڭ يىلدىن ئاشقان ئەقىدە ـ ئېتىقادى خىرىسقا دۇچ كەلگەن مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ خەلقنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادىنى چىڭىتىش، دىنىي كىملىكىنى ھېس قىلدۇرۇش، نۆۋەتتىكى كرىزىسقا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرۇلۇق پۇرسەت يار بەرگەنلىكى سورۇندا تەشۋىقات ـ تەربىيەنى كۈچەپ قانات يايدۇرغان. ئالدى بىلەن شاگىرتلىرىنىڭ قەلبىگە مىسسىيونېرلارغا قارشى غەزەپ يالقۇنىنى تۇتاشتۇرغان . ھەر كۈنى ناماز ـ دىگەردىن كېيىن ھېيتگاھ جامەسىدە ئەمرىمەرۇپ، مۇنازىرە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋەز ـ تەبلىغ قىلىپ، غاپىل خەلققە ئۈزلۈكسىز تەشۋىقات، تەرغىبات ئېلىپ بارغان. مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار بىلەن مۇنازىرە قىلىپ، كامالەتكە يەتكەن مۇنازىرە قابىلىيىتى ۋە ھەققانىي سۆزلىرى بىلەن ئۇلارنى مات قىلغان. تار دائىرىدىكى يۇمشاق ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش بىلەنلا قانائەت تۇيغۇسىغا چۆمۈپ، خاتىرجەم ياشاشقا ئادەتلەنگەن موسموس موللىلارغا نەپرەتلەنگەن ئابدۇقادىر داموللام ئۇلارنىڭ ئىبادەتنى تولىمۇ يۈزە چۈشىنىپ، بىپەرۋا كۈن ئۆتكۈزۈشلىرىگە چىداپ تۇرالماي، يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرى بىلەن ئۇلارغا بۇرچىنى تونۇش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلغان. ئۇ ئېنىق قىلىپ «ئالىملىرىمىز زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى خالايىققا ئەينەن يەتكۈزسۇن» دەپ ئېيتقان. ئابدۇقادىر داموللام يۇرت كاتتىلىرى بولغان بېخىل بايلارغا قەشقەر كوچىلىرىدا سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بالىلارنى، گۈلەخلەردە كۈلگە كۆمۈلۈپ ياتقان يېتىم ـ يېسىرلارنى قانات ئاستىغا ئېلىش، ئۇلارغا ساخاۋەت داستىخىنىنى يېيىپ، قېرىنداشلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ھەققىدە يول كۆرسەتكەن. ئابدۇقادىر داموللام ئۇلارغا «ئۆزىمىز يۇرتىنىڭ كۆزى، خەلقنىڭ بېشى بولۇپ تۇرۇقلۇق خەلقنى بەخت ـ سائادەتكە باشلاپ ماڭماستىن، پۈتۈن ئىشتىياقىمىز بىلەن شەخسىي تاپاۋەت يولىغا ماڭساق، قولغا كىرگەن تىللا ـ تەڭگىلەرنى ئەۋرەزگە كۆمۈپ خاتىرجەم ياتساق، ئىستىقبالىمىز توغرىسىدا زەررىچە قايغۇرمىساق كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاسىي گۇناھكار بوپقالماسمىزمۇ!... ئەپسۇسكى، بىز غەمخورلۇق قىلماي كوچىغا تاشلىۋەتكەن بالىلىرىمىزنى ياۋروپادىن كەلگەن مۇخالىپەتچىلەر ئۆز قوينىغا تارتماقتا. ئىنگلىز ـ شۋېتلار قانداقتۇر شىپاخانا قۇرۇپ، داۋالاش يوللىرى بىلەن ئەقىدە ئوغرىلىماقتا. ئۇلار بىزنىڭ بالىلىرىمىزغا بىر مىسقال تەسىر كۆرسىتىشكە كۆزى يەتسە، ئايانماستىن يۈز سەرلەپ تەڭگە سەرپ قىلماقتا. بىز بولساق بالىلىرىمىزنى كوچىلارغا تاشلاپ، ئۆزىمىزدىن يىراقلاشتۇرماقتىمىز.»[38] دېگەندەك جاراڭلىق خىتابلارنى قىلغان. «نەسىھەتى ئامما» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى قايتا باستۇرۇپ كەڭ تۈردە تارقاتقان. ئۇ بۇ ئېسىل ئەسىرىدە خەلققە مۇنداق مۇراجىئەت قىلغان: «بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىدۇر! جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم ۋە مەرىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر! ھېلىھە ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار.»[39] پروگراممىلىق خاراكتېرلىك بۇ ئەسەر ئەينى ۋاقىتتا زىلزىلە خاراكتېرلىك ئۈنۈم پەيدا قىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ تەسىرى بىلەن كىشىلەردە مىللىي ئاڭ ئويغىنىشقا باشلىغان. ئىلگىرىكى مەرىپەتچىلىك روھى بۇ مەزگىلگە كەلگەندە سىياسىي ئاڭنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن تېخىمۇ بېيىغان. قىسقىسى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە قەشقەر تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدا يېڭىچە كەيپىيات بارلىققا كەلگەن. كىشىلەر يېڭىلىق، تەرەققىيات، مەرىپەت ھەققىدىلا ئەمەس، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدىمۇ ئويلىشىدىغان، سۆزلىشىدىغان بولغان. ئۇ، ھۈسەيىنخان قۇتبىددىنشاھ تەجەللىي، باھاۋۇدۇن باي، شەمسىددىن داموللام، سابىت ئابدۇلباقى كامالى، قۇتلۇق شەۋقىي، ھاجى مۇھەممەد ئەلى قاتارلىق مەشھۇر مەرىپەت ئاشنالىرىنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھەمدەمدە بولۇشى نەتىجىسىدە يېڭى بىر ئەۋلاد پىداكار شاگىرتلارنى تەربىيەلەپ چىققان. مۇشۇ مەزگىلدە قەشقەردە «ياش قەشقەرلىكلەر» نامىدا بىر تۈركۈم جەدىتچە روھتىكى زىيالىي بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيىتى قەشقەردە يېڭى جانلىنىش مەنزىرىسىنى پەيدا قىلغان. قاغىلىقتا تۇرۇپ قەشقەردىكى ئۆزگىرىشلەرگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئاتاقلىق شائىر، ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى ھۈسەيىنخان قۇتبىددىنشاھ تەجەللىي ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قولىدا ئوقۇۋاتقان گۈملۈق شاگىرتى ئابدۇجېلىلغا يازغان شېئىرىي مەكتۇبىدا «غازىنىڭ غەيرىتىدىن تۇغۇلغان غەۋغالارنى يېزىپ تۇرغىن»[40] دەپ تاپىلىغان. بۇنىڭدىن ئابدۇقادىر

www.uyghurkitap.com

داموللامنىڭ قەشقەردىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھات پائالىيەتلىرىنىڭ ئەينى چاغدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر قىزىق تېما بوپقالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەينى يىللاردا، يەنى 1920 ـ يىللارنىڭ بېشىدا بولشېۋىزم بىلەن بىرىتانىيە كېڭەيمىچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا بولغان سىڭىپ كىرىش قارا نىيىتى، شىنجاڭنى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىگە ئېلىش ئۇرۇنۇشلىرى قەشقەر ۋەزىيىتىنى ناھايىتى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىققان. 1924 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللام ھەر قايسى مەدرىسەدىكى تالىبلارنى تەشكىللەپ شۋېت دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قارشى نامايىش تەشكىللىگەن. 1936 ـ يىلى نەنجىڭدە نەشر قىلىنغان، زېڭ ۋېنۋۇ يازغان «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» دېگەن كىتابتا يېزىلىشچە، «مىنگونىڭ 12 ـ يىلى قەشقەردىكى چوڭ مۇپتى ئابدۇقادىر داموللام خىرىستىيان كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭدا يامراپ كېتىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ مۇسۇلمانلارنى ئويغىتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن ژۇرنال چىقىرىشقا ئىجازەت بېرىشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلمىغان. ئابدۇقادىر داموللام تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى يېزىپ، تالىبلىرىغا ھەرقايسى مەسچىتكە چاپلاشقا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇنى ئوقۇغانلار ناھايىتى كۆپ بولغان. ئۇنۇمى چوڭ بولغان.» مانا مۇشۇنداق ئىدىيەۋى قوزغىتىش نەتىجىسىدە قەشقەردىكى ئوقۇغۇچىلار پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈشۈپ، شوئار توۋلاپ كوچىلارنى ئايلانغان. پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈشكەن ئوقۇغۇچىلار مىسسىيونېرلارنىڭ تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان، باسما ماشىنىلىرىنى پاچاقلىۋەتكەن. بۇ ئىش قەشقەرنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەن. قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى، شۋېت مىسسىيونېرلىرى ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئادەملىرى چۆچۈپ كەتكەن. «نامايىش كۆتۈرۈلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا قەشقەر دوتەيى ئابدۇقادىر داموللام، مامۇت ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم باشلىق 30 غا يېقىن كىشىنى 40 كۈن ھەپسىگە سولاپ قويغان.»[41] يات زېمىن ھۆكۈمىتى ئىشنى ئۆزىنىڭ ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇلارغا ۋەدە بەرگەن. جۇڭگونىڭ فېئوداللىق مەدەنىيىتى ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن مۇتەپەككۇر ئەدىب لۇشۇن ئەپەندى جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىنى «ئادەمخور جەمئىيەت» دەپ ئاتىغان. ئۇ، جۇڭگو فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ نېگىزلىك ئىللەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ: «جۇڭگونىڭ كونا ئۇدۇمى شۇنداق، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنىڭ قورسىقىدا ئومۇمەن قانخورلۇق ئامىللىرى بولىدۇ. ئۇلار يولى ياتلارغا ھەر قاچان ئۆلۈم يولىنى راسلاپ قويىدۇ»[42] دەپ كۆرسەتكەن. جۇڭگو فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان مەككار سىياسىيون يات زېمىن ئادەمخورلۇقتا ئۇچىغا چىققان فېئودال مەنسەپدار ئىدى. ئۇ: «مائارىپى يوق مىللەت دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان قازاننىڭ ئاستىدىكى قوڭغۇزغا ئوخشايدۇ. جاھان مۇشۇ دەپ يۈرۈۋېرىدۇ. نادان خەلقنى باشقۇرماق ئاسان، ئۇلارنى قويغا ئوخشاش خالىغان تەرەپكە ھەيدەپ كەتكىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۈچۈن مەن ئۇلارغا مائارىپنى بەرمەيمەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ھەر قانداق ئىقتىدارلىق ۋە ئەقىللىق كىشىنى دەرھال نەزەربەند قىلىمەن، بىر باھانە تېپىپ يوق قىلىمەن»[43] دېگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئابدۇقادىر داموللامدىن ئىبارەت بۇ دانا ئىسلاھاتچىنى يوقىتىش مەقسىتىنى كالتە پەم، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان، مۇناپىق مىجەز شەخسىيەتچى بايلار بىلەن ھەسەتخور ئۆلىمالارنىڭ غالچىلىق قىلىپ ماسلىشىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغان.

قەتئىي ئىرادىلىك ـ مۇرەسسەسىز ۋەتەنپەرۋەر، پىداكار يولباشچى، مۇتەپەككۇر ئىسلاھاتچى، ئوت يۈرەك جەدىتچى ئابدۇقادىر داموللام 1924 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇست تاڭ سەھەردە قەشقەر شەھىرىدىكى ئۆيىدە ياللانغان قاتىل تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن زور يوقىتىش ھېسابلانغان بۇ قاتىللىق پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا پۇر كەتكەن. قەشقەردىكى ئىلغارلىققا مايىل كۈچلەر تۈركۈملەپ قولغا ئېلىنغان. بىر قىسمى تاشكەنت، ئەنجان، قاراقولغا، بىر قىسمى غۇلجىغا، يەنە بىر قىسمى شائخەي، تيەنجىنگە قېچىپ قۇتۇلغان. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى سەۋەبىدىن قەشقەر خەلقى چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمگەن، قۇتلۇق شەۋقىي، مەمتىلى ئەپەندى، شەمسىددىن داموللام قاتارلىق شائىرلار ئازابلىق ھېسسىياتى بىلەن مەرسىيەلەرنى يازغان، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىخلاسمەن شاگىرتلىرى ھەسرەتلىك قوشاقلارنى توقۇشقان:

ئېتىك بەكمۇ چىرايلىق،
ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ.
خەلقىمىزگە يول باشلاپ،
ئۆمرۈڭ ئۆتكەن ئەمەسمۇ.

داموللام ئۆلۈپ كەتتى،
تالىبلار يېتىم قالدى.
سەن ياشىغان بۇ يۇرتتا
شەيتانۇ رەجىم قالدى.

داموللام شېھىت بولدى،
ياتار جايى بېھىش بولدى.
داموللامغا قەشقەرلىك
كۆپ يىغلاپ بىھوش بولدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھازىرقى زامان ئىدېئولوگىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇل سالغان، جەدىتچىلىك ئىدىيەسىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئۈنۈملۈك يەتكۈزۈپ، تۇنجى ئىسلاھات ھەرىكىتىنى قوزغىغان بۇ ئۇلۇغ يولباشچىنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچرىشى خەلقىمىزنىڭ مىللىي ھاياتىدىكى زىيىنى ھەقىقەتەنمۇ زور تارىخىي تىررورلۇق ئىدى. بۇ زور يوقىتىشنى گويا ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك: «كىشىنى ئەسىرلەپ ئويلاندۇرىدىغان ۋە ۋىجدان نەپرىتىنى قوزغايدىغان پاجىئە

بولدى.»[44] دەپ خاراكتېرلەشكەن بولدۇ. بۇ پاجىئە بىزنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسرلەپ ئويلاندۇرىدۇكى، سەئىدىيە خانلىقىدىن كېيىن 300 يىللاپ داۋام قىلغان جاھالەت تۇتەكلىرى ئىچىدە ئۆلۈم ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ كەلگەن غاپىل خەلققە «بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق ———— يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر!» دەپ تەخىرسىز ھېسسىياتتا تۇنجى بولۇپ جاراڭلىق خىتاب قىلغان ئەزىمەت ئابدۇقادىر داموللام ئىدى. كاللىسىدا زامانغا لايىق ھېچقانداق بىر ئاڭ - چۈشەنچە يوق نادان خەلققە مەرىپەتچىلىك، مىللىيەتچىلىك ئېڭىنى ئەڭ دەسلەپ سىڭدۈرگەن مۇنەۋۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئىدى. سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىمكانىيەتلىرى بەكمۇ تۆۋەن ھالەتتىكى چۈشكۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭىلاش ۋە گۈللىنىش ئىدىيەسىنى تاراتقان تۇنجى ئىسلاھاتچى ئابدۇقادىر داموللام ئىدى! ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەستلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ پاجىئە شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ۋىجدان نەپرىتىمىزنى قوزغايدۇكى، ئەسىرلەردىن بېرى نادانلىق، قاششاقلىق، چۈشكۈنلۈك، چېچىلاڭغۇلۇق ئىچىدە تېپىرلاپ كېلىۋاتقان بىر خەلقنى سەگەكلىك بىلەن ياشاشقا ئۈندىگەن، يېڭىلىققا يېتەكلىگەن، ئىنسانىي قەدىر - قىممىتى بىلەن ياشاشقا دەۋەت قىلغان، ئادالەت ۋە سائادەت يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە چاقىرغان بىر دانا يولباشچىنى كاللىسى فېئودال ئاڭ - ئىدىيە بىلەن تولۇپ كەتكەن ئەكسىيەتچى مەنسەپدار ياڭ زېڭشىنىڭ كۆزىنى مىت قىلماستىن يوق قىلىۋەتكەنلىكىدۇر. بۇنداق قاباھەت قىلمىش فېئودال پادىشاھلىق شارائىتىدا كۆرۈلگەن بولسا، چۈشىنىشكە بولىسمۇ، «4 - ماي» دىن كېيىن جۇڭگونى قاپلىغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى شارائىتىدا قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان نومۇسسىزلىق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بىزنىڭ ۋىجدان نەپرىتىمىزنى قوزغايدىغان يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ئابدۇقادىر داموللامدەك مۇنەۋۋەر يولباشچىنى يوقاتقان رەزىل دۈشمەنلەر ئىچىدە بىزنىڭ ھاماقەت قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ بار بولغانلىقىدۇر.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تۆھپىسى ۋە ئىدىيەسىگە زامانىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار يۇقىرى باھالارنى بېرىشتى. پروفېسسور ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان ۋە جاڭ مىڭ، نۇرمۇھەممەت زامانلار تۈزگەن «20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «ئابدۇقادىر داموللام مەشھۇر جامائەت ئەربابى ۋە مەرىپەت پائالىيەتچىسى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە مەرىپەت ھەرىكىتىدە ئابدۇقادىر داموللام باشلامچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان، شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇر ئىدىيە مەدەنىيىتىنىڭ مەرىپەت ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچقان»، «ئابدۇقادىر داموللام ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىر نۇرلۇق چولپان ۋە يول ئاچقۇچى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، نادانلىققا قارشى تۇرۇش، ئازادلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، تەرەققىيات، دېموكراتىيە تەلەپ قىلىش ئىدىيەسى ئابدۇقادىر داموللامدىن باشلانغان.»[45]

2010-يىل فېۋرال. ئەھرى ئۈرۈمچى

## نەقىل مەنبەلىرى ۋە ئىزاھلار

[1] مافۇدې: «يېقىنقى زامان ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتى — ۋەھھابىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى ئۈستىدە تەتقىقات»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2006 - يىل نويابىر نەشرى. خەنزۇچە، 119 - بەت. ما فۇدې بۇ نەقىلنى ئەلى نەجىبىينىڭ «ھىجرىيە 13 - ، 14 - ئەسىرلەردىكى ئېتىقاد ۋە ئىلىم - پەن كىرىزىسى ھەم ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى» ناملىق ئەرەبچە كىتابىدىن ئالغان. بۇ كىتاب مەككە «گۈزەللىك» كۇتۇپخانىسى تەرىپىدىن 1998 - يىلى نەشر قىلىنغان.

[2] سەي دېگۇي: «بۈگۈنكى زامان ئىسلام - ئەرەب پەلسەپەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 128 - ، 132 - ، 129 - بەتلەر.

[3] شوۋۋخ دايىن: «مىسىرنىڭ يېقىنقى زامان ئەدەبىيات تارىخى»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1980 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 128 - بەت.

[4] جى شيەنلىن باش مۇھەررىرلىكىدە چېن جياخۇ، ئەن ۋېيخۇا، لو گوجاڭ، گۇچياۋچياۋ، لىن فىڭمىن قاتارلىقلار تۈزگەن «ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم»، ئىقتىساد گېزىتى نەشرىياتى 1998 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 100 - بەت.

[5] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىل نەشرى 363 - بەت.

[6] سەي دېگۇي: «بۈگۈنكى زامان ئىسلام - ئەرەب پەلسەپەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 126 - بەت.

[7] «تەجەللىي شېئىرلىرىدىن»، مىللەتلەر نەشرىياتى بېيجىڭ 2000 - يىل نەشرى 104 - بەت.

[8] ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەستكە ئۇچرىغان يىلى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن تۇغۇلغان يىلى توغرۇلۇق ھەر خىل ئۇچۇر بار. شائىخەي لۇغەت نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشر قىلغان «دىن لۇغىتى» دە ئېنىق ئەمەس دېگەن مەنىدە سوئال بەلگىسى قويۇلغان. خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى يازغان، 1990 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە» ناملىق بىئوگرافىك رومانىدا 1862 - يىلى دەپ كۆرسىتىلگەن. نۇرمۇھەممەت زامان تۈزگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1995 - يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4) دا 1862 - يىلى دەپ يېزىلغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىلى نەشر قىلغان «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر لۇغىتى» (خەنزۇچە) دە 1862 - يىلى دەپ يېزىلغان. تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم سابىت 1999 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «ئابدۇقادىر داموللام ۋە ‹مىفتاھۇل - ئەدەب›» ناملىق ماقالىسىدە ھىجرىيە 1271 - يىلى ‹مىلادىيە 1854 - ، 1855 - يىللىرى› تۇغۇلغان دەپ يازغان. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ 1985 - يىلى سەئۇدىي ئەرەبىستاندا قايتا بېسىلغان «تەجۋىد تۈركىي» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرىدا مىلادىيە 1881 - يىلى تۇغۇلغان دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇ يىلى، شۇ جايدا بېسىپ تارقىتىلغان «ئاقائىد زۆرۈرىيە» دېگەن كىتابدا ئا. ئەزىزىي دېگەن كىشى 1862 - يىلى دەپ، مۇھەممەد ئىمىن

www.uyghurkitap.com

ئىسلامىي ھىجرىيە 1281ـ يىللىرى (مىلادىيە 1864ـ 1865) دەپ، مۇھەممەد قاسىم ئىمىن 1881ـ يىللىرى دەپ ھەر خىل يازغان. ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان گېزىت- ژۇرناللار ۋە كىتاب ـ ماتېرىياللاردا 1862ـ يىلى تۇغۇلغان دەپ ئومۇملىشىپ قالغان. مېنىڭچە، ئابدۇقادىر داموللام 1870ـ يىللىرى تۇغۇلغان. ئابدۇقادىر داموللام 1916ـ يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئۆزى ھەققىدە «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» ناملىق بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغان. شۇ ماقالىدە «دەسلەپكى ئوقۇشۇم قەشقەر ناھىيەسى، ئۆز ۋەتىنىم ئارتۇش قەسەبەسىندە بولدى. كېيىن قوقاندا ئىككى يىل ئوقۇدۇم. ھىجرىيە 1309ـ يىللاردا بۇخاراغا باردىم، ئۇ يەردە يەتتە- سەككىز يىل ئوقۇدۇم» دەپ يازغان. ھىجرىيە 1309ـ يىلى مىلادىيە بويىچە 1890ـ ياكى 1891ـ يىل بولىدۇ. بىز ئابدۇقادىر داموللامنى يەتتە- سەككىز ياشلاردا ساۋاق ئېلىشقا باشلىغان دەپ قاراپ ئاتۇش بىلەن قوقاندا ئوقۇغان ۋاقتىنى قوشۇپ 12ـ 13 يىل دەپ پەرەز قىلساق، بۇخاراغا بارغاندا 20ـ 21 ياشلاردا بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا 1870ـ يىللىرى تۇغۇلغان بولىدۇ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەسىرىدىكى ئۈچۈر ئاساسىدا چىقىرىلغان بۇ مەنتىقىي يەكۈننى شەمشىنۇر خانىمنىڭ ئاغزاكى ئۇچۇرى تېخىمۇ كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە قىلدى. شەمشىنۇر خانىم 1951ـ يىلىدىن بېرى غۇلجىدا ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان ئايال بولۇپ، ئابدۇقادىر داموللام قەستكە ئۇچراپ ياندۇرقى يىلى تۇغۇلغان ئوغلى ئابدۇ قادىر داموللامغا 1947ـ يىلى ياتلىق بولغان. شەمشىنۇر خانىم قېينانىسى نائىلە خانىمنىڭ خىزمىتىنى 1977ـ يىلى ــ نائىلە خانىم 97 يېشىدا قازا قىلغانغا قەدەر قىلغان. ئاشۇ 30 يىل جەريانىدا نائىلە خانىم ئابدۇقادىر داموللامدىن 42 يېشىدا تۇل قالغانلىقىنى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەستكە ئۇچرىغاندا 54 ياشتا ئىكەنلىكىنى، تۇنجى پەرزەنتى ئابلىز مەخسۇمنى قەشقەر، ئاتۇشتا چوڭ يەر تەۋرەپ (1902ـ يىلى ئاۋغۇست)، ياندۇرقى يىلى تۇغقانلىقىنى كۆپ قېتىم سۆزلەپ بەرگەن. شەمشىنۇر خانىم بۇ ئۇچۇرلارنى ماڭا ئۇرۇمچىدىكى ئوغلى مۇرات ئابدۇقادىرنىڭ ئۆيىدە 2010ـ يىلىنىڭ بېشىدا ـ 78 يېشىدا سۆزلەپ بەردى. شەمشىنۇرخانىم ساغلام، زېرەك، خاتىرىسى كۈچلۈك، تەبىئىتى پاكىز ئايال ئىكەن.

[9] ئابدۇرېھىم سابىت ئەپەندى «ئابدۇقادىر داموللام ۋە ‹مىفتاھۇل- ئەدەب› » ناملىق ماقالىسىدە، ئابدۇقادىر داموللام 15 ياشقا كىرگەندە قەشقەر شەھىرى ئوردا ئىشىكىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسەسى»گە ئوقۇشقا كىرىپ، «موكا» لەقەملىك ياقۇپ ئاخۇن داموللام ۋە موللا ئىسلام داموللامدا ئوقۇغان دەپ يازغان. لېكىن ئابدۇقادىر داموللام ئۆزى ھەققىدىكى «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» دېگەن ماقالىسىدە ئاتۇشتىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ قوقانغا چىقىپ ئىككى يىل ئوقۇغانلىقىنى، ئۇ يەردىن بۇخاراغا بېرىپ سەككىز يىل ئوقۇغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلغان. شۇڭا قەشقەردە ئوقۇغان- ئوقۇمىغانلىقىنى دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

[10] «سەمەرقەند سەيقىلى ئالەم، بۇخارا قۇۋۋىتى ئىسلام» دېگەن بۇ ئۇلۇغلاشنىڭ تارىخىي سەۋەبى بار بولۇپ، بۇ، تۇران تۇپرىقىنىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمرانى ئەمىر تېمۇر كۆرەگانىي (1335 ــ 1405) نىڭ سەمەرقەندنى دۇنيا بويىچە ئەڭ كاتتا شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىققانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، شائىر مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي «سەمەرقەند سەيقىلى ئالەم (سەمەرقەند ئالەمدىن ئىبارەت ئۈزۈكنىڭ كۆزى)، بۇخارا قۇۋۋىتى ئىسلام (بۇخارا ئىسلامنىڭ قۇۋۋىتى)، بىزدەك تۈركىي ئادەمگە بۇ شەھىرى خوتەن ياخشى» دەپ ئۇلۇغلىغانىدى.

[11] بۇ مەلۇمات ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ«ئابدۇقادىر داموللام ۋە ‹مىفتاھۇل ــ ئەدەب› » ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

[12] مىرقاسىم گوسمانوف: «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئىسمائىل غاسپىرالى» . «ئىسمائىل غاسپىرالى »ناملىق تارىخىي- دوكۇمېنتال توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالە. بۇ كىتاب تاتارىستان قازان «جىيىن »نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

[13] رىزائىددىن ئىبنى فەخرىددىن: «ئىلمى ئەخلاق» («ئەدەپ- ئەخلاق مىزانلىرى» )، مىللەتلەر نەشرىياتى بېيجىڭ 2005ـ يىل نەشرى؛ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2006ـ يىل نەشرى.

[14] «مىفتاھۇل ــ ئەدەب» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 1ـ بەت.

[15] «ئۈمىد يۇلتۇزى» ــ غۇلجا شەھەر 2ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىغا بېغىشلانغان كىتاب، 2001ـ يىلى بېسىلغان نۇسخا 288ـ بەت.

[16] نۇشىرۋان يائۇشېف: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت» ، «مىراس» ژۇرنىلى 2005ـ يىل 1ـ سان.

[17] چوقان ۋەلىخانوف: «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى» ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2001ـ يىل 2ـ سان 48ـ بەت.

[18] ئويىشى شىنىچىرو: «قەشقەردىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى» ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2000ـ يىل 2ـ سان 24ـ بەت.

[19] جى شيەنلىن باش مۇھەررىرلىكىدە چېن جياخۇ قاتارلىقلار تۈزگەن: «ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم» ، ئىقتىساد گېزىتى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1998ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 242ـ بەت.

[20] بۇ غۇلغۇلىنى 1913ـ يىل 4ـ مايدىكى «ۋاقىت» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان خەۋەردىن ھەم نۇشىرۋان يائۇشېفنىڭ 1915ـ يىلى قەشقەردىن يازغان خەۋەر- ماقالىلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بېيجىڭنىڭ مۆپەتتىشى، خۇيزۇ ۋاڭ ئاخۇن ئابدۇلرەھمان بىلەن بېيجىڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەبۇبەكرى ئاخۇنمۇ بۇ ھەقتە قەشقەرگە نەچچە رەت خەت يېزىپ سۈيلىگەن.

[21] لۇئىس لىگېتى (ھونگرىيە): «بىلىنمىگەن ئىچكى ئاسىيا» ، مىللەتلەر نەشرىياتى بېيجىڭ 2009ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 1ـ بەت.

[22] ئادىل ھېكمەت بەي (تۈركىيە): «ئاسىيادا بەش تۈرك» ، ئىستانبۇل، «ئۆتۈكەن» نەشرىياتى 1999ـ يىل نەشرى 128ـ بەت.

[23] ئەھمەد كامال (تۈركىيە): «چىن ـ تۈركىستان خاتىرىلىرى» ، ئىستانبۇل، «ئۆتۈكەن» نەشرىياتى 1998ـ يىل نەشرى 94ـ بەت.

[24] ئەسەت سۇلايمان:«20ـ ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلى 1998ـ يىل 2ـ، 3 (قوشما) سان؛ «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 96ـ بەت.

[25] بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامى ئەھمەد كامالنىڭ ئەسىرىدە «ئىنتىھات ۋە تەرەككىي دارىلمۇئەللىمىن» دەپ يېزىلغان. «مەشئەل» دېگەن مەجمۇئەدە «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» دەپ يېزىلغان. 1914ـ يىلى باھاۋۇدۇن باي بۇ مەكتەپ ئۈچۈن ئورىنبۇرگدا باستۇرغان «ئېلىپبەيى تۈركىي» ناملىق كىتابتا «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن» دەپ يېزىلغان.

[62] ئەھمەد كامال (تۈركىيە): «چىن ـ تۈركىستان خاتىرىلىرى» ، ئىستانبۇل، «ئۆتۈكەن» نەشرىياتى 1998ـ يىل نەشرى 108ـ بەت.

[27] ئويىشى شىنىچىرو: «نۇشىرۋان يائۇشېفنىڭ ساياھىتى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2004ـ يىل 2ـ سان.

[28] ئادىل ھېكمەت بەي (تۈركىيە): «ئاسىيادا بەش تۈرك» ، ئىستانبۇل، «ئۆتۈكەن» نەشرىياتى 1999ـ يىل نەشرى 125ـ بەت.

[29] ئالبېرت فون لېكوك: «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 47ـ بەت.

[30] ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000ـ يىل نەشرى 130ـ بەت.

[31] «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (3)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 85ـ بەت.

[32] چېن خۈيشېڭ، چېن چاۋ: «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى133ـ، 134ـ بەتلەر.

[33] چېن خۈيشېڭ، چېن چاۋ: «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004ـ يىل نەشرى 146ـ بەت.

[34] ي. ۋ. ئانىشموف: «رۇسىيە ئارخىپلىرىدا دائىر ۋەقەلەر»، «شەرق»نەشرىياتى 2009- يىل ئىنگلىز نەشرى (خەنزۇچە) 417- بەت.

[35] ئەھەد ئەنجانىي (تۈركىيە): «چەت ئەللەردە جەدىتچىلىكتىن ئىستىقلالىيەتكىچە»، ئىستانبۇل، ئەمرە نەشرىياتى 2003 -يىل نەشرى 39 - بەت

[36] گۇننار ئالفرېد ياررىڭ (شۋېتسىيە): «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 136- بەت.

[37] ئەسەت سۇلايمان: «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 148- بەت.

[38] خېۋىر تۆمۈر: «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە»، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1990- يىل نەشرى 272- بەت.

[39] ئابدۇقادىر داموللا ئىبنى ئابدۇلۋارىس كاشغەرىي: «نەسىھەتى ئامما»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000- يىل 1- سان 70- بەت.

[40] ئابدۇقادىر داموللام ئۆزىنىڭ تەخەللۇسىنى 1907- يىلى ئۇستازى، بۇخارا مۇپتىسى ئىۋەز خوجەندىنىڭ ئۆلۈمىگە يازغان مەرسىيەسىدە «غازى» دەپ ئاتىغان. كېيىن «ئەزىزىي» دېگەن تەخەللۇسنىمۇ قوللانغان. زامانداشلىرى كۆپرەك «غازى» دەپ تەرىپلەيتتى.

[41] باتۇر روزى: «يېڭى مائارىپ بايراقدارى — ئابدۇقادىر داموللام»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003- يىلى نەشرى 90- بەت.

[42] «لۇ شۈن ئەسەرلىرى» 3- قىسىم («سايىۋەنىنىڭ داۋامى»دىكى «پاجىئەلىك ۋە كۈلكىلىك»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006- يىل نەشرى 461- بەت: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2010- يىل 1- سان.

[43] ئابدۇراخمان ئەبەي نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئەخمەتجان قاسىمي ھەققىدە ھېكايىلەر »ناملىق كىتابنىڭ 2- قىسمىغا قاراڭ.

[44] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 373- بەت.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئائىلىسى ئابدۇقادىر داموللامغا قوشنا ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاھ ھاجىم، ئىبراھىم ھاجىم، ئابباس ھاجىم، خەلپەت ھاجىم، ئاخۇنباي ھاجىم دەپ بەش قوشنىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ 20- ئەسىردىكى سىياسىي، ھەربىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم- پەن ئىشلىرىدا مۇھىم روللارنى ئوينىغان. مەسىلەن، شاھ ھاجىمنىڭ چوڭ ئوغلى مەتيۈسۈپ ھاجىم ئىلىنىڭ 1930- يىللاردىكى مائارىپ ئىشلىرىدا باشلامچىلىق رول ئوينىغان. شاھ ھاجىمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مەمتىلى ئاخۇننىڭ ئوغلى مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ (1915- 1970) ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىدا پولكوۋنىك، 1955- يىلىدىن كېيىن گېنېرال مايور ھەم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. شاھ ھاجىمنىڭ ئىنىسى ئىبراھىم ھاجىمنىڭ ئوغلى مۇھەممەتئىمىن تونۇلغان زىيالىي ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ 20- ئەسىردىكى ئەڭ مەشھۇر ئالىمىدۇر. ئابباس ھاجىمنىڭ ئوغلى ھاشىم ئاقساقال قىرغىزىستاننىڭ قاراقول شەھىرىدىن ئۈچتۇرپانغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئۈچتۇرپاننىڭ 1930- يىللاردىكى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىدە باشلامچى بولغان. بۇ زاتنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ قوزغىغۇچىلىرىدىن ھەم ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان. ئابدۇسالام ئابباس زامانىمىزدىكى تونۇلغان تەرجىمەشۇناس ۋە تىلشۇناستۇر. ئۇ، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. خەلپەت ھاجىمنىڭ ئوغلى مەتىمىن خەلپەت ھاجىيېق دەسلەپ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ۋالىي، كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېھقانچىلىق نازارىتىگە نازىر بولغان.

[45] ئازاد رەھمەتۇللا سۇلتان، جاڭ مىڭ، نۇرمۇھەممەت زامان: «20- ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 11 - ۋە 13 - بەت.

---

ئاپتور: ئۇبزورچى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا مۇھەررىر

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزلەرنى قارشى ئالىمىز

**مۇھتەرەم ئوقۇرمەنلەر:**

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش بۇ يىل 9-ئاينىڭ 20-كۈنى باشلىنىپ، 11-ئاينىڭ 20-كۈنى ئاياغلىشىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ باھاسى ئۆزگەرمەيدۇ — بۇرۇنقىدەكلا يەككە باھاسى 6 يۈەن، يېرىم يىللىقى 18يۈەن، پۈتۈن يىللىقى 36 يۈەن. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بۇ ئىككى ئايلىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇشتا پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22-58 نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقانداق جايىدىكى پوچتىخانىلاردا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىمەكچىمىزكى، ژۇرنىلىمىز بىۋاسىتە تەھرىر بۆلۈمى ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ياخشىسى پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

— كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىراتى



# كىسەكچى

(ھېكايە)

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

قۇياش بىر غۇلاچ كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ تېخىچە يېرىمى تۈگىمىگەن لاي دۆۋىسىگە قاراپ كېرەم كېسەكچى ھارغاندەك بولدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ھېرىپ قېلىۋاتقىلى بەش ـ ئالتە يىل بوپقالدى. ئەمما نېمە ئامال؟ ياشاش كېرەك ـ تە، ياشاش! ئۇ، قولىنى چالا ـ پۇلا چايقىۋېتىپلا، تۈنۈگۈن قىرلاپ قويغان كېسەكلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، پارچە كېسەككە باستۇرۇپ قويغان گېزىت قەغىزىنى قوپال يىرتىپ موخوركا ئوراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، مەڭىز سۆڭەكلىرى پولتىيىپ چىقىپ قالغاندى. ئەمما، بۇ كۆزلەر نەچچە مىليون كېسەكنى ساناپ چىققان؛ قوللىرى بولسا قېتىپ، يېرىكلىشىپ كەتكەن، بىراق، بۇ قوللار نەچچە مىليون كېسەكنى بىرمۇ ـ بىر تۇتۇپ چىققان؛ ئۇنىڭ تاپانلىرى يېرىلىپ، پۇت تىرناقلىرى ئەسلي ئىسكەتنى يوقاتقان، بىراق، بۇ پۇتلار نەچچە مىليون كېسەكنىڭ لېيىنى پىشۇلدۇرغان. ھالبۇكى، ئاشۇنداق قۇيۇلغان كېسەكلەر بىلەن تالاي ئۆي قەد كۆتۈرگەن بىلەن كېرەم كېسەكچىنى مۇكچەيتكەن.

كېرەم كېسەكچى موخوركىسىنى ھۇزۇرلىنىپ چېكىپ ئولتۇرۇپ ھازىر ئۆزىدىن باشقا ئادەم يوق غىلىڭ سايغا، ئاندىن دۈشەنبە بازىرى بولۇۋاتقان يېزا مەركىزىگە ئۈچىنچى قېتىم قاراپ قويدى. بەلكىم، بازار قىزىپ كەتكەندۇ؟ جىددىي، ئېغىر ئەمگەكلىرىنى بىركۈن بولسىمۇ ئۇنۇتقان دېھقانلار پۈتكۈل بازارنى مەغرۇر ئايلىنىپ، ھەربىر سېتىقچىنىڭ نەرسىلىرىگە ئېرىنمەي بىرمۇ ـ بىر قاراپ يۈرىدىغاندۇ؟ «مۇشۇ لاي تۈگىسە مەنمۇ بازارغا بارىمەن.» كېرەم كېسەكچى قەتئىي قارارغا كېلىپ قولىدىكى موخوركىسىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ كېسەك قېلىپچىقىغا قىستۇرۇپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى.

قوللار چاققانلىق ۋە ئەپچىللىك بىلەن دەل بىر قېلىپ كەلگۈدەك لاينى ئۈزۈپ ئالاتتى، لاي قېتىپ كەتكەن پۇتلار لاي دۆۋىسى ۋە قېلىپ ئارىلىقىدا تېز گۇرسۇلدەيتتى. قېلىپقا سېلىنغان لاي بىر سىرىشتىلا كېسەككە ئايلىنىپ، قېلىپ ئورنى

يۆتكىلەتتى... بازار قىزىقى ۋە ئاچ قورساقنىڭ غولدۇرلىشى ئۇنى يەنە ئىشتىن توختاتتى. ئەمما يەنە 200 كېسەك چىقىدىغان لاي قالغاندى. «بولدىلا، بازارنى بىر ئايلىنىۋېتىپ ئاندىن قۇياي.» ئۇ، شۇ ئۆي بىلەن قېلىپنى سۇغا سېلىپ قويماقچى بولدى ـ يۇ، يەنە كۆڭلى ئۇنىماي بازارغا بىراقلا بارماقچى بولدى ...

كېسەكلەر ئاخىرى قۇيۇلۇپ بولدى. ئۇنىڭ ئاچقان قورسىقى ئاچچىق كورۇلدايتتى. «بۇ كېسەكلەرنىڭ پۇلىدىن 10 كوي ئېلىپ تۇرۇپ تونۇردىن يېڭىلا قومۇرغان، ياغلىرى ۋىژىلداپ قايناپ تۇرغان گۆشناندىن بىرنى يەۋەتمىسەم ...» شۇ خىيال بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىپ، قورسىقى تېخىمۇ ئېچىپ كەتتى. «ھەي ي، ـــ دەپ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى يەنە ئۇنىڭ، ـــ ئىككى كوينى بۇ گالغا ئۇرغان بىلەن مەن تۇغۇلۇپلا ئىچىپ كېلىۋاتقان ئېرىق سۈيىنىڭ ئورنىغا ئىچىۋاتقان جۇمەك سۈيىگە نېمە تۆلەيمەن. قوشنىلارغا چاندۇرماي بەزىدە ئېرىق سۈيىنى ئىچىۋاتساقمۇ بۇ ئايدا يەنە 1 كوي 3 مو بوپتۇ ...بولدىلا، گۆشناننى قۇربان ھېيتتا ئۆيدە ئەتتۇرۇپ يېدىمغۇ ...» كېرەم كېسەكچى ئاغزىدىكى سېرىق سۇنى غۇرتتىدە يۇتۇۋېتىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى.

كىيىم ـ كېچەكلىرى لاي پېتىلا ئالدىراپ بازارغا ماڭغان كېرەم كېسەكچى سايغا ئەلەم بىلەن قاراپ قويدى. بۇ ـــ كەڭ كەتكەن شېغىل تاشلىق ساي بولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان لاتقىدىن يىغىلىپ قالغان بۇ ئەتراپتىكى تۇپىلار كېسەك قۇيۇلۇپ تۈگەپ قالاي دېگەنىدى. «بۇ تۇپا تۈگىسە قانداق قىلارمەن؟ـــ دەپ غەم باستى ئۇنى، ـــ ئېتىزدىن كۆزلىكى قولغا قالىدىغىنى ئارانلا قورساققا ... ئادەمنى غەم قىلدۇرۇپ باللار چوڭ بولۇۋاتىدۇ. چوڭ بوپقالسىغۇ قولغا قول بولىدۇ. لېكىنزە، چوڭ بولغاندىكىلا توي ـ پوي دەپ چىقىمى جىقلايدۇ ...ھېلىمۇ تەلىيىمگە ئۆيدە ئېغىرراق ئاغرىپ ـ تارتىپ قالغان ئادەم يوق ... يا مەنمۇ باشقىلاردەك كېسەك قۇيغىلى قوشنا يېزىلارغا بارايمىكىن ...»

دۈشەنبە بازارغا يېتىپ بېرىش بىلەن كېرەم كېسەكچى بايىقى غەملىرىنى بىردەملىككە ئۇنتۇدى. ئۇ، سېتىقچىلار ئالدىغا دۆۋىلىۋېلىپ قىزىق سودا قىلىۋاتقان يېمەكلىك، رەخت ـ پەخ،

سەھرادىكى ھېكايىلەر

جابدۇق - چارىلارغا، ۋىژىلداپ مېڭىپ ئېقىپ ئېغىزلارغا سېرىق سۇ كەلتۈرۈۋاتقان كاۋاپلارغا... ئۇزاقتىچە قاراپ بازارنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئاندىن ئادەملەر توپلىشىۋالغان يەرلەرگە قىزىقسىنىپ بويۇن سوزۇپ قاراشقا باشلىدى. ياشلار ئەتىدىن كەچكىچە توپلىشىپ ئوينايدىغان بىلياردتا ئۇ پەقەت قىزىقمايدۇ، ھېچنېمىسىنى بىلمەيدۇ. قارتا- پاك قاتارلىقلار بولسا ئۇنىڭچە ئارتۇقچىلا بىر ئىشلار ...شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر بوتكىنىڭ بېقىنىغا يىغىلىۋالغان كىشىلەرنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ يەردە چوڭايتىلغان تۈرلۈك مەنزىرە فوتو سۈرىتى سېتىلىۋاتاتتى. كېرەم كېسەكچى سۈرەتلەردىكى ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەرگە، ھەشەمەتلىك ئۆي جاھازىلىرىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن بىر پارچە سۈرەتكە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇمۇ بىر پارچە مەنزىرە سۈرىتى بولۇپ، كەڭ كەتكەن چىملىق، چىملىق ئوتتۇرىسىدا سۈيى سۈپسۈزۈك بىر كۆل، كۆل بويىدا بۇ يېزىلىقلارغا ناتونۇش بىر نەچچە تۈپ دەرەخ سايىسىدە تۆت داند ياتما ئۇرۇندۇق.

توپلاشقانلارمۇ مۇشۇ سۈرەت ھەققىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشكەنىدى:

— قاراڭلار ھېي،— دېدى بىر ياشانغان دېھقان،— جاھاندا مۇنداقمۇ سۈزۈك سۇ بولىدىكەن — ھە.

— ۋاھ، ۋاھ،— دېدى ياشراق بىرى،— مۇشۇنداق سۈزۈك سۇدا بىرەر قېتىم چومۇۋالساق*، ئېرىقنىڭ لاي سۇلىرىغا كۆنۈپ قالغان بەدەنلىرىمىز قانچىلىك ياياپ كېتەر— ھە؟

— تازا چۆكۈپ چىقىپ مۇنۇ ئورۇندۇقلاردا سوزۇلۇپ يېتىپ، قانغۇچە ئۇخلىۋالساڭ راھەت - تە، راھەت!

— قاراڭلارچۇ، ئوت دېگەننى. بىر نەچچە كالا بېقىپ قويساڭ نەچچە كۈندىلا سەمرىپ ھاردۇقىڭنى چىقارغۇدەك ...

كېرەم كېسەكچىمۇ بۇ سۈرەتكە قاراپ خىيالغا پېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆلكە، يا ئورۇندۇقلارغا ئەمەس، بەلكى ناھايىتى كەڭرى چىملىققا تىكىلىپ تۇراتتى. بىر چاغدا ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىۋېتىپ دېدى:

—مۇشۇنداق بىكار تاشلىۋەتكىچە، چىملارنى قايرىۋېتىپ ئەللىك مىڭ كېسەك قۇيۇۋالسا كىشى ... سۇيىمۇ تەييار كەن بولمىسا ...

ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم پىسەنت قىلمىدى. ئەمما نېمىشقىدۇر بۇ سۈرەتنى ئۈچ يۈەنگە پەقەت كېرەم كېسەكچىلا سېتىۋالدى.

---

*چومۇۋالساق — چۆمۈلمەك، چۆمۈلۈش (تۇرپان شېۋىسى)

ئاپتور: يازغۇچى، تۇرپان ۋىلايىتى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

---

(بېشى 52- بەتتە)

ئارزۇگۈل رازىمەنلىك بىلەن دۇتارنى كۆتۈرۈپ يەنە سەھنىگە چىقتى ۋە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ كامالىي ئېھتىرام بىلەن تاماشىبىنلارغا رەھمىتىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن «قايىقارا قوي كۆزلۈكۈم»دىن تارتىپ «ئادارگۈل»غىچە بولغان ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى كەينى- كەينىدىن ئۇلاپ ئېيتىشقا باشلىدى. تاماشىبىنلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇۋېلىشىپ، ناخشىلارنىڭ ئۇدارىغا تەڭكەش قىلىپ چاۋاك چالغاچ، ئارزۇگۈلگە ئەگىشىپ ئېيتىشتى. بەزىلىرىنىڭ مەڭزىلىرىدە خۇشاللىق ياشلىرى يامرايتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتالمايلا قالغاندىم. چۈنكى بۇ، ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان ھاياجانلىق مەنزىرە، ئۇنتۇلماس مىنۇتلار ئىدى. بىزنىڭ ئارتىسلارنى پەقەتلا تونۇمايدىغان بۇ تاماشىبىنلارنىڭ ئارزۇگۈل بىلەن كونا تونۇشلاردەك، ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم بىللە رېپېتىتسىيە قىلغاندەك ناخشىغا جۆر بولۇپ، ئاھاڭ- ئۇدارنى تولۇق ماس كەلتۈرۈپ ئورۇنداپ، ھەر بىر ناخشىنى يۇقىرى سەۋىيەلىك ئومۇمىي خورغا ئايلاندۇرۇۋېتىشى كىشىنىڭ ئەقلىنى ھەيرانۇ- ھەس قىلاتتى. شۇ چاغدا مەن دۇتارنىڭ خاسىيىتىگە، ناخشىلىرىمىزنىڭ مەنىۋى قۇدرىتىگە ھەيرانلىق، ئىپتىخارلىق ئىلكىدە قايىل بولغانىدىم! شۇنداق قىلىپ ئارزۇگۈلنىڭ دۇتارى توختاپ قالمىدى، زال ئىچىدە ئۇنىڭ سۈزۈك، جاراڭلىق ئاۋازى ئۇزۇلمەي ياڭراپ تۇردى. تاماشىبىنلارنىڭ تەلەپ- ئالقىشلىرىمۇ پەسەيمىدى. يېرىم كېچە بوپقالغان بولسىمۇ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىنلىقى سۇسلايدىغاندەك، تەلىپى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ مەسئۇلى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئويۇننىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدى! ئويۇن توختىغان بولسىمۇ تاماشىبىنلار زالدىن چىقماي، ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت- ئېھتىراملىق، رىتىملىق چاۋاكلىرى بىلەن بىزنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئاندىن زالدىن ئايرىلىشتى. بىز زالدىن چىقىۋاتقاندا، تاماشىبىنلار ئارىسىدىن بىر مويسىپىت قۇچىقىنى كەڭ ئاچقىنىچە كېلىپ مېنى مەھكەم قۇچاقلىدى- دە، ئىككى قولۇمنى چىڭ سىققىنىچە سۆزلەپ كەتتى: «ئوكام، ئاڭلىسام بۇ ئۆمەكنى سىز باشلاپ كەپسىز، رەھمەت سىزگە. بۈگۈن بىزگە بايرام بولدى. بىز خوددى ئۆز ۋەتىنىمىزدە تۇرغاندەك، يۇرتىمىزغا قايتقاندەك بولدۇق. سىلەردىن باشقىلارنىڭكىنى قويۇپ تۇرۇپ ئۆز ناخشىلىرىمىزنى ئورۇنداپ بېرىشنى تەلەپ قىلغىنىمىزنى بەلكىم ئانچە ھېس قىلالماسلىقىڭلار مۇمكىن. بىلىسىڭىز، بىز دۇتارنى سېغىندۇق. بۇنداق دېسەم، بۇلاردا دۇتار يوقمىكىن دەپ قالماڭ، بىزدە چالغۇلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بار. ئەمما سىلەر ئاشۇ دۇتار بىلە يۇرتنىڭ، ۋەتەننىڭ ھىدىنى ئەكەلدىڭلار، يۇرتىمىزگە ئوت ياق، يۇرەكتىكى ئوتقا، چاڭقاشقا ئابزەمزەم كەبى سۇ ئېلىپ كەلدىڭلار، ئوكام. ۋەتەننى سېغىندۇق، قېرىنداشلارنى سېغىندۇق، ناخشىلىرىمىزنى سېغىندۇق». ئۇ مويسىپىت سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزىنى تۇتالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، مېنىڭمۇ ئۆپكەم ئۆرۈلدى. مويسىپىتنىڭ قوللىرىنى مەھكەم سىقتىم. يۇرت، ۋەتەن، قېرىنداش، ئۆزىمىزدىكى بىز تېخى تولۇق بايقاپ ئۈلگۈرەلمىگەن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلار ھەققىدىكى تۇيغۇم بىلەن بۇ مۆھتەرەم زاتنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم. ئىسمىنىمۇ سوراشۇالمىغان شۇ مويسىپىتنىڭ مۇڭلۇق تۈرقى ھېلھەم ئېسىمدىن، يازمامنىڭ بېشىدا قىلغان ھېلىقى ھېكمەتلىك سۆزى ھېلھەم قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمەيدۇ.


شۇنىڭدىن كېيىن مەن مەيلى ئۇرۇق- تۇغقان ياكى قولۇم- قوشنا، ئەل- ئاغىنە ۋە تونۇشلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئولتۇرغاندا بولسۇن پاراك ئارىلىقىدا دۇتار، ساز- ناخشىغا باغلانغان شۇ تەسراتلىرىمنى ھاياجان ئىلكىدە سۆزلەيدىغان بوپقالدىم.

مانا، قولۇمدا قەلەم، كۆز ئۆڭۈمدە قارا بالتا، جاپاكەش ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىم، دۇتار ماھىر سازەندىنىڭ قولىدا بۇلبۇلدەك ئۈنلەپ مۇڭ تۆكمەكتە:

دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام،
خىيالىمغا سىن كېلدىڭ.
دەردىڭ بولسا ئېيت يايرىم،
مۇڭداشقىلى مەن كېلدىم.

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر تەڭرىتاغ رايونى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى



# ھارۋىكەش

(ھېكايە)

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

كۆكتات بازىرىغا كىرىدىغان دوقمۇشنىڭ ئېغىزىدا تۇرغان ھاشىمئاخۇن ئەتىيازنىڭ خېلى قىزىتقان ئاپتىپىدىمۇ تېخى سالمىغان قۇلاقچىسىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئارقىغا سۈرۈپ قويدى. شوينىسى چېگىلمىگەن قۇلاقچىسىنىڭ بىر قۇلىقى يان تەرەپتە ساڭگىلاپ تۇراتتى. قۇلاقچا ئارقىغا سۈرۈلۈپ بولغىچە پېشانىسىدىكى مونچاقتەك تەرلىرى چېكىسىگە دومىلىدى. ھاشىمئاخۇن شالىلىرى تۆكۈلۈپ، سىم بىلەن تارتىپ چىرماپ قويۇلغان ئەبجەق ھارۋىسىنى بىر چەتتىكى بوش يەرگە تارتىپ توختاتقاندىن كېيىن ھارۋىنىڭ چاق ئوقىغا باغلاپ ئېسىلغان خالتىنى يەشتى. خالتىنىڭ ئاغزىنى تۇرۇپ ئاچقاندىن كېيىن ئېشەكنىڭ ئالدىغا قويدى. باشقا ھايۋانلار يەپ ئايرىپ قويغان ھەم يىرىك، ھەم سارغايغان سامان ئېشەكنىڭ بۇرنىغا باشقىچە پۇرىدىمۇ، بىردەم ھىدلاپ تۇرغاندىن كېيىن ئېرىنچەكلىك بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

ھاشىمئاخۇن ئېشەكنىڭ سامان يېيىشىگە قاراپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. مەھەللىسىدە ئېتىز - ئېرىقنىڭ، تۆگمەن - بازارنىڭ، مېھمانىدارچىلىقنىڭ - ئىشقىلىپ تىرىكچىلىكتە بولىدىغان يولنىڭ ھەممىسىنى ئاسانلاشتۇرىدىغان جانىۋىرى ياخشى بېقىش تاپماي ئورۇقلاپ كەتكەنىدى. قىشتىن چىقار - چىقمايلا سامىنى تۈگەپ كەتتى. ھاشىمئاخۇن مەھەللىدە بىردەم جىم تۇرمايتتى. خەقلەرنىڭ قىغلىرىنى توشۇپ، ئېغىللىرىنى قۇرۇقداپ بەرسە، ئۇلار مالىلىرى يەپ ئايرىپ قويغان ئېشىندى خەشەكلىرىنى يىغىپ قويۇپ ئۇنىڭغا بېرەتتى. ھاشىمئاخۇن ئېرىنمەستىن ئېشىندى خەشەكلەرنىڭ توپىسىنى سېتكا بىلەن تازىلىۋېتىپ ئېشىكىگە بېرەتتى. كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇرغان ئېشەكنىڭ سامان يېيىشىگە قاراپ ئولتۇرۇپ ھاشىمئاخۇننىڭ ئىچى سىيرىلدى. باراك قوغۇن [1] بىلەن قوناق كىرىشتۇرۇلۇپ تېرىلغان بىرمو يېرىدىن ھوسۇل دېگەندەك ياخشى چىقماي قالدى. زىرائەتمۇ ئوبدان ئۇخشىغان. قوغۇننى ياخشى پەرۋىش قىلسا قوناققا سايە تاشلىۋالدى. سايە تاشلايدىكەن دەپ قوناقنى ئورۇۋەتكىلى تېخى بولمىغان. بىر مويەرنىڭ ئاران تۆتتىن بىرىگە توغرا كېلىدىغان تۆت رەتلا قوناق ئېشەكنىڭ قىشلىق بوغۇزى ئەمەسمۇ. قوناقنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتاي دەپ كەتمەن سالسا ماڭدامدا بىر سېلىنغان چىلاننىڭ يىلتىزى كېسىلىپ كەتكىلى ئاران تۇرغان. چىلاننىڭ يىلتىزى كېسىلسە ئاسانلا قۇرۇپ قالىدۇ. چىلانلىرى ھېلىمۇ ئۈچ - تۆت يىلدىن بېرى بىر دەم ئۈششۈك تېگىپ قۇرىسا، بىردەم قۇرغاقچىلىق سەۋەبىدىن قۇرۇپ، ئورنىغا تولۇقلاپ تىكىپ ئاۋارىچىلىك تارتىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنداق بولغانسېرى ھەممە ساھەنىڭ دىققەت - ئېتىبارى مۇشۇ نازۇك دەرەخكە مەركەزلىشىپ قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. شۇڭا ھاشىمئاخۇن ھەم ئاسمانغا قاراپ ئۆسىدىغان قوغۇننى، ھەم قوناقنى، ھەم نازۇك چىلاننى بوۋاق بالىنى پەپىلىگەندەك كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن بولسىمۇ، قوناقنىڭ مەھسۇلاتى تازا ياخشى بولماي قالغانىدى. ھاشىمئاخۇننىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولىدىغان ۋىجىك ئېشىكى بوغۇزغا تويمىغان سەۋەبلىك تېز قېرىپ كەتكەندەك تېخىمۇ ۋىجىكلىشىپ تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇراتتى.

ھاشىمئاخۇن خالتىنىڭ ئەتراپىغا چېچىلغان سامانلارنى يىغىپ خالتىغا تاشلاپ، ئوڭشاپ قويدى. ئاندىن جايىدىلا ئولتۇرۇپ چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن بىر گىردىنى ئالدىدە، يېرىمىنى سۇندۇرۇپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇ، گىردىنى ھەر بىر چىشلەم چايناشاندا ئورۇق يۈزى تارتىشىپ، قوۋۇزى لىپىلدايتتى. ئاپتاپتىن چاقنىغان بىر كۆزىنى قىسىۋالغانىدى. قولىدىكى ناننىڭ چۇمۇلىدەك بىر تال ئۇۋۇقى يەرگە چۈشۈپ كەتسىمۇ، ئاۋايلاپ تېرىۋېلىپ پۇۋلىۋەتكەندىن كېيىن ئاغزىغا سالاتتى.

ھاشىمئاخۇننىڭ بۇگۈنكى تاپاۋىتى ياخشى بولمىسىمۇ كەيپى چاغ ئىدى. ئۇ ئەمدى بازارغا كىرىشكە، كۆكتات بازىرى كوچىسىدا بىر خالتا سەۋزىنى كۆتۈرەلمەي ئىنجىقلاپ تۇرغان بىر مەھەللىلىك ھەققەمسايىسى قارىي ئىمام ئۇچراپ قالغانىدى.

ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ھاشىمئاخۇننىڭ كىچىك ئوغلى تۇغۇلۇپ ئات قويىدىغان چاغدا يانچۇقىدا بىر موچەن پۇلى يوق بەكلا خىجىل بولغان. ئۇ دەل بۈگۈنكىدەك سېرىقتال ئەتىياز پەسلى بولغاچقا ھاشىمئاخۇن ئامالسىز ئۇنىڭ-بۇنىڭدىن قەرز پۇل سورىۋىدى، خەقلەر ئۇنى ۋاقتىدا قايتۇرالمايدۇ دەپ چويلىدا توختىماس باھانىلەرنى كۆرسىتىپ پۇل ئۆتنە بېرىشكە ھارسىندى. سەھرادىكى يۇرت - مەھەللىلەردە ئادەتتە بالىغا ئات قويغان ئىمامغا بىرەر كۆڭلەك- تامباللىق رەخت، قىرىق - ئەللىك يۈەن پۇل قويۇپ قويىدىغان قائىدە بار. لايىقىدا قائىدىسىنى قىلمىسا خەيرلىك بولمايدۇ دەيدىغان كۆز قاراش بار. ئەمەلىيەتتىمۇ بىر ھاياتلىق دۇنياغا كېلىپ، ئۇمىد - ئارزۇلىرى سىڭگەن خەيرلىك ئىسىم تەقدىم قىلىنىشتىن ئىبارەت چوڭ ئىش ئۈچۈن ئۇنچىلىك قائىدىسىنى قىلمىسىمۇ بولمايدۇ - دە. ئاخىر ئامال قىلالمىغان ھاشىمئاخۇن «بالىنىڭ ئېتىنى بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈنگىچە قويسا بولىۋېرىدۇ» دېگەن پەتىۋاغا زورلاپ ساق ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۈچىنچى كۈنى ناماز بامداتتىن يانغان چاغدا ئامالسىز ئىمامنى بىرچەتكە يالغۇز چاقىرىپ:

— قارىيكا، ئۆيەمگە بى چىسلە بولاپتىكە، — دېگەنىدى ياپراقتەك تىترەپ تارتىنىپ .

— خوش، نېمە ۋەجىدىن ...؟

— خوتۇن يەڭگەنتى، بالىغا ئات قوياپ بېرەمكى دېگەنتىم.

— مۇبارەك بوسۇن، جۇسلە ...

قارىي ئىمام ئىككى رەكئەت شۈكۈر نامىزىدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ قولىغا ئۇزاتقان بوۋاقنى «ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەش شەيتانىررەجىم، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ قولىغا ئېلىپ، بوۋاقنىڭ بېشىنى شىمالغا، پۇتىنى جەنۇبقا، يۈزىنى قىبلىغا قىلىپ تۇرۇپ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئوقۇپ ئىسمىنى قويۇپ بولۇپ جايناماز ئۈستىدە دوملىتىپ يەنە قولىغا ئالدىدە، مۇبارەكلەپ ھاشىمئاخۇننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ھاشىمئاخۇن داستىخان ئۈستىگە توقاچتەك قىزارغان، پىرىلىپ سىڭىپ پىشقان زاغرىدىن ئۈچىنى قويۇپ، ئاندىن تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن بىر قوشىنىسى ئايالىنىڭ تۇغۇتىنى كۆرگىلى كىرگەندە بوۋاققا كۆرپىلىك دەپ قويۇپ قويغان ئەرزان باھالىق، ئاددىيغىنە رەختنى نانىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بوغۇلغان ئاۋاز بىلەن:

— قارىيكا، ئەتىياز سېرىقتال ۋاختا قولام ئۇزۇك بولاپقالدى. ئەيىپ ئالمىغايلا. خۇدايىم بۇيرۇسا كۆڭەللىرىنى بى ئېلىۋالامە... — دەۋېتىپ بىر تامچە ياش مەڭزىگە دوملاپ چۈشتى. سۈپىدا تۇغۇتلۇق ياتقان ئايالى نومۇس- خىجىلچىلىقتىن دىلى ئېزىلىپ، كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولۇپ تام تەرەپكە قارىۋالدى. سەپكۈنلىرى تېخى تارقىلىپ كەتمىگەن قارىمۇتۇق يۈزى ئوت ئالغاندەك بولۇپ، ئالقانلىرى بىلەن چىڭ بېسىۋالدى. ھاشىمئاخۇن ئايالىغا بىر قارىۋېتىپ، قولىنىڭ پىرىلغان يىرىك دۈمبىسى بىلەن مەڭزىنى سۈرتىۋېتىپ، قول باغلىغىنىچە بېشىنى تۆۋەن سالدى.

قارىي ئىمام ئۆي ئىچىگە سەپسالدى. ئۆيدە بىر دانە چىلەك، نەچچە يېرىگە چېتىق مىخلانغان كونا كارىۋات بىلەن كىچىك چويۈن قازان بار ئىدى. تولا سۈپۈرۈلۈپ يۈزى تىتىلىپ كەتكەن كىگىزنىڭ گۈلىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان پەگادىن زەي پۇرىقى كېلەتتى.

قارىي ئىمامنىڭ دىلى شۇررىدە قىلغاندەك بولدى. «ھەج قىلغان كىشىنىڭ ئوڭ يېقىدا قىرىق، سول يېقىدا قىرىق ئۆيلۈك كىشىنىڭ ئەگەر بىرسى قارا نامرات بوپقالسا ھەج قوبۇل بولماس دېگەن قاراشلار بولىدىغان. ماۋۇ ھاشىمئاخۇن بەكلا تىرىشچان، ئوڭلۇق بالا ئىدى. قولى بەكلا قىسقا تۇرمامدۇ...» دېگەنلەرنى ئويلاپ ساقاللىرى يېنىك تىترىدى. ئاندىن ئۈچ زاغرىنى رەختكە ئوراپ قولتۇقىغا قىسقاندىن كېيىن زورىغا كۈلۈمسىرەپ، بوغۇلغان ئاۋازدا:

— ھەجەپ بەلەن قىلدىڭ، بالام. نەچچە كۈننىڭيانغى زاغرا چىلىغان قېتىق ئىچكىم كېلىپ تۇغانتىم. ئۆپكىدەك يۇمشاق زاغرا ناننى ئېتىتىسگەندە خۇدايىم يەتكۈزدى ماڭا. خىجىل بومما، بالام، چوكىنىڭنىڭ كۆزى يورىغانلىقىنى ھازىرغىچە ئۇقماپتۇق، — دېگىنىچە ئۇزۇن تونىنىڭ ئىچىگە چاپلاپ تىكىلگەن يانچۇقىغا قول سېلىپ يىگىرمە يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى ئېلىپ ھاشىمئاخۇنغا ئۇزاتتى:

- ئېتىتىسگەندە يېنىمدا جىقراق بىژمە يوق بولاپقالدى. بالاڭغا مارەك بوسۇن. مانىڭغا ھازىرلام قاسىم قاسساپتىن تۆت سەگوش ئېچچىرىپ شورپا سېلىپ، چوكىنىڭنى بى تەلتۈۋەت. يېڭى تۇغۇتلۇق ئايالدىن كېيىن سۇت چىقماس بولاپقالىدا.

ھاشىمئاخۇن نېمە دېيىش، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. پۇل زورلاپ تۇتقۇزۇلدى ...

شۇندىن بېرى ھاشىمئاخۇن قارىي ئىمامنىڭ تەمەسىز ، ئاق كۆڭۈل، پەيلى يۇمشاق كىشى ئىكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ كېلەتتى. شۇڭا ئۇ ھارۋىسىنى توختىتىپ قارىي ئىمامنىڭ قولىدىكى يۈكلەرنى ئېلىپ ھارۋىغا باسقاندىن كېيىن دەڭگە ئەپچىقىپ بېرىپ، قارىي ئىمام تەڭلىگەن پۇلنى ئالغىلى ئۇنىماي يېنىپ كىرگەنىدى.

ھاشىمئاخۇن كىرا ئىزدەپ ئاشلىق بازىرىنىڭ ئالدىدىكى تېكىق ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ئوشۇق پۇتى تېڭىلغان بىر بالىنى ھاپاشلاپ، يەرنى سۆيگىدەك دوگىيىپ كېتىۋاتقان ئايال ئۇچرىدى. ھاشىمئاخۇننىڭ ئايالىغا ئىچى ئاغرىپ ئۇدۇلىدا توختىدى - دە، ئۇنى چاقىردى:

— ھوي ئاچا، نەگىچە بارىلا؟

— «ئارال »غا ماشىنا ماڭىدىغان بېكەتكە.

— ما ھارۋىدا ئاپپىرىپ قويايما؟

— ھە ماقا.

ھاشىمئاخۇن بالىنى ئايالنىڭ دۈمبىسىدىن ئاۋايلاپ ئېلىپ ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ھارۋىنى قوزغىتىپ ئايال بىلەن پاراڭلاشقاچ ماڭدى:

— ئاچا، باللىرى نىمبوغان؟

— مەكتەپتا ئېگىزگە سېكرەيدىغان بىر ئويۇننى ئوينىغۇچە ھوشۇقى چىكىتىپتا.

— ئويان ئەمەس ئۇ، تەنتەيبە دەسى! ... — دېدى بالا نارازى بولغاندەك تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ.

ھاشىمئاخۇننىڭ بالىغا مەستلىكى كېلىپ كۈلۈپ كەتتى:

— نېچچىلىك ئېگىزگە سېكرىدىڭ؟

ــ توخشان بىژ سانتا.

ــ يامانكەنسەنغۇ؟

ــ ئاناخان مىندىن يامان، ئۇ دېگەن توخشان بېشكە سېكرىدى. ئىشقىلىپ ئىشككىمىزگە ھېشكىم يېتەممەدى.

ھاشىمئاخۇن بىلەن ئايال تەڭلا كۈلۈپ كەتتى.

ــ ئىمدى مەكتەپقا بارامامسە؟

ــ ئانام ياغاچچىغا قولتۇق تاياق ياشىتىپ بەسە بېرىۋېرىمە!

ــ شۇنداق قىلاسە، ــ دېدى ئايال بالىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ،ــ كەينىڭدىن مەكتاپقىچە سوكۇلداپ ژۆرەيما ئىمدى؟

ــ سەن شوكۇلدىمايسە، ۋاخاپ مەلىم موتو [2] بىلەن ئاغاچ كېتىپ، ئاغاچ كېلىدا.

ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ گەپ تالىشىشى ھاشىمئاخۇننىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويىدى. ئۇلار يول بويىنى بېكەت قىلىپ ماشىنىلار توختىۋالغان جايغا كەلگەندە ھاشىمئاخۇن بالىنى دەس كۆتۈرۈپ مىنىبۇسقا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن ئېگىشىپ تۇرۇپ ئارقىغا يانغۇچە بېشىدىكى قۇلاقچىسى بالىنىڭ قۇچىقىغا دومىلاپ چۈشۈۋىدى، بالا قۇلاقچىنى ئېلىپ ھاشىمئاخۇنغا ئۇزاتقانچە تۇمشۇقىنى سوزدى:

ــ مە، قۇلاقچاڭ سىيىق بۇرايدىكە!...

مىنىبۇس ئىچىدىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. ئايال بالىسىنى يېنىك نوقۇدى:

ــ ھاي، بالام، ئۇنداغ دېمەيدىغان ...

ھاشىمئاخۇن ئاچچىق تەر پۇراپ كەتكەن قۇلاقچىسىنى بېشىغا چۆكۈرۈپ كىيىۋالغاندىن كېيىن ئىلدام پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئارقىدىن ئەگىشىپ ئايال چۈشۈپ، خىجىل بولغاندەك تەلەپپۇزدا ئۆزرە قويۇشقا باشلىدى:

ــ كىچىك بالىنىڭ گېپىگە خاپوممىسلا جىما ئۇكام، دادىسى يوق دەپ كۆزىگە قاپلاپ شوخراق ئۆگىنەپ قاغان بالىتى، كۆڭەللىرىنى رەنجىتىپ قويىدى.

ــ مەيلى، ھېچگەپ يوق، ــ دېدى ھاشىمئاخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ يالغۇزچىلىق تاتىپ قىژىلىپ تۇغاندا سىلىنى خۇدايىم بى يەتكۈزدى. نەچچە پۇل بېرىمە؟

ــ ئاتىغانلىرىنى بەسلە، ئاچا.

ئايال قولياغلىقتا قاتمۇ قات ئوراپ چېگىلگەن بىرلا ئون يۈەنلىك پۇلنى يېشىپ ھاشىمئاخۇنغا ئۇزاتتى:

ــ ئۆزلىرى ئەپقاسلا ئەمسە.

ــ ۋوي، پاچە پۇل يوقمىتى، ئاچا؟ ئېتتىگەندە ...

ــ پۈتۈنمۇ، پاچىسىمۇ مۇشۇ، ماۋۇ شوپۇ ئۇستامدىن پاچىلاپ ئەپقاسلا، ئۇكام.

ھاشىمئاخۇن ئايالنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىۋېتىپ يۈرىكى قارتىندە قىلىپ قالدى. باشمالتاقسىز تۆت بارماققا قىستۇرۇپ تۇتۇلغان ئون يۈەنلىك پۇل شامالدا يېنىك تەۋرىنىپ تۇراتتى.

ھاشىمئاخۇن پۇلغا ئۇزاتقان قولىنى شارتتىدە تارتىۋالدى. كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

ــ بولدى، ئاچا، بۇ پۇللىرىنى ئاماي، بولدى. باللىرىغا تۇخۇم ئېچۇسلە ...

ــ ھاي ئۇكام، ئۇنداغ قىسلا قايداغ بولىدا؟ مايانغا قايلىسلا ...

ئايالنىڭ ئىلتىجالىرى ھاۋادا لەيلەپ قالدى. ھاشىمئاخۇننىڭ

ھارۋىسى تاراقشىغىنىچە بېكەتتىن يىراقلاپ كەتكەنىدى ...

ھاشىمئاخۇن قولىدىكى ناننى يەپ بولۇپ قىسقىلا دۇئا قىلىۋالدى. قۇرۇق نان مەيدىسىنى ھەق قىلىپ قويغانىدى. ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ھىقلىۋالغاندىن كېيىن مەيدىسى بوشىغاندەك بولدى. بىر كۆزىنى قىسىپ قارىغىنىچە قايسىدۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىشقا باشلىدى. قارىي ئىمام بىلەن قولى مېيىپ ئايالنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغىنى ئۇنىڭ ھاردۇقىنى چىقارغاندەك بولغانىدى. ئۇ، يەرگە چېچىلغان سامانلارنى قايتا يىغىپ خالتىغا تاشلىدى. ئاشقان ـ تاشقان سېرىق سامان ئېشەكنىڭ ئىشتىھاسىنى تۇتۇپ قويغاندەك، ھە دەپ تۇمشۇقى بىلەن ساماننى يەرگە چېچىشقا باشلىدى. تۇرۇپلا ھاشىمئاخۇننىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى تۇتۇپ، خالتىنى شارتتىدە تارتىۋالدى:

ــ بۇنى ياراتمىساڭ پوق يە! ھۇ نىجىس ...

ئېشەك ئۈركۈپ ئارقىغا بىر داجىپ توختىدى. ياش ئېقىپ، چاپاق قاينىغان كۆزىدىكى مۇڭنى بايقىغان ھاشىمئاخۇن دىلى ئېزىلىپ، ئېشىكىنىڭ تۇمشۇقىنى يېنىك سىلىدى:

ـ بۇدا بىژ كىرا چىقسا بىژ ۋاغ بېدە ئالىمىز، ھەي بىچارە ....

ئۇ، بېشىدىكى قۇلاقچىنى قولىغا ئېلىۋىدى، غۇرىدە شامال تېگىپ جېنى راھەتلىنىپ قالدى. پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ئارقىسىدىكى تامغا يۆلەندى. يوغان بىرنى ئەسنىگەچ ئاپتاپتىن قىسىلغان كۆزلىرى بىلەن بازار كوچىسىغا قاراۋېتىپ، بىر مېۋە ـ چېۋە ھارۋىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۆزىگە سەپسېلىۋاتقان ئىككى ئايالنى بايقاپ قالدى.

قىزغۇچ قارا چاچلىرى دولىسىغا يېيىلغان، لەۋلىرى گىلاستەك قىپقىزىل، چىرايلىققىنە بىر ئايال يېنىدىكى ھەمراھىنى نوقۇپ تۇرۇپ ھاشىمئاخۇننى كۆرسەتتى:

ــ قارا، ئاداش، ئاۋۇ ھارۋىكەشنى كۆردۈڭمۇ؟

ــ كۆردۈم.

ــ ئۆتكەندە بىر ژۇرنالدىن بىر ھېكايە ئوقۇغانىدىم، سەھرادىكى بىر ھارۋىكەشنىڭ ھېكايىسى. ھېكايىنى ئوقۇپ ھارۋىكەشكە شۇنچىلىك ھېسداشلىقىم قوزغالغانتى دېگىنە.

ــ ھە، مەنمۇ ئوقىغان، بەك ئاق كۆڭۈل، مەرد ھارۋىكەشكەنتۇق ئۇ.

ــ ھازىر ئاۋۇ ھارۋىكەشنى كۆرۈپ شۇ ھېكايە يادىمغا كېپقالدى. ئاشۇ ھارۋىكەش رېئال ئادەممىدۇ ياكى ئەمەسمىدۇ دەپ ئويلاپ كەتكەنتىم. بۇدا سەھراغا ئويۇن قويغىلى كېلىپ بىرىنچى بولۇپ دىققىتىمنى تارتقىنى ھارۋىكەشلەر بولدى. مەن ئوقۇغان ھېكايىدىكى ھارۋىكەشكە قايسىسى ئوخشاركىن دەپ شۇنداق سەپسالدىم دېگىنە. قارىسام، ماۋۇ ھارۋىكەش بىزە ئوخشاۋاتىدۇ. ۋىجىك ئېشىكى، ئەسكى ھارۋىسى، ئۆسۈك ساقاللىرى، قارا ـ قارا، ئاۋۇ شوينىسى ئېتىلمىگەن قۇلاقچىسىغا! ھېلىقى يازغۇچى مۇشۇ ھارۋىكەشنى يازدىمۇ ــ يا؟

ــ ھەي تاڭەي، مۇنداقمۇ توغرا كېپقېلىپ يۈرمەس.

ــ ئەگەر ئاشۇ ھارۋىكەش شۇ بوپقالسا قانداق ياخشى بولاتتى، ئاداش!

ــ قانداق قىلاتتىڭ؟

ــ پاراڭلىشىپ ماتېرىيال توپلايتتىم، سۈرەتكە تارتىۋېلىپ بىزنىڭ يىگىتلەردىن بىرەرىگە گىرىم قىلاتتىم . دىلمۇراد سەھرالىقلارنىڭ ئوبرازىنى بەك ياخشى يارىتىدۇ جۇمۇ. ئۇمۇ

www.uyghurkitap.com

ماۋۇ هارۋىكەشكە ئوخشاش ئورۇق ئەمما سەل پاكار، بولىۋېرىدۇ. هارۋىكەشنىڭ ئايالىنىڭ رولىغا سىدىن چىقىسىدىن. بۇنىڭغا ئېپىڭ بار. شۇنداق قىلىپ ئاشۇ سەهرا هېكايىسىنى تەسىرلىك بىر فىلىم قىلىپ ئىشلەيمىز، قانداق؟

— ئەمسە ماۋۇ هارۋىكەش بىلەن بىر پاراڭلىشىپ باقمايلىمۇ ئاداش.

— ۋىييەي، قانداق بولار، ئاداش؟

— يالتىيىپ قالدىڭمۇ؟

— بىلمەيمەن.

— سىناپ باقمايلىمۇ؟

— مەيلى، ئاپپاراتنىڭ توكى تولۇقمۇ؟

— تولۇق.

— يۇرە ئەمسە.

هاشىمئاخۇن ئۆزىگە قاراپ ئۇدۇل كېلىۋاتقان ئىككى ئايالنى كۆرۈپ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇلاقچىسىنى كىيدى.

— توشۇيدىغان ژۇكۇڭلا بامتى، ئاپپىرىپ بېرەي.

— ئاپىرىپ بېرىدىغان يۈكىمىزغۇ يوق، — ئايالنىڭ بىرسى شۇنداق دېگەچ سومكىسىدىن سىپىرلىق ئاپپاراتنى ئېلىپ هاشىمئاخۇننى سۈرەتكە تارتىشقا باشلىدى. هاشىمئاخۇن ئالدىراپ - تېنەپ ئېشەكىنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلدى.

— ئىشىڭلا بوممىسا مەن كېتەي ئېمىسە، — دېدى ئۇ سامان خالتىسىنى ئالدىراپ هارۋىسىغا تاشلىغىنىچە.

هاشىمئاخۇن سۈرەت تارتىۋاتقان ئايالنى مۇخبىر ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدى. «تاسادىپىي ئۇ ئايال مېنى مۇشۇ سەت كىيىملىرىم بىلەنلا گېزىتكە ياكى دەنشىگە [2] چىقىرىپ قويسا قايداغ بولىدا؟ تېخى يوق گەپلىنى قوشاپ قوياۋېرىدىغان هۇنەلىرىمۇ باكەن بۇ خەخنىڭ. ئۆتكەندە توختەك سۆڭگەچنى مۇشۇنداق چىرايلىق بىي قىز سۈرەتكە تارتىپ كېتىۋىدى، نەچچە كۈندىن كېيىن دەنشىگە چىقتى. چىقىپمۇ قايداغ چىقىپتۇ دېمەمدىغان؟ مەلىمىزگە كۆلەملەشتۈرەپ تېرىلغان يىڭى سورتلۇق لازا (مۇچ)نىڭ هەر موسىدىن پالانى مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى دەپ ئاغزىغا پاتمايدىغان گەپنى قىپتۇ. ئەتىسى ھەممە ئەدەم تىللىدى توختەكنى: هەي سۆڭگەچ، بىز بەش ئەزايىمىز ساق، شۇنداق ئەجىي سىڭدۈسەك لازىنىڭ ئۇرۇق پۇلىنى ئاران تۆلىدۇق، سەن بىژ سۆڭگەچىڭنى سۆرەپ مېڭىپ هەجەپ جىق پۇلغا سېتىپسىنا! ئۆيەڭدىكى باشقا بىژمىنمۇ قوشاپ ساتقانمۇ — يا!؟ دەپ سىسىق گەپكە كۆمۈۋېتىشتى. توختەكنىڭ قوڭىدىن جىنى چىقىپ قالدى شۇ چاغدا. مەن ئۇنداق دېمىگەن، ئۇ گەپنى قوشاپ قوياپتۇ ... — دېگەنىدى تاتىرىپ. ئېمدى ما ئىككى خېنىم مېنى سۈرەتكە تارتىپ قايداغ قىلىدىكىنا؟ ...»

هاشىمئاخۇن ئېشىكىنى يېتىلەپ ماڭدى. ئىككى ئايال ئازىراق پىچىرلىشىۋالغاندىن كېيىن هاشىمئاخۇننى قايتا چاقىرىۋالدى.

— ئۇستام، بىز كىراقىلاتتۇق.

هاشىمئاخۇن چېپىدە توختىدى.

— نېمە باتى توشۇيدىغان؟

— بىز ئۆزىمىز چىقىمىز.

— سىلى؟— هاشىمئاخۇن هەيران بولۇپ كۈلۈپ كەتتى،— ئەدەمنى گەپكە سېلىشمىسلا ئۇنداغ!

— گەپكە سالمىدۇق. يازلىق كىنوخانىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويسىلا.

هاشىمئاخۇن قولىدىكى تاياقنى ئوينىغانچە جاۋاب بەردى:

— كىنوخانا ژىراق ئەمەس، ما چوڭ يولنى بويلاپ ئۇدۇل ماڭسىڭلا بولىدىغۇ.

— بەك ئىزدەپ كەتتۇق، ئۇستام، ئۇنداق قىلماي ئاپىرىپ قويىڭە.

— سىلى بۇ هارۋىغا چىقساڭلا ... ياراشماسمىكى ...— هاشىمئاخۇن ئىككىلەندى.

— هېچنېمە بولمايدۇ. تاكسى بولمىغاندىن كېيىن ئامال يوقتە، — دېدى ئايالنىڭ بىرسى.

— ئېمىسە ماۋۇ قاپنى سېپ بېرەي، — هاشىمئاخۇن جىددىيلىشىپ قاپنى هارۋىغا سالدى. ئۇستىدىكى چاپاننى سېلىپ هارۋىغا يايدى. ئاندىن خىجىللىق ئارىلاش كۈلۈمسىرىدى:

— چىقىشسىلا، ئىككى كوي بېرەلا.

— ئىككى كوي؟ — دېدى بىر ئايال قايتىلاپ.

— قىژمەت كۆسەڭلا ئازراق بەسەڭلىمۇ مەيلى، — دېدى هاشىمئاخۇن ئالدىراپ گېپىنى تۈزىتىپ.

— ياق، قىممەت دېمىدۇق، بەك ئەرزانچى ئىكەنسىز. ئىككى يۈەنگە نېمە كېلەتتى هازىر.

— تاما - تاما كۆل بولا، مىدىلاپ تۇساق بىژگەپ بولا.

— قارا، ئاداش، قىلغان گېپىنىڭ ئورامىدىن هېلىقى هېكايىدىكى هارۋىكەشنىڭ سۈرەتلىنىشى ئوخشاپلا قېلىۋاتىدۇ دېسە، — دېدى ئاپپاراتنى ئويناپ ئولتۇرغان ئايال شېرىكىگە پىچىرلاپ.

— هەقايسىلىرى مۇخپۇرما؟— دەپ سورىدى هاشىمئاخۇن ئارقىسىغا قايرىلىپ.

— ياق، مەن تىياتىر گىرىمچىسى، — دېدى ئايال ئاپپاراتنى هاشىمئاخۇنغا توغرىلاپ. هاشىمئاخۇن يالتىدە باشقا ياققا قارىۋالدى.

— مادوستۇم كىنو — تىياتىر يازىدۇ، رول ئالىدۇ، ناخشىمۇ ئوقۇيدۇ.

— هە،— دەپ قويدى هاشىمئاخۇن. «توۋا، مۇشۇنداغ چىرايلىق، كېلىشكەن ئاياللا نېمىدەپ بۇ ئەسكى هارۋىغا ئولتۇرۇپ قاغۇسى كەگەندۇ؟ هازىرغۇ دەنشىدە دىخان كىيىمى كەيگەن ئەرتىسلە چىقىدىغان كىنولا جىق چىقىۋاتىدا. بۇلامۇ ئىشىنداغ كىنو ئىشلەمدىغاندۇ؟» هاشىمئاخۇن ئەتراپتىكى هەيرانلىق بىلەن قارىشىپ قالغان خەقلەردىن قورۇنغاندەك بولۇپ قولنى قوۋۇشتۇرۇۋالدى. ئاندىن ئاستاغىنە بۇرۇلۇپ ئاياللارغا قارىدى. ئۇ، تېلېۋىزورلاردا چىقىدىغان ئارتىسلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. تېخى خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتكەندە بېشىغا سەر پۇش تۇماقنى كىيىۋېلىپ تارغىنە هويلا ئىچىدە ئۇياقتىن — بۇياققا ئېشىكنى چاپتۇرۇپ، تېلېۋىزوردا ئۇغۇت تونۇشتۇرىدىغان بىر ئارتىسنى دوراپ بەرسە بالىلىرى كۈلۈپ - تېلىقىپ كېتەتتى. هاشىمئاخۇن بىر ناخشىچى ئايالنىڭ ناخشىسىنى بەكلا ياقتۇرۇپ تىڭشايتتى. تېلېۋىزوردا شۇ ناخشىچى ئايال ناخشا ئېيتىپ قالسا ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئۆينىڭ ئىگىسى ئالدىراتسىمۇ كارى يوق قوپماي ئولتۇرۇپ تولۇق كۆرەتتى. تېخى ئالدىنقى بازار كۈنى كىراكەشلىك قىلىپ تاپقان پۇلدىن بەش يۈەنگە هېلىقى ناخشىچى ئايالنىڭ ناخشىلىرى ئېلىنغان DVD دىسكىسىدىن بىرنى ئالغانىدى. ئۆيىدە تېلېۋىزور بولمىسىمۇ، كېيىن تېلېۋىزور ئالغاندا كۆرەرمەن دەپ شۇنداق قىلغانىدى. «ئەگەر هېلىقى

www.uyghurkitap.com

ناخشچى شۇ بولاپقالسا پۇل ئالماي ئاپپىرىپ قوياي...» دەپ نىيەت قىلدى ھاشىمئاخۇن.

ھاشىمئاخۇن خىيال بىلەن مېڭىپ تۇرۇپبا يولىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن يولنى ئويۇپ توپا دۆۋىلەپ قويغان جايغا كەلگەندە ھارۋىنى توختاتتى.

ـ ئەستا، چوڭ يول بىلەن كەسەك بولاپتىكە، ما يولنى بۇزۇۋېتىپتۇ ئەمەسما، خاپىممىاي چۈشۈپ تۇرۇشسىلا، ھارۋىنى ئۆتكۈزۈۋالاي.

ئاياللار بىر ـ بىرلەپ ھارۋىدىن چۈشۈشكە باشلىدى. ئاپپارات كۆتۈرگەن ئايال «ئىھ !» دەپ نازۇك ئاۋاز بىلەن دىككىدە يەرگە چۈشۈۋىدى، كۆتۈلمىگەندە قولىدىكى ئاپپارات چاچراپ چىقىپ يولنىڭ چېتىدىكى تۇرۇپبا تونۇرىنىڭ گىرۋىكىگە چاررىسىدە چۈشۈپ كەتتى. ئايال «ۋايجان» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاپپاراتنى قولىغا ئالدى.

ـ ۋىييەي!

ـ ئاداش، ساقمىكەن؟

ـ ئېچىلمايۋاتىدۇ.

ـ باتارىيەسىگە قاراپ باققىنا.

ـ ھەممىسى جايىدا.

ئۇلار جىددىيلىشىپ ئاپپارات بىلەن ھەپىلىشىپ، قولدىن قولغا ئېلىشتى. ئاندىن ھېلىقى ئايالنىڭ بىرى ھاشىمئاخۇنغا غەزەپلىك تىكىلدى:

ـ بىزنى قانداق يول بىلەن ئەكەلدىڭ ھەي قەلەندەر؟

ھاشىماخۇن تۇيۇقسىز سالغان تىلدىن ئاغزى گەپكە كەلمەي كېكەچلىدى:

ـ چوڭ يول ... بەك بېسىق دەپ ...

ـ ما ئاپپارات بۇزۇلۇپتۇ، قانداق قىلىمەن ئەمدى؟

ھاشىمئاخۇن ئايالنىڭ قولىغا بويۇنداپ قارىدى.

ـ ئوڭشالماسما؟

ـ ئوڭشالماسما دەيدىيا ما پىتلىق! سېنىڭ ئاۋۇ ئەبجەق ھارۋاڭ ئەمەس بۇ، سىمدا چىرماپ قويسا بولىۋېرىدىغان! ياپوننىڭ «سونىي» ماركىسى دېسە بىلەمتىڭ سەن تومپاي، قولغا ئېلىپ كۆرسىمۇ پۇل بۇ!

ـ ئەستاخپۇرۇلا ... .

ـ ئەستاغپۇرۇللاغا بىرنېمە كەلمەيدۇ ھازىر.

ـ قانداق قىلىمە ئېمىسە؟

ـ ئۆزەڭ سەۋەبچى بولغاندىكىن، تۆلە!

ـ چىڭراق تۇتمىغانمىتىلە خانىم سىلىمۇ؟

ـ قارا مانىڭ گېپىنى، مۇشۇنداق يول بىلەنمۇ ماڭامدۇ ـ ھە؟

ـ ئاپلاھۇ ئەكبەر، ئاپلا ھۇ ئەكبەر! ئېتتىگەن ئىشىكتىن بىسمىللا دەپ چىققان بوممىسا.

ـ بۇنى تۆلە ئەمدى. بولمىسا سوتقا كىرىمەن، ـ دېدى ئايال ھەيۋە قىلىپ.

ـ نەچچە پۇللۇق بىژمە بۇ خانىم؟

ـ نەچچە پۇللۇق دەيدىيا يەنە؟ بۇنىڭ باھاسىنى ئاڭلىساڭ ئاۋۇ ئېشىكىڭنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋالىسەن. رېمونتىغىلا بىرەرمىڭ كوي كېتىدىغان نەرسە بۇ!

ـ ھە؟!

ھاشىمئاخۇننىڭ چۈلۈۋۈر تۇتقان قوللىرى بوشىشىپ كەتتى. تېخى بايامىلا كۆڭۈللۈك خىياللارغا ئەسىر بولغان كەيپىياتى بىراقلا تۈنجۇقۇپ، پۈتلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ، پاچاقلىرى تىترەشكە باشلىدى. قۇلاقچىسىنىڭ جىيىكىدىن ئاققان تەرلىرى يېنىغا ئېقىپ بىئارام قىلىشقا باشلىدى.

ـ خېنىم، ئارىسال دەپ مۇشۇنداق مېڭىپ قاپتۇق ئەمدى. بوسا بىي ...

ـ نېمە؟ بەش مىڭ يۈەنلىك ئاپپارات بۇزۇلسا «بوسا بىي!» دەپ تۈگەتكىلى بولامدۇ؟

ـ «قانۇن ۋە پۇقرا» نى كۆرگەنمۇ دىيەنىشىدە؟

ئىككى ئايالنىڭ ھاشىمئاخۇننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تاپا ـ تەنە قىلىشىۋاتقىنىنى كۆرگەن بازارچىلار بۇ يەرگەيىغىلىشقا باشلىدى. خەقلەردىن نومۇس قىلغان ھاشىمئاخۇن يەردىن چۈلۈۋۈرنى ئېلىپ ئېشىكنى چەتتىكى ستولبىغا باغلاپ بولۇپ ئاياللارغا قارىدى:

ـ بولاپتۇ، تۆلىسەم تۆلەي، غەۋغا چىقامىسلا، سەت تۇرىدا، ـ دېدى يىلىنىپ.

ھاشىمئاخۇن مۆكچەيگەن گەۋدىسىنى ئالدىغا تاشلاپ ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۇلاغ بازىرىغا قاراپ ماڭدى. ئاياللارنىڭ بىرسى ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلىپ:

ـ غىپپىدە قاچىمەن دەپ خام خىيال قىلما، ئاپپاراتنىڭ ئىچىدە بايام تارتقان سۈرىتىڭ بار. ساقچىخانىغا ئەكىرسەم ئاسانلا تاپىمەن.

ـ خاتىرجەم بوسلا، خانىم، مەن ئۇنداغ نامەرت ئوغالبالا ئەمەس، ـ دېدى ھاشىمئاخۇن قايرىلىپ قاراپ، ـ ھەرگىز قېچىپ كەتمەيمە.

ئالاھازەل يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندە ھاشىمئاخۇن بويى ئېگىز، ئورۇق، چىرايى قاتاڭغۇر، سالدۇرغان چىشلىرى كۆكىرىپ كەتكەن بىدىكنى باشلاپ كەلدى.

ـ مۇشۇ ئېشەكما؟ ـ دېدى ئۇ.

ـ ھەئە.

بىدىك قولىدىكى تۇگەيلا دەپ قالغان تاماكىسىنى تاشلىۋېتىپ، سارغىيىپ كەتكەن بارماقلىرىدىن قاس چىقارغىنىچە ئېشەككە يېقىنلاپ كەلدى. بىدىكنىڭ ھەممە يېرىدىن قاڭسىق تاماكا ئىسى، تەر، قىغ تىزۇندىلىرىنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. ئىككى ئايال چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇشتى.

بىدىك ئېشەكنىڭ ئاغزىنى يېرىپ ئېچىپ چىشلىرىنى كۆردى. ئۇياق ـ بۇياققا يېتىلىدى. قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ كۆتىگە شاپىلاقلىدى. چۆرگىلەپ يۈرۈپ بىر ھازا دىتلىغاندىن كېيىن ھاشىمئاخۇنغا قاراپ سورىدى:

ـ نەچچە خەجلەيدىكەنسە؟

ـ بىژ يېرىم مىڭ كوي بېرەلا.

ـ ماڭەۋا، بىژ يېرىم مىڭ كويغا ئاغماقتەك ئويناقشىيدىغان تەخەي بېرىدا. بۇ قېرى ئېشەكنى تۇغۇلتىش ئىسكىلاتىدىن كەگەنلەرمۇ تەستە ئالىدا. 700 كويغا مىجەزىڭ قايداغ؟

ـ بەك ئاز سوراپ قويدىلا، ئاكا.

ـ بولاپتا، ئاتايىن قىچىغىلى باغىنىڭ ئۈچۈن ژىگىمە كوي قوشاپ قوياي.

ـ گەپ ئون ـ ژىگىمە كويدا ئەمەس، ئاكا.

ـ ئوھ مانى، ئون ـ ژىگىمە كوينى ياراتمايدىكەنسە تېخى؟ 750 بوسچۇ؟

ـ كام بولا. قايىلسىلا ئاكا، ماڭا جىددى پۇل لازىم بوممىسا ساتمايتتىم. جىق تالاشمايلى، مىڭ كوي بېرىپ ھەيدىسىلە.

ــ ياق، مىڭغا ئالامايمەن، 750 دىن ئارتۇق بېرەممەيمەن.

بەدىك قوللىرىنى قىقىشتۇرۇپ مېڭىۋىدى، هاشىمئاخۇن يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

ــ ئاكا، باشقا كۈن چۈشكەندە ئەزان سورىماي تۈزۈك پۇل بەسلە.

ــ بازارنىڭ ئەۋالى بوش تۇسا قايداغ قىلىمە. بەسدىك ئەينا، بومىسا مەيلى.

ئامالسىز قالغان هاشىمئاخۇن لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا ئېيتتى:

ــ بولاپتۇ، ئاسلا.

بەدىك يالتايغاندەك قىياپەتتە ئارقىغا داجىپ ئېشەكنى يەنە بىر هازا كۆزەتتى. ساغرىسىنى سىلاپ، قۇيرۇقىنى تولغاپ، كۆتىگە شاپىلاقلاپ قويدى. ئاندىن سارغايغان بارماقلىرىنى تىلىغا تەگكۈزۈپ نەمدىگەندىن كېيىن پۇل سانىغاچ غۇدۇراپ قويدى:

ــ ئەسلى ئامايتىم، جىددى پۇل لازىم بولاپقالدى دەپقالدىڭ، ساۋاپ بولا.

هاشىمئاخۇن پۇلنى ئېلىپ ئېشەكنى هارۋىدىن چىقاردى، ئەتراپىدا «مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىين» قىلىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان خەقلەردىن ئىزا تارتقاندەك بويىنى بارغانسېرى قىسقىراپ، چاپاننىڭ ياقىسىغا كىرىپ كەتتى. ئىككى دولىسى قىسىلىپ، گەۋدىسى ئالدىغا مۈكچەيدى. ئۇ، بەدىك يېتىلەپ ماڭغان ئېشەكنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ يۈرىكى ئاغرىغاندەك بولدى. ئارقىسىدىن قىيمىغاندەك بىر هازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بەدىكنى چاقىردى:

ــ ئاكا، توختاپ تۇسلا.

بەدىك توختىدى. هاشىمئاخۇن هارۋىغا سېلىنغان چاپاننىڭ يانچۇقىدىن يېرىم يېيىلگەن گىردىنى ئېلىپ ئېشەكنىڭ يېنىغا باردى.

ــ مانى يېۋاسۇن دېگەنتىم.

ئۇ، گىردىنى ئالقىنىدا قويۇپ ئېشەككە تەڭلىۋىدى، ئېشەك بىرلا يالماپ چايناشقا باشلىدى. بەدىك هاشىماخۇنغا هەيران بولۇپ قاراپ «سارائىمۇ نېمە ماۋۇ» دەپ غۇدۇراپ قويۇپ ئېشەككە ۋارقىرىدى:

ــ قىنى!

هاشىمئاخۇن ئايالىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ پۇلنى هېلىقى ئايالغا تەڭلىدى.

ــ ما پۇلنى ساناپ باقسىلا، ــ دېدى ئۇ.

ئايال پۇلنى يۇلغاندەك ئېلىپ هاشىمئاخۇنغا ئالايدى:

ــ بۇ ئاپپاراتنى ئۈرۈمچىدىكى دابازادىلا [4] ئۈچ‌شايدۇ. مەن ئۈرۈمچىگە قايتقۇچە نېمە ئىشلىتەرمەن؟... نەس باسقۇر... 750 يۈەن ئىكەنغۇ؟

ــ ئۆزلىرى كۆرىلە خانىم، ھەممىنى بەدىم ئەينا، يېتىپ قالا.

هاشىمئاخۇن ئولاشقان خەقلەرنىڭ يېنىدىن تىزراق كېتىشكە ئالدىراپ تۇراتتى. ئايالنىڭ بىرىنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان تېلېفونى «تىرىلڭ» قىلىپ قالدى. ئايال تېلېفوننى ئېلىپ قاراپ يېنىدىكىسىگە ئېيتتى:

ــ ئۆمەك باشلىقى نېمىشقا كېپبولالمايسىلە، ئويۇننى باشلايمىز دەپ شىنشى [5] يېزىپتۇ.

ــ ئەمىسە ماڭايلىمىكى ئاداش. بۇ ئوغرىدىن يەنە بىر نېمە چىقمايدىكەن. قارا، ئەپتىگە.

ــ ئىست، نېمىدەپمۇ چىقار بولغىيتىم بۇ نەس باسقان هارۋىغا.

ــ شۇڭا چاپان تىزدىن ئاشماي، بىر كوي - ئىككى كويدىن يۈك توشۇپ جان بېقىشقا قالغان خەق بۇ.

ئايالار غوتۇلداشقانچە يىراقلاشتى. هاشىمئاخۇن ئاستاغىنە هارۋىسىنىڭ شوتىسىغا كىرىپ ئىككى يانى ئىككى قولىدا چىڭ تۇتۇپ سۆرەشكە باشلىدى. تىل - ئاھانەت هار كەلدىمۇ، ياكى شوتا ئېغىرمۇ، هارۋىنى تەستە ئورنىدىن قوزغىدى. هارۋىنىڭ شاللىرى بۇرۇنقىدەك تاراقلاشقا باشلىدى.

ــ ئىست، ــ دېدى هاشىمئاخۇن ئۆز - ئۆزىگە. ئۇنىڭ توپا - چاڭدىن ئاقارغان يۈزى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئىككى تامچە ياش دومىلىغانچە مەڭزىدە توختاپ قالدى.

2010 - يىل ئاپرېل، ئاتۇش

## چۈشنۈك

[1]باراڭ قوغۇن ــ ئىككى يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە زىچ ياغاچ جاهازا ياسىلىپ، شۇنىڭغا قوغۇننىڭ پېلىكىنى ياماشتۇرۇپ ئۆستۈرۈلىدىغان، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا قىرغىن دولقۇن قوزغالغان مىۋە تۈرى.

[2]موتو ــ موتوسىكلىت.

[3] دەنشى ــ دىيەنشى ــ تېلېۋىزور.

[4] دابازا ــ ئۈرۈمچى خەلقئارا چوڭ بازىرى.

[5] شىنشى ــ ئۇچۇر.

ئاپتور: قىرغىز، يازغۇچى، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمىدۈن يېزا قىرغىز مەھەللىسىدە دېھقان

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب - ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100 - نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 - 0991، ئالاقىلاشقۇچى: نۇرشاد هاكىم



www.uyghurkitap.com

# سايرا دۇتارىم، سايرا

مۇراد مەتنىياز

## مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم

*ئاتام چالغان دۇتارىم،*
*ئانام چالغان دۇتارىم.*
*ئەجدادلاردىن تەۋەررۇك*
*ماڭا قالغان دۇتارىم.*

*ــــ سادىر سادىرىي: «دۇتارىم» ناملىق ناخشىدىن*


«مۇشۇ دۇتار دېگەنگە ھەيرانمەن، ئۇكام، چىقىپ قالساق بىر چۆگۈن چاي قاينىماس، ئەممازە ئۇنى چالدىغان بولساق جىمى ئۇيغۇر قاينايدۇ ـ دە، ئۇيغۇر! قاراڭ، ئۆزىمىز يۇرتتىن، ۋەتەندىن يىراقتا، ئەمما روھىمىز يەنىلا كۆتۈرەڭگۈ مانا. نېمە بىلەن بولاتتى ئۇكام، مۇشۇ دۇتار ـ تەنبۇرلىرىمىز بىلەن، يۇرت ـ ۋەتەننى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئۆلمەس ناخشىلارنىڭ خاسىيتى بىلەن بولمامدۇ. دۇتار دېگەنمۇ ئاجايىپ خىسلەتلىك چالغۇكەن، خاپىلىق يەتكەن، دەرد تارتقان چاغلىرىمىزدا چالساق دىلىمىزدىن دەرد ـ ئەلەم، زەنجۇ ـ مۇشەققەتلەر كۆتۈرۈلۈپ، ھاياتقا بولغان مۇھەببەت، ئىشەنچ ـ ئۈمىدىمىز ئاشىدۇ. شۇڭىمۇ دۇتارنى كۆرسەم ئۇيغۇرۇمنى كۆرگەندەك ياىراپ كېتىمەن، ئۇكام.»

1995 ـ يىلى سېنتەبىرنىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىدىن بىر سەنئەت ئۆمىكىنى باشلاپ قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانغا سەييارە ئويۇن قويۇشقا باردىم. ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئەت ھەۋەسكارلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىشتىن سىرتقى بۇ ئۆمەك ئاساسەن مودا كىيىم ـ كېچەكلەرنى كۆرگەزمە قىلىش بىلەن بىرگە، ياۋروپاچە ناخشا ـ كۈي ۋە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇندايتتى. ئۆمىكىمىز قويغان ئويۇن بارغانلا يەردە قىزغىن قارشى ئېلىندى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئويۇن قويغان ۋاقتىمىزدا دۇتار بىلەن ئورۇندالغان ناخشا ـ كۈيلەر تاماشىبىنلارنىڭ قالتىس ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

قىرغىزىستاننىڭ قارا بالتا دېگەن يېرىدە ئويۇن قويغان چاغدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار مېنى ھازىرغىچە ھاياجانغا سالىدۇ. قارا بالتا ئۆزۋاقتىدا چۆل ـ جەزىرە، قاقاسلىق بولۇپ، ئاساسەن مۇساپىرلار ئولتۇراقلاشتۇرۇلغانىكەن. شۇ يەردىكى بىرەيلەننىڭ دەپ بېرىشىچە، ناچار مۇھىت، ئېغىر ئەمگەك، جاپالىق تۇرمۇش بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى مۇشكۇلات ئىچىدە جاپاغا چىداپ ياشاشقا ئادەتلەندۈرۈپتۇ. تىياتىرخانىغا كىرىۋاتقان تاماشىبىنلارنىڭ ئارىسىدا سولغۇن، ۋىجىك، غەمكىن، چىرايلىرى تاتىراڭغۇ، يۈز ـ كۆزىنى ئاق كىسەل ۋە ھەر خىل يارا ـ جاراھەت باسقان كىشىلەرنىڭ خېلى كۆپلۈكى بۇ گەپنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

ئويۇنىمىز باشلىنىش مەيلى سېرىق چاچلىق قىزلىرىمىز (ئەينى ۋاقىتتا ئۆمەكتىكى ئارتىسلىرىمىز چاچلىرىنى سېرىق بوياۋاتىكەن) مودا كىيىملىرى بىلەن سەھنىگە چىققاندا ياكى سازچىلىرىمىز ئېلېكترونلۇق چالغۇلار بىلەن ياۋروپاچە ناخشا ـ كۈيلەرنى ئورۇندىغاندا بولسۇن تاماشىبىنلار رىتىملىق چاۋاك چېلىپ ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ تۇردى. ئەمما، خەلقىمىز ئارىسىدا پاشا ئىشان ئۇسلۇبىدا ناخشا ئېيتىش بىلەن نام چىقارغان ناخشىچى ئارزۇگۈل پەتتار دۇتارنى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىغا سازلاپ ياڭراق، تاغ سۈيىدەك سۈزۈك ئاۋازىنى بىر قويۇۋېتىۋىدى، پۈتكۈل تاماشىبىن ئورۇنلىرىدىن گۈررىدە تۇرۇپ كەتتى ـ دە، گۈلدۈراس ئالقىش زالنى بىر ئالدى. بىزمۇ، ئارزۇگۈل پەتتارمۇ دەماللىققا نېمە بولدىكىن دەپ ھەيرانۇ ـ ھەس قاپتىمىز. تاماشىبىنلارنىڭ چىرايىغا تەپكەن مىسلىسىز ھاياجان ۋە تەنتەنە ۋۇجۇدىمىزنى شۈررىدە ئېرىتىۋەتتى. ئارزۇگۈلنىڭ مەردانە ۋە كەرەشمىلىك ئاۋازى پەللىگە چىقتى. ئارزۇگۈلنىڭ تۇنجى ناخشىسى ئاخىرلىشاي دېگەندە بىر نەچچە مويسىپىت مېنى پەردىنىڭ كەينىگە تارتقۇشلاپ قالدى ۋە قىزغىن سالام ـ سەھەتتىن كېيىن تاماشىبىنلارنىڭ بىزدىن پەقەت دۇتار بىلەن ئورۇندالغان ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى كۆپرەك ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى يەتكۈزدى: «ئۇكام، سىزگە كۆڭۈلدىكى گەپنى قىلساق، بىز سېرىق چاچلىقلارنى تولا كۆرۈپ، ياۋروپاچە ناخشا ـ كۈيلەرنى كۈندە ئاڭلاپ زېرىكىپ كەتكەن خەقمىز. بىز ۋەتەننى، ئۇيغۇرنىڭ ناخشا ـ سازلىرىنى بەك سېغىندۇق. ئەسلى سىلەر دېگەن مېھمان، ھۇزۇرىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭلارنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن كاتتا شەرەپ ۋە خۇشاللىق ئىدى. سىلەرگە ئارتۇقچە تەلەپ قويۇشىمىز ھۆرمەتسىزلىك، يولسىزلىق بولار ئىدى. ئەمما ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ ئېيتىشقا مەجبۇرمىز، خاپا بولماي ئۆزىمىزنىڭ ناخشا ـ سازلىرىنى چېلىپ، ئېيتىپ بەرسەڭلار. سىلەر ھامان كېتىسىلەر، ئاشۇ ياڭراق، مۇڭلۇق، ئوتلۇق ناخشا ـ سازلىرىمىزغا ئوبدانراق قېنىۋالايلى، يۈرىكىمىزنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇۋالايلى. بىزنى توغرا چۈشىنىڭ، ئۇكام» دەپ قولۇمنى چىڭ سىقىشتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇلارنىڭ قاغجىرىغان ـــ ھەسرەتلىك قەلبى ئايان بولغانىدى. مەن خۇشاللىق بىلەن ئەمدىلا ناخشىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ پەردىنىڭ كەينىگە ئۆتكەن ئارزۇگۈلنى چاقىرىپ تاماشىبىنلارنىڭ تەلەپ ـ ئىلتىماسىنى يەتكۈزدۈم. زالنىڭ ئىچى ئالقىش ـ چۇقانلار بىلەن، توغرىسى ئارزۇگۈلنى، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى تەلەپ قىلىپ تۈۋلىنىۋاتقان تەلەپ ـ ئىلتىماسلار بىلەن لەرزىگە كەلگەنىدى.

(داۋامى 45 ـ بەتتە)



# بىز قانداق چاكىنىلاشتۇق

## كىملىكىمىز، جەمئىيەتلىشىۋاتقان بىنورماللىقلىرىمىز ۋە شالغۇتلىشىۋاتقان قىممەت قارىشىمىز

ـ تاپتىن چىققۇچىلار جەمئىيەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇرلاردىكى ئۇنتۇلغان پەرھىزلەر ۋە بۇزۇلۇۋاتقان يوسۇنلار ئۈستىدە ئويلىنىش

زۇلپىقار بارات ئۆزباش

— مەن ئىنسانىيلىقنىڭ ئاسىيسى، كامالەتنىڭ قاتىلى، تورمۇشنىڭ ئەخلىتى. بۇ تەقدىرىڭنى ئۆزۈڭ تۈزگەن.

— ئاتەش كەبى، ئەمما نېبىسانىي ئۈمىد تەنتەنىلىككە مەھلىيا بولۇپ تۈزگەنسەن.

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (1934 ـ 1995) «ئۆزۈڭنى تونۇ» ناملىق ئەسىرىدىن [1]

— بىر ئەخلاقسىز ئادەم ھەرىكەتكە ئۆتكەندە، نۇرغۇن ئەخلاقلىق ئادەم تەڭلا ئازابلىنىۋاتقان بولىدۇ.

ئىممانۇئېل كانت (گېرمانىيە، 1724 ـ 1804) [2]

— بىر جەمئىيەت كىشىلىرى ئورتاق قىممەت قارىشى يارىتالماي تۇرۇپ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالمايدۇ ياكى قايتىدىن بەرپا قىلالمايدۇ.

— ئېمىل دۇركايىم (فىرانسىيە، 1858 ـ 1917)[3]

## 1. مۇقەددىمە: تېمىغا كىرىش

### پاكىت تەھلىلى(1)

### تويدا غەرق مەست بولۇۋالغان دادىلار

قىز كۆچۈرگىلى كەلگەن يىگىتلەر بىردىن مىرتە ئۇسسۇل ئويناپ، مېرىكە كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇپ سەھنىدىن چۈشكەندىن كېيىن، كاستۇم ـ بۇرۇلكىنى قامالاشتۇرۇپ كىيگەن، شۇنچىلىك سالاپەتلىك، قامەتلىك بىر ئادەم قوللىرىنى سانىك قانىتىدەك كېرىگىنىچە ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئەمما مەيداننى بىر ئايلىنار ـ ئايلانمايلا دەلدەڭشىپ، ئېگىز ـ پەس دەسسەشكە باشلىدى. بوكاندەك قىزارغان يۈزى، ئەلەسلەشكە باشلىغان كۆزلىرىدىن غەرق مەست بولۇۋالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. سەھنىدە ئالدىراش مېڭىپ يۈرگەن، قىنىق گىرىم قىلغان 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال (بەلكىم ئۇ كىشىنىڭ ئايالى بولسا كېرەك) بۇ ھالدىن ئەيىبسىزلىك ھېس قىلدىمۇ،

«ئۆزۈڭنى تونۇ!»

ئېتىنىڭ بېرىپ ئۇ ئادەمنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ چۈشۈپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. ئەمما ئۇ ئادەم تېرىدىرىپ تۇرۇۋېلىپ چۈشكىلى ئۇنىمىدى. ئۇزۇنلۇمدا سەھنىگە قاراپ تۇرغان، ياغلىقىنى يارىشتۇرۇپ چەككەن تېمىك ئۇيغۇر چىراي بىر ئايال «ئىم» دېگىنىدەك قىلىپ يۈزىنى قولى بىلەن توسۇۋالدى.

— بولىدى، قويۇپ بېرىڭ، ئوينىسۇن، ئاغىنىسىنىڭ قىزىنىڭ تويىدا ئوينىماي قاچان ئوينايدۇ! — نېرىراقتىكى شىرەدە كېرىپ قىلىپ ئولتۇرۇشقان سالاپەتلىك ئەرلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن ئۈنلۈك ئاۋازدا شۇنداق دېگىنىچە بېرىپ سەھنىدىكى ئادەمگە ماسلىشىپ ئويناشقا باشلىدى. سەھنىگە چىققان ئايال ئوڭايسىز بىر كەيپىياتتا چۈشۈپ كەتتى.

— ئىسىت، مۇقەددەس نىكاھنى ھارام قىلىشتى. دە، رەسۋالار! — دېدى مەن بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرغان، ساقاللىق، ياكىز قېرىغان بىر مويسىپىت كىشى.

— بۇ كىشى ئونتۇپىرىستىپتا مۇئەللىم، ئىنىمغا دەرس بەرگەن، — دېدى يېنىمدا ئولتۇرغان مەن بىلەن تەڭ دېگەتلىك بىرسى.

ھايال ئۆتمەي سازچىلارنىڭ تېخىمۇ شوخ ئۇسسۇل پەدىسىگە جىلىشى بىلەن بايىقى ئەر قويۇقان شىرەدىكى ئەرلەر بىراقلا يوپۇرۇلۇپ سەھنىگە قاراپ ماڭدى. ئېگىز ـ پەس ئۇسسۇللار ئوينىلىشقا، قەدەھلەر

www.uyghurkitap.com

*ئالمىشىپ، يىگىتلار كالانىيلىشىشقا باشلىدى. قىز كۆچۈرگىلى كەلگەن يىگىتلەر بۇ ھالنى كۆرۈپ كۈلۈشكە باشلىدى. كېيىنكى يەرگە قىز- يىگىتلەر ئويناپ چاچراپ كەتكەندىن كېيىن، سورۇن رىياسەتچىلىكىنى قىلىۋاتقان ئوتتۇرا بوي، يۈزى پەرەڭدەك قىزارغان بىر ئادەم مىكروفوننى ئېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئەمما، تەمتىلىپ قالغاچقىمۇ ئىرىشاۋۇر، گېپى قولاشمايتتى. ئۇ ئۆزۈپ- ئۆزۈپ ئېيتىلغان، قولاشمىغان نۇتقىنى ناھايىتى ئۇرغۇلۇق ئاۋازدا: «جانابىي ئاللادىن قىزىمىزنىڭ بەختىنى تىلەيمىز، ئامىن!» دەپ ئاخىرلاشتۇردى ۋە قىزنىڭ يۈزى ئېچىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. سەھنىگە ئادەم تولۇشقا باشلىدى. سازچىلار پەدىسىنى يېڭىتىپ «جان ئاتا» دېگەن ناخشىغا چالدى. يۈز ئېچىش، ئۈزۈك سېلىش، قىزنىڭ بېشىدىن نەل ئۆرۈش قاتارلىق رەسمىيەتلەر ناھايىتى تېزلا بىجا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈردى. ياداموپلىق بىر ئادەم ئۇزۇندىن- ئۇزۇنغا دۇئا قىلدى. قىزنىڭ ئاتا- ئانىلىرى رازىلىق بېرىشكەندىن كېيىن قىز- يىگىتلەر ئاككوردىيون سادالىرى ئىچىدە زالدىن ئايرىلىشتى.*

بۇ، 2008- يىلى ئىيۇندا ئۈرۈمچىدىكى بىر رېستوراندا ئۆتكۈزۈلگەن مەرىكىدە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن كۆرۈنۈش ئىدى. ئۇ چاغدا يازلىق تەتىل قىلىپ ھونولۇلۇدىن ئۈرۈمچىگە قايتقىنىمغا بىر ئايچە بولغانىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەرىكە مەدەنىيىتىدە يېقىنقى ئون- يىگىرمە يىل ئىچىدە پەيدا بولغان، شەھەرلەردىكى خېلى كۆپ قىسىم ئۇيغۇرنىڭ نەزەرىدە ھەيران قالغۇچىلىكى يوق بىر ئىشقا ئايلانغان يۇقىرىقى كۆرۈنۈش جەمئىيەتلىشىۋاتقان چاكىنىلىقنىڭ روشەن بىر ئىپادىسى ئىدى. بۇ يەردىكى چاكىنىلىق ئىبارىسى يۇقىرىقى ھالغا كۆنۈپ كەتكەن، سوئال قويۇپ ئولتۇرمايدىغان ئۇيغۇرلارنى بىئارام قىلىپ، «بۇنچىلىك ئىشنى قانداقمۇ جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىق دېگىلى بولسۇن؟ قانداق بولسا چاكىنىلىق جەمئىيەتلەشكەن بولىدۇ؟ چاكىنىلىققا ھۆكۈم قىلىشتا ئاساسلىنىۋاتقان ئۆلچەم نېمە؟» دېگەن شۈبھىلىك پىكىرگە تۈرتۈرۈق بولۇشى ئېھتىمال. مېنىڭ نەزەرىمدە، جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىق — بىر ئىجتىمائىي توپتا بىردەك ھىمايە قىلىنىدىغان، ئورتاقلىق تۇيغۇسى ۋە مەنسۇبىيەت ئېڭى پەيدا قىلىدىغان قىممەت قاراشلىرى، ئىجتىمائىي مىزانلىرىغا خىلاپ ھالدا ئومۇملاشقان، ئەمما ئەخلاقسىزلىق ھېسابلانمايدىغان، جىنايەت ئۆلچىمىگىمۇ توشمايدىغان، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇ ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرى ئارىسىدا ھەيرانلىق ھېس قىلىنمايدىغان ئىجتىمائىي بىنورماللىقتۇر. ئادەتتە جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىق «تاپتىن چىققۇچىلار جەمئىيەتشۇناسلىقى» (Sociology of Deviance, 越轨行为社会学) دائىرىسىدە تەتقىق قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى كۆرۈنۈشنى جەمئىيەتلىشىۋاتقان چاكىنىلىقنىڭ ئىپادىسى دېيىشتىكى سەۋەب شۇكى، بۇ توي مەرىكىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمانلىق ئەخلاقى ۋە ئادىتىگە، جۈملىدىن مۇراسىم قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىنغان؛ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىختىن بېرى ئورتاق ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ئەخلاق مىزانلىرى دەپسەندە قىلىنغان. يەنى، ئۇيغۇر ئەنئەنىسىدە نىكاھ ئىنتايىن مۇقەددەس، نىكاھ كۈنى ئەتىگىنى تۇزغا چىلىغان نان يېيىلىدۇ ۋە بۇ نىكاھنى ئۇلۇغلىغانلىق دەپ چۈشىنىلىدۇ. مۇراسىم مەدەنىيىتىدە مۇسۇلمانلىق ئەخلاقى نۇقتىسىدىن ھاراق ئىچىش ئېغىر ئېلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەنئەنىسىگە، مۇراسىم مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشەنچلىك ئىلمىي مەنبەلەردىن بۇ بايانغا دائىر دەلىل- ئاساسلارنى كۆپلەپ ئۇچرىتالايمىز. مەسىلەن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىرىدىن ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللالار بىرلىشىپ يازغان «ئۇيغۇر ئۆرپ- ئادەتلىرى»(1996:187)، ئابدۇرېھىم ھەببۇللا يازغان «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» (258-257:2000)، ئەنۋەر سەمەد قورغان يازغان «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر» (190-191 :2007) قاتارلىق كىتابلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ھاراقتىن پەرھىز تۇتىدىغانلىقى ئېنىق قەيت قىلىنغان. ئۇ مەنبەلەردىكى ئۇيغۇر مۇراسىم مەدەنىيىتىگە ئائىت بايانلاردىمۇ مەرىكە بولۇۋاتقان سورۇندا ھاراق ئىچىشكە دائىر ھېچقانداق گەپ يوق. دېمەك، يۇقىرىقى سورۇندا كەم دېگەندە مۇنداق بىر قانچە نۇقتىدىن جەمئىيەتلىشىۋاتقان چاكىنىلىقنىڭ ئىپادىلىرى ئوتتۇرىغا چىققان. بىرىنچى، ھاراق ئىچىلىپ نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ھارام ئارىلاشتۇرۇلغان؛ ئىككىنچى، ياشلارغا قائىدە- يوسۇن ئۆگىتىش، ئۆرپ- ئادەتتە ئۈلگە بولۇش مەجبۇرىيىتى بولغان دادىلار شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى تۇيماي ئۇيغۇر ئەنئەنىسىگە ئاڭلىق خىرىس قىلغان؛ ئۈچىنچى، ياشلار بىلەن چوڭلار ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپ بۇزۇلغان؛ تۆتىنچى، ئۇ دادىلارنىڭ ئۇيغۇر سورۇنلىرىنىڭ ئەخلاق ئەنئەنىسىگە قارا سۈركەيدىغان قىلىقلىرى سورۇندىكى زور كۆپ قىسىم ئادەمنىڭ نەزەرىدە ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىشقا ئايلانغان؛ بەشىنچى، ئۇيغۇرنىڭ كوللېكتىپ ۋىجدانىغا (CollectiveConscience , 集体良心)، ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنى ياقلاپ كېلىۋاتقان ھەم ئورتاق قىممەت قارىشىنى ئىش- ھەرىكىتىدە ئىپادىلەپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ غۇرۇرىغا ھۇجۇم قىلىنغان.

ئەڭ يامان بولغىنى، بۇنى ئاشۇ دادىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئادەم تۇيمىغان. بۇ خىل ھادىسە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، جۈملىدىن شەھەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا خېلى كەڭ كۆلەمدە يىلتىز تارتقان. گېزى كەلگەندە يەنە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ ھادىسىنىڭ نۇرغۇن كىشىگە غەيرىي تۇيۇلماسلىقى ۋە يىلتىز تارتىش، جەمئىيەتلىشىشكە ئۈلگۈرۈشى، بۇ ھەقتە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى روشەنلەشتۈرىدۇ ۋە ئالدىمىزغا «ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن ئەنئەنىسىدە چەكلىنىدىغان ۋە ئاتا- بوۋىلىرى يامان كۆرگەن، ھار ئالغان ئىشلارغا ئۈيچە كۆنۈپ كەتتى؟ بۇ ئىشلار قانداق جەمئىيەتلەشتى؟» دېگەن سوئالنى تاشلايدۇ. چۈنكى، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بىر ۋەزىپىسى— ئادەتلەنگەن تونۇش (Common Sense , 常识) قا جەڭ ئېلان قىلىش.

چاكىنىلىققا دىياگنوز قويۇشتىكى ئۆلچەم ۋە ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل «بىز كىم؟ بىز كىمنىڭ پۇشتى؟ يىلتىزىمىزچۇ؟» دەپ سوئال قويۇشتۇر. ئەنە شۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىلغاندا، جەمئىيەتلەشكەن

چاكىنىلىقنى چۈشىنىش بىر ئاز ئاسانلىشىدۇ. بۇ ھادىسىنى ئىنسانشۇناسلىق، فولكلور، ئەخلاقشۇناسلىق، تارىخ، مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە دىنشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ باشقىچە تەھلىل قىلغىلىمۇ بولىدۇ. ئەمما بىز بۇ ماقالىمىزدە مەسىلىنى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن، يەنى ئىنسان ھەرىكىتى بىلەن جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي سىستېمىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن چىقىپ كۆزىتىمىز ۋە يۇقىرىقى نۇقتىلارنى چۆرىدىگەن ھالدا «ئۇيغۇرلاردا جەمئىيەتلىشىۋاتقان چاكىنىلىقلارنىڭ ئىپادىلىرى، سەۋەبلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى نېمە؟ چاكىنىلىشىش قانداق بىر جەريان؟ چاكىنىلىشىش قانداق جەمئىيەتلىشىدۇ؟» دېگەن ئۈچ سوئالغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشىمىز. ھەر بىر نۇقتىئىنەزەرىمىزنى ئۇدۇللا ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا چەكلەنمەي، ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان تىپىك پاكىتلارنى جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەلىرى بىلەن تەھلىل قىلىپ، ماقالىمىزنىڭ نەزەرىيەۋى چوڭقۇرلۇقىنى يەنىمۇ تەرەنلىتىشكە تىرىشىمىز. پاكىت توپلاشتا قوللانغان مېتودلىرىمىز سۈپەت تەتقىقاتىدىكى ئوبراز ئانالىزى، ئېيتىم ئانالىزى، ياندىن كۆزىتىش ۋە زىيارەت قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن ئىبارەت.

ئىنسان تۇرمۇشتا ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە چاكىنىلىشىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى، ياشاش پرىنسىپىغا خىلاپ ئىشلار، ئىدىيەلەر، سىمۋوللارغا توختاۋسىز ئۇچراپ تۇرىدۇ. شەھەرلىشىش، زامانىۋىلىشىش، ئىجتىمائىي كونترول ۋە ھوقۇق مۇناسىۋىتى بۇ جەرياننى تېزلىتىدۇ ھەم شۇ جەرياندا مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي توپ ئىچىدە مۇئەييەن بىر مەسلەك، مۇئەييەن بىر يوسۇنغا ئەمەل قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ھەر بىر ئادەم يېڭى خىرىسلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ. بەزىلەر يېڭى خىرىسلارنى بىر مەزگىل مىزان ئەلگەكلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆز قىممەت قارىشىغا خىلاپلىق قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا ھەرىكىتىگە بەزى ئۆزگىرىشلەرنى كىرگۈزىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا يېڭى خىرىسلارغا ئەل بولۇپ، يېڭى غىدىقلىنىشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بىر ئىجتىمائىي توپقا ئورتاق بولغان قىممەت قاراشلاردىن ۋاز كېچىشكە، گۇمانلىنىشقا، سوۋۇشقا باشلايدۇ. ئىككىنچى خىلدىكى ئادەملەر ئاۋۇغاندا بىر جەمئىيەتنىڭ ئورتاق قىممەت قارىشى ئومۇمىيۈزلۈك خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ كوللېكتىپ ۋىجدانىغا خىلاپلىق قىلغان قىلمىشلىرى جەمئىيەت تەرىپىدىن دەككىلەنمىگەن ۋە رەت قىلىنمىغاندا ياكى كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئىنكاس، جامائەت پىكرىگە دۇچ كەلمىگەندە، ئۇنداقلارنى دورايدىغانلار كۆپىيىدۇ ھەم يادرولۇق قىممەت قارىشىغا قارشى ھالدا «تاپتىن چىققۇچىلار تارماق مەدەنىيىتى» (Deviance Sbculture, 越轨亚文化) شەكىللىنىدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل ئەندىزىدە ھەرىكەت قىلىشقا كۆنگەن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىدىن گۇمانلانمايدىغان، ئۇنىڭغا ئادەتلىنىدىغان بولىدۇ؛ ئۆزلىرىنىڭ قانداق مەسىلىدە چەك تۇرۇپ، نېمىگە قارشى تۇرۇشى كېرەكلىكىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ؛ ھەتتا يادرولۇق قىممەت قاراش ۋە ئەقىدە- پرىنسىپلارغا ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز يوسۇندا ئاسىيلىق قىلىۋاتقىنىنى تۇيمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر جەمئىيەتتە كۆلەم ھاسىل قىلغاندا تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇللىرى جەمئىيەتلىشىدۇ، ئىجتىمائىي بىنورماللىق ئومۇملىشىدۇ ۋە كىملىك كىرىزىسىغا پاتقان، زىددىيەتلىك كىملىك ئىسكەنجىسىدە قالغان بىر جەمئىيەت بارلىققا كېلىدۇ. [4]

جەمئىيەتلىشىۋاتقان چاكىنىلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئومۇملىشىۋاتقان ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي بىنورماللىقلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، يىلتىزى ئىجتىمائىي سىستېمىلاردا، سەھنىسى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە، سىمۋوللۇقى ئالاقىلەر ۋە ھوقۇق مۇناسىۋىتىدە، جەريانى زامانىۋىلىشىش، شەھەرلىشىش مۇساپىسىدە ئەكس ئېتىدۇ. جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر قانچە ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى — قىممەت قارىشى، پەرھىز ۋە ئىجتىمائىي سىستېمىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، ئەخلاق ۋەسۋەسىسى بىلەن يادرولۇق ئەقىدە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، كوللېكتىپ ۋىجدان، ئېتىقاد ۋە ئېتىقادسىزلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، ھالاللىق ۋە بۇلغىنىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ يۈز نەچچە يىللىق تارىخىدا بۇ ھەقتە بىر مۇنچىلىغان نەزەرىيە سىستېمىسى تۇرغۇزۇلغان. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، بۇ ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىش ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەتشۇناسلىقتا نۇقتىلىق مۇلاھىزە قىلىنىدىغان ئىجتىمائىيلىشىش، جەمئىيەتتىن يۇقتۇرۇش، ئاممىۋى مېدىيەلەر، زامانىۋىلىشىش، شەھەرلىشىش، سانائەتلىشىش، دوراش، زىددىيەت، ئىجتىمائىي قۇرۇلما، مۇراسىم قاتارلىق ئۇقۇملارنى چۈشىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. بىز بۇ ھەقتىكى تەھلىلىمىزنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن كونكرېت تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئېمىل دۇركايىم، تالكوت پارسونس، روبېرت مېرتون، مەرى دوگلاس، ستەنلېي كوخېن، ئانتونى گىددىنس، ئېدۋارد شىللىس، لېۋى ستراۋس، گابرىيەل تاردې قاتارلىق جەمئىيەتشۇناس ۋە ئىجتىمائىيەت پسىخولوگلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيەلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ماقالىمىزنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بۆلەكلىرىدە قانات يايدۇرىمىز. نۇقتىئىنەزەرگە دەلىل كۆرسىتىش ئۈچۈن جەمئىيەتتە ئۇيغۇر پاراڭ ئەنئەنىسىگە يات ھالدا ئومۇملىشىۋاتقان، ئابدۇكېرىم ئابلىز ئىنتوتلىرىدىن ئۆگىنىپ ۋە بىر- بىرىنى دوراپ مەيدانغا كەلگەن ھەم «ئابدۇكېرىم ئابلىز ماقال- تەمسىللىرى» شەكلىدە تېز سۈرئەتتە يامراۋاتقان «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى، شوجاڭ (مەكتەپ مۇدىرى) بولساڭ خانىم سېنىڭكى»، «زۇۋيا شاڭ خېپىا چولەيلى» (ئاغزىمغا قوقاق چىقىپتۇ) قاتارلىق بىنورمال چاكىنا ئېيتىم ھادىسىسىنى، 2007- يىلىدىن بېرى شەھەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇر مۇراسىم مەدەنىيىتىگە مۇخالىپ ھالدا ئومۇملىشىۋاتقان ۋە «دەۋرنىڭ ئېھتىياجى» دەپ جەمئىيەتلىشىۋاتقان توي شىرەسىدە ئولتۇرماي تۇرۇپ، مېھمانغا بىر پىيالە چاي قويماي تۇرۇپ پۇل يىغىش ھادىسىسىنى؛ مەلۇم بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن 2009- يىلقى بالىلار بايرىمىغا ئاتاپ ئىشلەنگەن ئۇيغۇرچە سەنئەت پىروگراممىسىدا 10 ياشقىمۇ توشمىغان سەبىي ئۇيغۇر قىزلىرىغا كىندىكى ئوچۇق ئۇسسۇل ئوينىتىش ھادىسىسىنى؛ چەت ئەلدە مەن كۆرگەن بەزى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا باللىرىغا ئانا تىلى چىقىشتىن بۇرۇن

www.uyghurkitap.com

ياپونىيەدە تۇرغانلارنىڭ ياپونچە، تۈركىيەدە تۇرغانلارنىڭ تۈركچە، ئامېرىكىدا تۇرغانلارنىڭ ئىنگلىزچە ئۆگىنىش ھادىسىسىنى؛ ئانا يۇرتىمىزدىكى بىر نامرات دېھقان قىزنىڭ توي كۈنى ياۋروپا پاسونىدىكى توي كۆڭلىكى كىيىپ «شىيالى» پىكاپتا كۆچۈرۈلۈش ئالدىدىكى كۆرۈنۈشنى تەھلىل قىلىمىز. جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىقنىڭ نۇسخىلىرىنى ئۆزىدە يوق كىملىكنى بېزەپ كۆرسىتىش، كوللېكتىپ ۋىجدانغا ئاسىيلىق قىلىش، ماددىيلىشىش ھەم تاۋار ۋەسۋەسىسى، جاھانسازلىق كويىغا كىرىش، شەھۋەت ۋە كەيپىنىڭ دەيدىيىگە ئۇسسۇل ئويناش قاتارلىق نۇقتىلاردىن؛ ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئىجتىمائىي ئىنكاس ئىقتىدارى ئۆلۈش، ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇشچانلىقى ئاجىزلاش، زىددىيەتلىك كىملىك ۋە كىملىك كىرىزىسى پاتقاقلىقىغا پېتىش، يادرولۇق قىممەت قاراشلىرى ۋە ئەخلاق تۇغانلىرىغا چاك كېتىش نۇقتىلىرىدىن مۇھاكىمە قىلىمىز.

## 2 . چاكىنىلىقنىڭ ئىپادىلىرى: راست ئىشلار خاتىرىسى

### پاكىت تەھلىلى(2)

### كىندىكى ئوچۇق ئۇسسۇل ئويناۋاتقان سەبىي قىزلار ۋە باشقىلار

*2009 ـ يىلى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ئانا يۇرتۇمدىكى مەلۇم بىر شەھەردە مەلۇم تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن بالىلار بايرىمىغا ئاتاپ ئىشلەنگەن سەنئەت پروگراممىسىنىڭ سۈرەتكە ئېلىش پائالىيىتىگە قاتناشتىم. بۇ پائالىيەتنى مەلۇم بىر شىركەت خوجايىنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەنىكەن، ماڭىمۇ تەكلىپنامىدىن بىرسى تەگدى. پائالىيەتنىڭ بېشىدا ۋەتىنىنى، كوممۇنىستىك پارتىيىنى مەدھىيىلەيدىغان نومۇرلاردىن بىرقانچىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئۇسسۇلىدىن بىرنەچچىسى ئوينالدى. قىزىق يېرى، ھەر قايسى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئۇسسۇل ئوينىغان سەبىي قىزلار قولتۇقى، كىندىكى ئوچۇق سەھنە كىيىمى كىيىشكەنىدى. بۇ ئوماقلىرىمىز ئورۇندىغان شوخ ئۇسسۇللاردىن خۇرسەن بولغان بولساممۇ، ئۇلار كىيگەن يېرىم يالىڭاچ كىيىملەر كۆڭلۈمنى غەش قىلدى. «بۇلارنى ئاشۇ يېشىدا كىندىكى، قولتۇقى ئوچۇق كىيىم كىيىشكە مەجبۇر قىلغان نەرسە نېمىدۇ؟ ئاتا ـ ئانىلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە رېژىسسورلار بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانمىدۇ؟» دېگەن ئىتىرازلىق خىياللار كاللامدىن ئۆتتى. قارىشىمچە، ئۇسسۇللارنى سەبىيلەرگە بۇنداق كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ ئوينىتىش ئۇلارغا قىلىنغان زىيانكەشلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئەتراپىمغا قارىدىم. كىشىلەر كۆزۈمگە پەرۋاسىزدەك، بىر نەرسىگە ھەيران قالمىغاندەك كۆرۈندى. شۇ ئارىدا خىيال ئېكرانىم ئىختىيارسىز ئاممىۋى مېدىيالارغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر كۆرۈنۈشكە كۆچتى.*

*2005 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مەن ئىلگىرى خىزمەت قىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دۆلەت باج ئىدارىسىنىڭ تەربىيىلەش مەركىزى ئۈرۈمچى غەربىي پويىز ئىستانسىسىغا يېقىن بىر جايدا يېڭىدىن قۇرۇلدى. خىزمەت ئورنىمىز شەھەر مەركىزىدىن يىراق بولغىنى ئۈچۈن ئىدارىدىن ھەر ئىككى ئادەمگە بىردىن ياتاق بېرىلدى. مەن ئايدا بىرقېتىم نۆۋەتچىلىك كەلگەندە ئاشۇ ياتاقتا يېتىپ قالاتتىم. كۆپ ھالدا كەچ سائەت توققۇز ـ ئونلارغىچە كىتاب كۆرگەندىن كېيىن، ئۇخلاشتىن بۇرۇن كۈندىلىك ئۇچۇرلاردىن خەۋەر تېپىش مەقسىتىدە تېلېۋىزورنى ئاچاتتىم ۋە قانال يۆتكەيتتىم. ئاشۇ يىلى ئۇيغۇر قاناللىرىدا كۆرگەن ۋە ئۆزۈم قوبۇل قىلالمىغان بىر كۆرۈنۈش تا ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «رىشتە» پروگراممىسىدا توختىماي ئىچ كىيىم مودېل مۇسابىقىسى كۆرسىتىلەتتى. يەنە كېلىپ، بۇنداق نومۇر تەكرار ـ تەكرار كۆرسىتىلەتتى، تەكرار ـ تەكرار تەرغىب قىلىناتتى. سىز بۇنداق كۆرۈنۈشنى كۆرمەي دېسىڭىزمۇ، قانال يۆتكىگەندە ھامان كۆزىڭىزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزۈم نۆۋەتچىلىك قىلغان كېيىنكى ئايلاردىمۇ ئۇچراتقاندىن كېيىن، ئاخىرى بىر كۈنى ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا تېلېفون قىلىپ بۇ ھالدىن قاقشىدىم؛ بۇنداق قىلىشنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىسىگە مۇخالىپ ئىش ئىكەنلىكى، ياشلىرىمىزنى، سەبىيلەرنى زەھەرلەش دەرىجىسى چوڭقۇر بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. تېلېفوننى ئالغان قىز ھۆرمىتىم ئۈچۈن گېپىمنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ تۈگەتتى ۋە پىكرىمنى رەھبەرلىككە يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، كېيىنكى ئايلاردا بۇنداق نومۇرلار بېرىلىۋەردى. ھازىر ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ شۇ خىلدىكى نومۇرلارنى داۋاملىق بېرىۋاتقان ـ بېرىۋاتمىغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق .*

### پاكىت تەھلىلى (3)

### «ئابدۇكېرىم ئابلىز ماقال ـ تەمسىللىرى»مۇ؟

*2009 ـ يىلى ئىيۇننىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىدىكى بىر نەچچە تونۇشۇم بىلەن بىر سورۇندا تاماقتا بولۇپ قالدىم. ئارىلىقتا قىزىقچىلىققا ئامراق بىر تونۇشىمىز كېچىككىراق كەلدى. قارىسام، جاۋغىيىغا قوقاقتەك بىر نەرسە چىقىپ قاپتۇ.*

*— ئاغزىڭىزغا نېمە بولدى ھوي؟ — دېدى يېنىمدىكى بىر بۇرادىرىمىز.*

*— زۇۋاناڭ خېيلا چولرىلىپ، — دېدى ئۇ ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېتۇتلىرىدىكى گەپلەرنى دوراپ.*

*ئۇ ھېلىدىن ھېلىغا ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ ئۇيغۇر ئېيتىملىرىنى «خەنزۇچە تەرجىمە قىلىپ» سەھنىگە ئېلىپ چىققان گەپلىرىنى ياغدۇرۇۋەتكىلى تۇردى. ئۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. «توخۇ دائگال چۈشىيدۇ ، ئۆچكە جاڭگال»، «دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى دەپ بويۇمدا قاپتۇ» دېگەندەك ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ چاكىنىلاشتۇرۇلغان «تەرجىمىسى» كەلسە ـ كەلمەسمۇ ئېيتىلىشقا باشلىدى.*

*— ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ ئېتۇتلىرىنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز ـ دە؟ — دېدىم مەن بۇ گەپلەرنى باشلاپ بەرگەن بۇرادىرىمىزگە، — مەخسۇس يادلامسىز نېمە بۇ گەپلەرنى؟*

*— ئانچە ـ مۇنچە كۆرۈپ قويىمەن، يادلايمۇ كەتمەيمەن. ھازىر ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ گەپلىرى مودىغۇ! — دېدى ھېلىقى بۇرادىرىمىز پەرۋاسىز كۈلۈپ تۇرۇپ.*

*2009 ـ يىلى 12 ـ ئىيۇن ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئوبزورچى يالقۇن روزى قاتارلىق بىر نەچچە زىيالىي بىلەن ئۈرۈمچىدىن كۇچاغا لېكسىيە سۆزلىگىلى باردۇق. ئەنجۈمەننى بۇ دىيارنىڭ يېچاق ئۈچى*

زىيالىيلىرىدىن سالاھىدىن، ماتارسىپ، سەنئەت ۋە ئىجتىمائىيەت بويىچە يېتىلىۋاتقان ھوسۇللۇق تەتقىقاتچىلىرىدىن كوجا ئالىمىيە مەدەنىيەت - تەشەببۇس ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەخمەت كېبىر ئەپەندى بىلەن ج ك ب كوجا ئالىمىيلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەھەد داۋۇد ئەپەندىلەر تەشكىللىگەندى. ئۈچىنچى كۈنى قالغانلار ئۈرۈمچىگە ئالدىراش قايتتى، مەن ئەتىسى يۇرتۇم تۇجىنۇرباغا بېرىشنى يالانلىغانلىقىم ئۈچۈن كوجىدا بىر كۈن ئارتۇق تۇرۇپ قالدىم ۋە بىر قانچە ئەدەبىيات ھەۋەسكارىنىڭ ھەمراھلىقىدا كوجا ئارىلىدىم. بۇ جەرياندا ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئەنئەنىسىگە مۇخلىس ھالدا سەھنىگە ئېلىپ چىققان (بۇنىڭ سەۋەبىنى ماقالىنىڭ ئەزمىرىسىۋى مۇھاكىمە قىسمىدا توختىلىمەن) خېلى زور كۆپ قىسىم سۆزى ئوخشىمىغان ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن ئوخشىمىغان ئۇسلۇبدا چىقتى. بۇ ھالنى تۇجىنۇربادىكى ياشلاردىمۇ ئۇچراتتىم. ئەمما، قىزىق يېرى، ئاشۇ ئېيتىمالارنى ئېيتىشقا زوقمەن ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز يوسۇندا دەبسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى تۇيمايتتى. چۈنكى بۇ بەش- ئالتە يىلدىن بېرى خېلىلا جەمئىيەتلىشىپ قالغان ھادىسە بولغاچقا، ئۇلار بۇ توغرىسىدا ئويلىنىپمۇ يۈرمەيتتى، ھەيرانمۇ قالمايتتى.

2010- يىلى مايدا تور مۇنبەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يېقىندىن تەستىقلانغان «ئەل كۆيى» مۇنبىرىدە «ئابدۇكېرىم ئابلىز ماقال- تەمسىللىرى» دەپ بىر تېما پەيدا بولدى. چۈچۈپ كەتتىم. چۈنكى مەن بۇ ئېيتىمالارنىڭ جەمئىيەتلىشكەندىن كېيىنكى ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ يۈرەتتىم. دېگەندەك، ئاشۇ گەپكە خۇشتار ياشلار ماتا ئەمەللىكتە ئۇ گەپلەرنى ماقال- تەمسىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ رەتلەپ چىققانىكەن. تېمىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاپ، تۈرتمۇ تۈرتىدىن چۈشۈۋاتقان ئىنكاسلار ھەيرانلىق ھېسسىياتىمنى كۈچەيتىۋەتتى. مەن ئاڭلاشقا ئۈلگۈرمىگەن ياكى ئاڭلىساممۇ ئۇنتۇپ قالغان «خوتۇنۇڭ قېرىسى تاتلىق، توخۇنىڭ تېرىسى تاتلىق»، «سارالڭ بولساڭ يېرە ئوينا، قېرى خوتۇندىن نېرى ئوينا»، «ئۆلمە بولساڭ ئۆلەي سېنىڭكى، ئوچاك بولساڭ خانىم سېنىڭكى»... دېگەندەك چاكىنا ئېيتىمالار ماقال- تەمسىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ. غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم. سەۋەبى، نۇرغۇن ئادەم تويمايۋاتقان، كۈتۈپ كەتكەن بۇ ياخشى ئېيتىمالار جەمئىيەتلىشىپ ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلغانىدى. ئىختىيارسىز كاللامدىن: «ئۇيغۇر تىلى بىر كىمنىڭ شەخسىي مۈلكىمۇ؟ خالىغانچە دەسسەپ- يېپىقدايدىغان لاي قېرىمىمۇ؟ چولپانلىرىمىزغا ئۇيغۇر يارالق سەنئەتىدىكى يەردىشەپلىرنى، يەرھەزلىرنى بۇزۇش ھوقۇقنى كىم بەردى؟ تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم زاڭلىشىش كېرەكمۇ؟» دېگەن خىياللار ئۆتتى.

## پاكىت تەھلىلى(4)

# ماددىيلىشىش ۋە تاۋار ۋەسۋەسسى: بۇ ئادەت قاچانلاردا ئومۇملاشتى؟

ھەر قېتىم ئەتىلدە ۋەتەنگە قايتقىنىمدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئومۇملىشىشقا ياكى پەيدا بولۇشقا ئۈلگۈرگەن بىرەر يېڭى ئادەتنى، بىرەر يېڭى ئىشنى بايقايمەن. تويغا كەلگەن مېھمانلارغا بىرەر يېيىلەر چاي قويماي تۇرۇپ پۇل يىغىش— مەن 2007- يىلى دېكابىردا ئۈرۈمچىگە قايتقاندا بايقىغان ئاشۇ خىلدىكى ئىشلارنىڭ بىرى. بىر كۈنى تەكلىپكە بىنائەن ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولىدىكى بىر رېستورانغا قىز- يىگىت تويىغا بېرىپ قالدىم. بىر نەچچە تونۇشۇم بىلەن رېستوران بىناسى ئالدىدا ئۇچرىشىپ زالغا چىقىش ئۈچۈن ئۈستىگە ماڭدۇق. مەرىكە زالىنىڭ بىر تەرىپىدە مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تۇرغان ساھىبخانىلارنى، يەنە بىر تەرىپىدە شىرەدە دەپتەر- قەلەم تەييار قىلىپ ئولتۇرغان ئىككى قىزنى كۆردۈم. ساھىبخانىلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇشىمىزغا، ئالدىمىزدا ماڭغان بۇرادىرىمىز «يارشىقىمىزنى قويىۋېتەيلى» دەپ قالدى. مەن شۇندىلا بايىقى ئىككى قىزنىڭ رېستورانغا كەلگەن مېھمانلاردىن پۇل يىغىشقا مەسئۇل ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئاتىغىنىمنى قويۇپ زال ئىچىگە كىردىم. رېستوران ئىچىگە قەدەم باسمايلا تۇرۇپ پۇل قويىدىغان ئىشنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاچقا ھەيران بولماي تۇرالمىدىم ۋە بىر ئورۇنغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن بوش ئاۋازدا پىچىرلاپ يېنىمدىن بىللە كەلگەن بىر بۇرادىرىمىزدىن سورىدىم:

— قاچانلاردا ئومۇملاشتى رېستورانغا كىرمەي تۇرۇپ پۇل يىغىدىغان بۇ ئادەت؟

— خېلى بوپقالدىغۇ، سەن ئەمدى كۆرۈۋاتامسەن - دە! — دېدى ئۇ.

— مەن ئوقۇشقا مېڭىشتىن بۇرۇن بۇنداق ئادەت يوقتەك قىلغان، — دېدىم مەن.

دېمىسىمۇ مەن 2007- يىلى ئىيۇندا ئامېرىكىغا ئوقۇشقا مېڭىشتىن بۇرۇن بۇنداق ئادەتنى ئۇچراتمىغانىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇرۇن زالغا كەلگەن مېھمانلار چاي قويۇلۇپ، تاماق تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن توي ئىگىسىگە ئاتىغىنىنى قوياتتى. بىلىشىمچە، بىر يېرىم جىلىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق، توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراغ ئادەتلىرىدە ئۆتەيدىغان رولى زور ئىدى. ئۇ خىلدىكى سورۇنلاردا كەلگەن مېھماندىن ھال سوراش مەقسىتىدە ئاۋۋال چاي قويۇلغاندىن كېيىن ئاندىن باشقا رەسمىيەتلەر بېجا كەلتۈرۈلەتتى. ئەمدى كۆرۈۋاتقىنىم ئاشۇ ئۆرپ- ئادەتلىرىمىزگە پۈتۈنلەي يات ھالدا پەيدا بولغان بىر كۆرۈنۈش ئىدى. ئەتراپىمدا ئولتۇرغان تونۇشلىرىمدىن بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىدىم.

— ئىشقىلىپ مەن قوبۇل قىلالمايمەن، — دېدى بىر ئوقۇتقۇچى تونۇشۇم، — ئۆتۈپ كەتكەن چاكىنىلىق، ئاچ كۆزلۈك بۇ.

— قانداق قىلىسەن ئەمدى، — دېدى بىر مەمۇرىي ئىدارىدە ئىشلەيدىغان يەنە بىر تونۇشۇم، — بۇ دېگەن دەۋرنىڭ ئېھتىياجى. بۇنداق قىلمىسا پۇل قويماي چىقىپ كېتىدىغان قىلىنلار ئاشۇپ كېتىدۇ.

— نېمىلەرگە كۆنمىگەن خەق بىز، — دېدى مەن تونۇمايدىغان يەنە بىرەيلەن، — بۇ ئادەتكىمۇ كۆنۈپ كېتىمىز. ئەمما، مەن بۇ ئىشنى يەنە ئىدىيەمدىن ئۆتكۈزەلمەيمەن. ئوغلۇمنىڭ خەتنە تويىدا ھەرگىز بۇنداق قىلمايمەن.

بۇ ئىشنى ئۇزۇن ئويلاندىم. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يەنە ئۈچ قېتىم قايتتىم. ھەر قېتىم قايتقىنىمدا بىر- ئىككىدىن توي باغقىنى تاپشۇرۇۋالاتتىم. كۆزىتىشىمنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، بۇ ئادەت ئۈرۈمچى ئۇيغۇرلىرىدا، مۇراسىم مەدەنىيىتىمىزدە ئاللىبۇرۇن ئومۇملىشىش، جەمئىيەتلىشىشكە ئۈلگۈرۈپتۇ ۋە باشقا بەزى شەھەرلەرگىمۇ تارقىلىپ بوپتۇ. ئاشۇ كۆزىتىشلىرىم داۋامىدا ئۆز- ئۆزۈمدىن: «بىر جەمئىيەتتە ئومۇملىشىپ بولغان ئىش بولسىلا توغرا بولامدۇ؟ بۇ، زامانىۋىلاشقانلىقنىڭ، تەرەققىياتنىڭ بەلگىسىمۇ؟ دەۋرنىڭ

ئېھتىياجىمۇ؟» دەپ سورىدىم (بۇ ھەقتىكى تەھلىللىرىم ۋە بۇ ئادەتنى نېمە ئۈچۈن جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىق دائىرىسىگە كىرگۈزگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى ماقالىنىڭ نەزەرىيەۋى مۇھاكىمە قىسمى بولغان 3- 4- بۆلەكلىرىدىن كۆرۈڭ).

## پاكىت تەھلىلى(5):

## باللىرىمىزنى مۇشۇنداق تەربىيەلەمدۇق؟

ئوغلۇمنى ئىككى يېرىم ياشقا كىرگەن يىلى ئايالىم بىلەن بىللە ئامېرىكىغا ئېلىپ كەلدىم. ئېلىپ كېتىشتىن بۇرۇن بەزىلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ: «ئوغلىڭىزنىڭ تىلى ئىنگلىزچە تېزلا چىقىپ كېتىدىغان بوپتۇ- دە!» دېيىشتى زوقلىنىپ. «ياق، — دېدىم مەن، — ئانا تىلى تولۇق چىقىپ بولمىغۇچە ئىنگلىز تىلى ئۆگەتمەيمەن. مەن ئىنگلىزچىنى 23 يېشىمدىن، خەنزۇچىنى 11 يېشىمدىن باشلاپ ئۆگەنگەن، كېيىن ئۆگىنىۋالدۇ ئىنگلىز تىلىنى!» ھاۋايىغا كەلگەندىن كېيىن دېگىنىمدەك قىلدىم. ئۇ يەرنىڭ يەسلى مائارىپىدا بالىلارنى ئىككى ياشقا توشقاندىن تارتىپ قوبۇل قىلىدىكەن؛ ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارنىڭ بالىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان يەسلىلىرىمۇ بار ئىكەن. لېكىن مەن ئوغلۇمنى يەسلىگە بەرمىدىم. ئوغلۇم ھازىر تۆت ياشقا قاراپ ماڭدى. ئۇ ھازىر ئۇيغۇر تىلىنى بىرلىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ. تىلى راۋان چىقىپ بولمىغۇچە باشقا تىل ئۆگىتىش نىيىتىم يوق.

بىر كۈنى ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنژېنېرلىق ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان بىر تۈرك تونۇشۇم بىزنى ئائىلە بويىچە مېھمانغا چاقىردى. ئۇ، كالىفورنىيەدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا دوكتورلۇقتا ئوقۇش داۋامىدا ئۇ يەردىكى بىر قانچە ئۇيغۇر بىلەن يېقىن ئۆتكەنىكەن. گەپتىن گەپ چىقىپ، پاراڭنىڭ تېمىسى كالىفورنىيەدە ياشاۋاتقان بىر نەچچە ئۇيغۇرنىڭ ياشاش ئەھۋالى توغرۇلۇق بوپقالدى.

— ئۇ يەردىكى بىر نەچچە ئۇيغۇر قېرىندىشىمىزنىڭ بالىلىرىغا قاراپ ھەيران قالدىم، ئۇيغۇر بالىلار ئانا تىلىدا سۆزلىيەلمەيدىكەن، ئاتا- ئانىلار بالىلىرى بىلەن ئىنگلىزچە سۆزلىشىدىكەن. بەزىلەر بالىلىرىغا داۋىت دېگەندەك چەت ئەلچە ئىسىم قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرچە ئۆگەتمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمىدىم. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ سەۋەبىنى سورىمىدىم، — دېدى ئۇ ۋە ئېھتىيات بىلەن قوشۇپ قويدى، — بەلكىم كالىفورنىيەنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار باشقىچە يول تۇتۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھونولۇلۇدا ئوقۇش، ئىشلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تۇرۇپ قالغان بىر نەچچە ئۇيغۇر ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئايدا بىر قېتىم ئۆيچە دالا تامىقى يېيىدىغانغا كېلىشتۇق. ئۇ ئارىدا 2004- يىلىدىن 2008- يىلىغىچە تۈركىيەدە تۇرغان بىر جۈپ ياش ئەر- خوتۇنمۇ كەلدى. دالا تامىقىغا ئۇنىمۇ تەكلىپ قىلدۇق. ئۇنىڭغىچە مەن چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بالىلىرى توغرۇلۇق تۈزۈكرەك چۈشەنچىگە ئىگە بولالمايتىكەنمەن. تۇنجى قېتىملىق پائالىيىتىمىزدە بىر ئىشنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقىدىم. يەنى تۈركىيەدە تۇرغان قېرىندىشىمىزنىڭ ئۈچ ياشلىق ئوغلىنىڭ تىلى تۈركچە، بەش يىلدىن بېرى ئىزچىل ھونولۇلۇدا تۇرۇۋاتقان ۋە ئوقۇۋاتقان يەنە بىر قېرىندىشىمىزنىڭ ئىككى بالىسىنىڭ تىلى پۈتۈنلەي ئىنگلىزچە چىقىپتۇ. بۇ بالىلار ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلمەيدىكەن، ئاتا- ئانىسى بىلەن باشقا تىللاردا سۆزلىشىدىكەن. ھەيرانلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ بالىلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى ئىچىدە ھېچقايسىسىنىڭ چەت ئەلدە تۇرغان ۋاقتى بەش يىلدىن ئاشمىغان ۋە ئۇ ئاتا- ئانىلار چەتكە چىقىشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچىدە چوڭ بولغان ۋە ياشىغانىدى. تۈركىيەلىك دوستىمىزغا ئوخشاشلا مەنمۇ بۇ بالىلارغا ئانا تىل ئۆگىتىشكە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان كۈچنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي ھەيران قالدىم. كېيىن باشقا دۆلەتلەردە ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئارىسىدىمۇ بالىلىرىغا شۇ دۆلەتلەرنىڭ تىللىرىنى ئۆگىتىش قىزغىنلىقىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بايقاپ قالدىم. بۇنداق ئەھۋال خېلىلا ئومۇملاشقانمۇ ئەيتاۋۇر، كېيىنچە چەت ئەلدە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان بىرەيلەن «بۇ بالىلارنى كىم ئۈچۈن تەربىيەلەۋاتىمىز؟» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ ماقالە ۋەتەن ئىچىدىكى ئىنتېرنېت تورلىرىدىمۇ بېسىلدى. دېمەك، چەت ئەللەردە بالىلىرىغا ئانا تىل ئۆگەتمەسلىك خېلىلا ئومۇملاشقان ھادىسە بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ يىغىسىنى يىغلايدىغان قېرىنداشلىرىمىز يەنىلا ئاز ئىكەن.

## پاكىت تەھلىلى(6)

## «چوش كۆرۈۋاتقان» قىزلار

قولۇمدا شىنجاڭ فوتوسۈرەت- گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرى» ناملىق كىتاب تۇرۇپتۇ. كىتابنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ توي- تۆكۈن ئادىتى» دېگەن قىسمىدا ئالاھىدە بىر سۈرەت كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. سۈرەتتە ياۋروپاچە توي كۆڭلىكى كىيگەن بىر دېھقان قىزى توي كۆچۈرۈلۈشتىن بۇرۇن «شېلى» ماركىلىق پىكاپقا چىقىش ئالدىدا تۇرغان بىر كۆرۈنۈش بار. سۈرەتتە «شېلى» ماركىلىق پىكاپ بىلەن ياۋروپاچە توي كۆڭلىكى روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىنغان.

2009- يىلى دېكابىردا ئامېرىكىدىكى داڭلىق ئاممىباب ژۇرناللاردىن بىرى بولغان «دۆلەت جۇغراپىيەسى»دە ئانا يۇرتىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلىغا مۇناسىۋەتلىك بەدىئىيلىكى، سەۋىيەسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان سۈرەتلەر بېرىلدى. سۈرەتلەر داڭلىق فوتوگرافلار تەرىپىدىن تارتىلغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خوتەن شەھىرىدە تارتىلغان بىر سۈرەت بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق كۆرۈنۈش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: چىراغلار غۇۋا يېنىپ تۇرغان، رومانتىك تۈس ئالغان بىر دېبا (ئېلېكترونلۇق تۈنەكخانا) دا بىر جۈپ ئۇيغۇر قىز- يىگىت تانسا ئويناۋاتىدۇ. كومېدىيەلىك يېرى شۇكى، يۈز تەرىپىدىن تارتىلغان ئۇيغۇر قىزنىڭ بېشىدا ياغلىق، پۇتىدا ئۆتۈك بار. بۇ بىر جۈپنىڭ چىراي ئىپادىسى دېبادا تانسا ئويناۋاتقان، ئىچىشىپ ئولتۇرغان باشقا ئۇيغۇرلارنىڭكىدەكلا بىپەرۋا تۈس ئالغان. سۈرەتتىكى ئوبراز ئۈنۈمىدىن قارىغاندا، فوتوگرافنىڭ قىزنىڭ ياغلىقى بىلەن زال ئىچىدىكى باشقا ياۋروپاچە كۆرۈنۈشنى ئالاھىدە سېلىشتۇرما قىلىپ سۈرەتكە ئالغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

## 3 . قىممەت قارىشىمىز، يوسۇنلىرىمىز ۋە ئەخلاق ئىستىبلاسى

ئەمدى بىز ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان يۇقىرىقى تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى پاكىت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشنى ۋاقتلىق توختىتىپ

www.uyghurkitap.com

سوئال قويايلى: نېمە ئۈچۈن يۇقىرىقى كۆرۈنۈشلەرنى جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىقنىڭ ئىپادىسى دېيىشىمىز كېرەك؟ ئاساسلىنىدىغان ئۆلچەم نېمە؟ بۇ نۇقتىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى، ئادەم توختاۋسىز چاكىنىلىشىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ چاكىنىلىشىۋاتقانلىقى، ئومۇملاشقانلا ئىش بولسا توغرا بوپكەتمەيدىغانلىقىنى تۇيمايدۇ. مۇئەييەن بىر ھەرىكەت ئەندىزىسىدىكى چاكىنىلىق جەمئىيەتلەشكەندە بولسا، شۇ ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرىنى بىلىپ- بىلمەي كۆنۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، سوئال قويۇش بىزگە ئۆزىمىز كۆنۈپ كەتكەن ئىش ۋە ھادىسىلەرگە قايتىدىن قاراپ چىقىدىغان بىر كۆز ئاتا قىلىدۇ. جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىقنى چۈشىنىش بىزدە ئۆزىمىز كۆنۈپ كەتكەن ھەرىكەت ئەندىزىسى ۋە ئادەت چەمبىرىكىدىن تاشقىرىغا يېڭىچە نەزەردە قاراشتا لازىم بولىدىغان ئاشۇنداق بىر كۆزنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆيىدە، ئۆزىگە مۈلۈك سۈپىتىدە تەۋە بولغان خاس ماكاندا ۋە ياكى يالغۇز قالغاندا ئۆز خاھىشى بويىچە ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئەركىنلىكىگە ئىگە. ئەمما، ئىجتىمائىي مىزان تۇتۇپ تۇرغان ئاممىۋى سورۇنلاردا، ئۆرپ- ئادەت، قائىدە- يوسۇن كۈچىنى كۆرسىتىدىغان مۇراسىملاردا بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ قىممەت قارىشى، ئېتىقادى، كوللېكتىپ ۋىجدانىغا چېتىلىدىغان ئەھۋاللاردا ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، ئۆرپ- ئادەت، قائىدە- يوسۇن، ئېتىقاد ۋە كوللېكتىپ ۋىجدان ئومۇمىيلىققا ئىگە بولۇپ، بىر كىمنىڭ شەخسىي مۈلكى ئەمەس. ئۇنى بىر ياكى بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئۆز خاھىشى، ئۆز نەپسى ۋە قىزىقىشى بويىچە بۇزۇش، دەپسەندە قىلىش ھوقۇقى يوق. شۇ ۋەجىدىن، ھەربىر مىللەتنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا كوللېكتىپ ئەقىدە پىرىنسىپلىرىغا خاس ھالدا پەرھىزلەر، مۇقەددەس سىمۋوللار ئېنىق ئايرىلغان؛ ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا قىلىشقا، چېقىلىشقا بولمايدىغان، يامان كۆرىدىغان ئىشلارنىڭ دائىرىسى، چېكى بېكىتىلگەن؛ ئىجتىمائىي ئالاقىدە، ئاممىۋى سورۇنلاردا يۈرگۈزۈلۈشكە بولىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ نۇسخىلىرى ئۆرپ- ئادەت شەكلىدە ئومۇملاشقان بولىدۇ. بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ مەنىۋى مەۋجۇدلۇقىنى بىر ئىمارەتكە ئوخشاتساق، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقاد، جامائەتچىلىك ئېڭى، ئۆرپ- ئادەت، مۇقەددەسلىككە ئىگە خاس سىمۋول، كوللېكتىپ ۋىجدان ۋە پەرھىزدىن ئىبارەت ئالتە تۈۋرۈكى بولىدۇ. بۇ ئالتە تۈۋرۈك كۆرۈنمەس زەنجىرلەر بىلەن بىر- بىرىگە باغلانغان بولىدۇ ۋە بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ قىممەت قارىشىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى، مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ئېمىل دۇركايىم (1858- 1917)نىڭ «جەمئىيەت بىر خىل روھىي تەرتىپتۇر» دېيىشى ئاساسسىز ئەمەس. بىر جەمئىيەتنىڭ روھىي تەرتىپىگە دەخلى قىلىدىغان ئىشلار ئومۇملاشسا ۋە شۇ ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرى ئۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇش، ئىنكاس قايتۇرۇپ توسۇشقا تىرىشمىسا، ئىجتىمائىي بىنورماللىق جەمئىيەتلىشىدۇ. جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىق ئەنە شۇنداق بىر ئىجتىمائىي بىنورماللىقنىڭ تۇغۇندىسى.

يۇقىرىقى تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى جەمئىيەتلىشىۋاتقان چاكىنىلىق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلاردا ئۇيغۇر مەنىۋى مەۋجۇدلۇقى، قىممەت قارىشىنىڭ ئالتە تۈۋرۈكى بولغان دىنىي ئېتىقادىغا، جامائەتچىلىك ئېڭىغا، ئۆرپ- ئادىتىگە، خاس سىمۋوللىرىغا، كوللېكتىپ ۋىجدانىغا ۋە پەرھىزلەرگە ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ھۆرمەتسىزلىك قىلىنغان، سەل قارالغان، قاتتىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز يوسۇندا ئاسىيلىق قىلىنغان. تېخىمۇ يامان بولغىنى، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئەندىزىلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، بولۇپمۇ شەھەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئادەتلىنىشكە يۈزلەنگەن: كۈچلۈك قارشىلىققا دۇچ كەلمىگەن. ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدىغان ئادەملەر كۆپ تۇرۇپ بۇ ھادىسىلەرنى توسۇشقا ئاجىز كەلگەن. بۇ ھال ئۇ ھادىسىلەرنىڭ جەمئىيەتلىشىش خاراكتېرىنى روشەنلەشتۈرگەن. مەسىلەن، توي مۇراسىمىدا غەرق مەست بولۇۋالغان دادىلار مۇسۇلمانلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ھارامنى ئارىلاشتۇرغان؛ مەرىكە- مۇراسىمدىكى پەرھىزلەر ۋە ياشلار بىلەن بولغان پەردىشەپنى بۇزغان؛ يەنە كېلىپ، شۇنچە جىق ئادەمنىڭ ئالدىدا سەتلىشىشتىن ئۇيالمىغان. كىندىكى ئوچۇق ئۇسسۇل ئوينىغان سەبىي قىزلارنىڭ كۆرۈنۈشى ۋە توختىماي ئىچ كىيىم مودېل مۇسابىقىسى تېلېۋىزوردا بېرىلىۋاتقان تۇرمۇش كارتىنىسىغا كەلسەك، مىللەتنىڭ شەرم- ھايا قارىشىغا ھاقارەت قىلىنغان. ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ ئۆزى تۇيماستىن جەمئىيەتلەشكەن بىر قىسىم چاكىنا ئېيتىمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ۋىجدانى ۋە تىل بايلىقىنىڭ ساپلىقىغا بىھۆرمەتلىك قىلىنغان. (مەسىلەن، سىز ئايالى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىشلەيدىغان ۋىجدانلىق بىر ئەر ياكى ئايال بولسىڭىز ۋە ياكى ئۆزىنى پاكىز تۇتۇپ، خىزمىتىنى بىجانىدىل قىلىۋاتقان بىر مەكتەپ مۇدىرى بولسىڭىز، «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى، شوجاڭ بولساڭ خانىم سېنىڭكى» دېگەن ئىبارىنى ئاڭلىغان ۋاقتىڭىزدا ئەخلاقىڭىزغا تاجاۋۇز قىلىنغاندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردىكى پاراڭ سەنئىتىگە دەخلى قىلىنغاندەك تۇيغۇدا بولامسىز- يوق؟) تويدا چاي قۇيماي تۇرۇپ پۇل يىغقان كۆرۈنۈشتە ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق يوسۇنلىرى ۋە مەرىكە ئادىتى نەزەرگە ئېلىنمىغان. ھېچقانداق چەكلىمە ۋە بېسىم بولمىسىمۇ باللىرىنىڭ ئانا تىل ئۆگىنىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىۋاتقان چەت ئەللەردىكى ئاشۇ جاھانساز، پۇرسەتپەرەس ئۇيغۇر ئاتا- ئانىلار بولسا بىر مىللەتنىڭ ئورتاق بايلىقى بولغان تىلىنى ئۆزلىرى ئاڭلىق يەكلەپ، مىللىي بۇرچقا مۇخالىپ ئىش تۇتقان. كەچلىك بەزمىخانىدا ياغلىق چېگىپ تانسا ئويناۋاتقان ئۇيغۇر قىزى مۇسۇلمانلىققا خاس سىمۋوللۇق بەلگىلەردىن بىرى بولغان باش كىيىمگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغان ۋە ئىنتايىن چاكىنا، كومېدىيەلىك بىر رېئاللىقنى روياپقا چىقارغان. ياۋروپاچە توي كۆڭلىكى كىيىپ «شيالى» ماركىلىق پىكاپتا كوچۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان قىز بولسا ئۆزىدە يوق

www.uyghurkitap.com

كىملىكنى بېزەپ كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىگە شۈبھىلىك سوئال تۇغدۇرغان. يۇقىرىقى تۇرمۇش كارتىنىلىرىدىكى بىر ئورتاقلىق شۇكى، ئۇلار ئۇيغۇرلار ئېغىر ئالىدىغان ئىشلار تۇرۇپ، ئۇيغۇر قىممەت قارىشىغا مۇخالىپ بولۇشقا قارىماي كۆلەم پەيدا قىلغان، جەمئىيەتلەشكەن ۋە ھەيران قالغۇچىلىكى يوق تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلانغان(مەسىلىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قارىشى نۇقتىسىدىن كۆزىتىشىمىزدىكى ئاساسىمىزنى تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ بىلىشكە قىزىققۇچىلارنىڭ ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىق ئۈچ ئاپتور بىرلىشىپ يازغان «ئۇيغۇر ئۆرپ- ئادەتلىرى» ناملىق كىتابتىكى «ئۇيغۇرلاردا پەرھىز ئادەتلىرى» (136 - بەت)، «قىز- يىگىت تويى» (127- بەت)، «مېھماندوستلۇق ۋە داستىخان ئادىتى»(114- بەت) قاتارلىق تارماق مەزمۇنلارغا ھەمدە ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا يازغان «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» ناملىق كىتابتىكى «دىنىي ئېتىقاد» (370- بەت)، «ئەقىدە- ئېتىقاد ئادەتلىرى» (382- بەت)، «تىل سەنئىتى» (417- بەت)، «ماقال- تەمسىل» (425- بەت)، «جامائەتچىلىك ئادىتى» (501- بەت)، «مېھمان ئۇزىتىش ئادەتلىرى» (517- بەت)، «يامان كۆرىدىغان ئادەتلەر» (528- بەت) قاتارلىق تارماق مەزمۇنلارغا مۇراجىئەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن). تۆۋەندە بىز يۇقىرىقى نۇقتىلارنى چۆرىدىگەن ھالدا كوللېكتىپ ۋىجدان، قىممەت قارىشى، پەرھىز، دىنىي ئېتىقاد، قائىدە- يوسۇنلارنىڭ بىر جەمئىيەتتە نېمە ئۈچۈن مۇقەددەس مەنىۋى كۈچ ئىكەنلىكى ۋە جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ بۇنىڭغا نېمەدەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىمىز. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق پروفېسسورى، مەشھۇر مۇتەپەككۇر سامۇئېل خانتىڭتون (Samuel Hantington,2008- 1927) دۇنيادا كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلغان «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» ناملىق كىتابىدا كىشىلەرنىڭ ئۆز كىملىكىنى، ئۆزىنى تونۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق يازىدۇ: «بىز ئۆزىمىزنىڭ كىم ئەمەسلىكىمىزنى ۋە كىمدىن مۇداپىئە قىلىدىغانلىقىمىزنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن كىم ئىكەنلىكىمىزنى بىلەلەيمىز.» (ئۇيغۇرچە نەشرى 2003:11، ئىنگلىزچە نەشرى 1997:21) ئۆز كىملىكىنى تونۇش بىر ئىجتىمائىي توپ كىشىلىرىنىڭ نىشانى، كۆرەش ئوبيېكتى، ئۆزىنى چۈشەپ تۇرغان ئاسارەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىر ئىجتىمائىي توپ ئىچىدە ياشاش دېگەنلىك، كىملىكلىشىپ (认同化 ,Identification) ياشاش دېگەنلىكتۇر. كىملىكلىشىپ ياشاش دېگەنلىك سىمۋول ئىچىدە، مۇئەييەن بىر ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ ياشاش دېگەنلىكتۇر. بىز كۆنۈپ كەتكەن ئىجتىمائىي بىنورماللىقلارنى چۈشىنىشتىن بۇرۇن «بىز كىم ئەمەس؟» دەپ سوئال قويساق، ئاندىن «بىز كىم؟» دەپ سوئال قويساق، ئۆزىمىز كۆنۈپ كەتكەن ئىجتىمائىي بىنورماللىقلارنى چۈشىنىش بىر ئاز ئاسانلىشىدۇ. بىز دىنىي كىملىك نۇقتىسىدىن خىرىستىئان، كاتولىك ياكى بۇددىست ئەمەس؛ مىللىي كىملىك نۇقتىسىدىن ئامېرىكان، فىرانسۇز ياكى ئىنگلىز ئەمەس؛ دىنىي كىملىكىمىز مۇسۇلمان، مىللىي كىملىكىمىز ئۇيغۇر. شۇڭا ھەر بىر ئۇيغۇر چاكىنا ئېيتىملارنى، نىكاھ مۇقەددەسلىكى دەپسەندە قىلىنغان مۇراسىم شەكلىنى، ياۋروپاچە كىيىم سىمۋوللىرىنى، ئۇيغۇر تىلىنى خارلاۋاتقان پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ جاھانسازلارچە تۇرمۇش يولىنى قوبۇل قىلالماسلىقى، ئۇنداق ئىشلارغا قارشى تۇرۇشى كېرەك ئىدى. قارشى تۇرالمىغانىكەن، قوبۇل قىلالىغانىكەن، دېمەك، ئۇ- جەمئىيەتلىشىۋاتقان ئىجتىمائىي بىنورماللىقنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىق ئۇقۇمى بىلەن كىملىك ئوتتۇرىسىدىلا ئەمەس، قىممەت قارىشى، ئىجتىمائىي يوسۇن ئۇقۇملىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ چەمبەرچاس باغلىنىش بولىدۇ.

قىممەت قاراش دېگەن نېمە؟ يوسۇن دېگەنچۇ؟ ئۇلار بىر جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىدا قانداق رول ئوينايدۇ؟ ھەر بىر جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قىممەت قاراشلىرى، يوسۇنلىرى بولىدۇ. قىممەت قاراش (values ، 价值观) دېگىنىمىز — بىر جەمئىيەت كىشىلىرى نېمىنىڭ خاتا، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ ياخشى ۋە نېمىنىڭ ناچار ئىكەنلىكى ھەققىدە ئورتاق مايىللىققا ئىگە بولغان ئابستراكت ئىدىيە سىستېمىسىدۇر. قىممەت قاراش مەدەنىيەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى، ھېسسىياتى ۋە ئوي- پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يوسۇن (Norm ، 规范) دېگىنىمىز بىر مەدەنىيەتنىڭ قىممەت قارىشىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان ۋە گەۋدىلەندۈرىدىغان ھەرىكەت قائىدىلىرىدۇر. بىر جەمئىيەتتە قىممەت قاراش بىلەن يوسۇن تەڭ ئۇنۇمىنى كۆرسىتىپ، مەدەنىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا ھەرىكەت قېلىپلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەمما، ئوخشىمىغان جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان قىممەت قارىشى ۋە يوسۇنلار بولىدۇ.

بىزنىڭ ھەر كۈنلۈك ھەرىكىتىمىز ۋە ئادىتىمىز قىممەت قارىشى ۋە يوسۇنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەمما بۇ دېگەنلىك قىممەت قارىشى ۋە يوسۇنلاردا ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىش بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. قىممەت قاراشلىرى، يوسۇنلاردىمۇ يېڭىلىنىشلار بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، شەھەرلىشىش داۋامىدا ئەسلىدىكى ئۇيغۇر ئەنئەنىسىدە يۈز ئاچقۇ، توي شەكلىدە بىر نەچچە كۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەرىكەتلەر بىرلا كۈندە ئۆتكۈزۈلىدىغان، مېھمانلار توي ئىگىلىرىگە ئاتىغان كۆڭلىنى رەخت- پەخت بىلەن ئەمەس، نەقپۇل بىلەن ئىپادىلەيدىغان بولۇشتى. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا، دىنىي مۇراسىم شەكىللىرىدە زامانغا لايىق بەزى ئۆرپ- ئادەتلەرمۇ شەكىللەندى. بۇنى ياخشى سۈپەتلىك ئۆزگىرىش دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، ئىجتىمائىي كونترول، شەھەرلىشىش، زامانىۋىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە ئەسلىدىكى قىممەت قارىشى بىلەن توقۇنۇشىدىغان

بەزى ئادەتلەرمۇ پەيدا بولدى ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ماقالىمىزنىڭ خام ماتېرىيال بۆلىكىدە تىلغا ئېلىنغان بىر قىسىم بىنورماللىق شەكلىدە پەيدا بولدى. بۇ ھادىسىگە تۈرتكە بولغان كۈچلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە كېيىنكى بۆلەكتە تەھلىل يۈرگۈزىمىز.

ئادەتتە بىر جەمئىيەتنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئۈچ يادرولۇق سىستېما بولىدۇ. ئۇلار ئىجتىمائىي سىستېما، مەدەنىيەت سىستېمىسى ۋە خاراكتېر سىستېمىسىدىن ئىبارەت. بىر جەمئىيەتتە زىددىيەتلىك، پەرقلىق خاراكتېر سىستېمىسى ۋە مەدەنىيەت سىستېمىسى تەڭ مەۋجۇد بولغاندا، پاسسىپ ئورۇندا تۇرغان ئىجتىمائىي توپنىڭ قىممەت قاراشلىرى خىرىسقا ئۇچرايدۇ. سەۋەبى، ئامېرىكىلىق مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس، فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى تالكوت پارسونس (Talcott Parsons, 1902ـ1979) نىڭ 1951ـ يىلى نەشردىن چىققان «ئىجتىمائىي سىستېمىلار» ناملىق نوپۇزلۇق كىتابىدىكى قاراشلار بويىچە قارىغاندا، ئىجتىمائىي سىستېمىلار ئادەملەر ئارىسىدىكى ئالاقىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدا چەكلىك ئىمكانىيەتلەر ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا ھامان زىددىيەتلەر كۆرۈلىدۇ. خاراكتېر سىستېمىسى بولسا ئىجتىمائىي سىستېمىلارنىڭ يۈرۈشۈشىگە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان خۇلق ـ مىجەزلەردىن ئىبارەت. ئۆز نۆۋىتىدە ئارزۇ ـ ئىستەك، ھەۋەس ۋە ئېھتىياجلارمۇ بىر جەمئىيەتنىڭ خاراكتېر سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەدەنىيەت سىستېمىسى تالكوت پارسونس يۇقىرىقى كىتابىدا ئەڭ جىق توختالغان ئۇقۇمدۇر. ئۇنىڭ قارىشىچە، مەدەنىيەت سىستېمىسى بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنى ئالاقە چەمبىرىكىگە ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئورتاق قىممەت قارىشى ئاساسىدا ھەمكارلاشتۇرىدۇ. ئورتاق قىممەت قارىشى ئاساسىدىكى بىردەك تونۇش بولسا بىر جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ئۇمۇرتقىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەدەنىيەت سىستېمىسى بولسا بىر جەمئىيەتنىڭ خاراكتېر سىستېمىسىنى يارىتىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ رول ئۆتەش داۋامىدا ئۇلارنىڭ روھىيىتىگە سىڭىپ كىرىدۇ(تالكوت پارسونس، 1951ـ يىل). قىممەت قارىشىنىڭ بىر ئىجتىمائىي توپنى ئۇيۇشتۇرۇشتىكى رولى ئۇ ئەسەرلىرىدە ئەڭ كۆپ مۇلاھىزە قىلىنغان بىر تېمىدۇر.

بىز جەمئىيەتشۇناس تالكوت پارسونسنىڭ فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسىنىڭ ئۇلىنى سېلىپ بەرگەن يۇقىرىقى مەشھۇر كىتابىدىكى بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنى ماقالىمىزدە جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىق سۈپىتىدە تەھلىل قىلىۋاتقان تۇرمۇش كارتىنىلىرىغا باغلاپ چۈشەنگىنىمىزدە، مۇنداق بىر نۇقتا روشەنلىشىدۇ. قىممەت قاراش ـ بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ رىشتىسىنى باغلايدىغان زەنجىر، تەرتىپىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان، مەنىۋى مەۋجۇدلۇقىنى تىرەيدىغان تۈۋرۈك. بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكى، ھەرىكەت قېلىپلىرى ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ خاراكتېر سىستېمىسىنى بەلگىلەيدۇ.

دېمەك، بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنىۋاتقان پاكىتلاردا ئاشۇ كىشىلەر ئۇيغۇر قىممەت قارىشىنىڭ بايا تىلغا ئېلىنغان ھەرخىل تارماق تۈۋرۈكىگە دەز كەتكۈزىدىغان ئىشنى قىلىشتىن ئايانمىغان ھەم ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشمىغان. نەتىجىدە، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر قىممەت قارىشىدا ئەسلىدىنلا ھار ئېلىنىدىغان، يەكلىنىدىغان قىلمىشلىرى يەنە بىر مۇنچىلىغان كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىنى غىدىقلاپ ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىجتىمائىي ئىنكاس ئىقتىدارى ئۆلگەن، ئۆزلىرىنىڭ قىممەت قارىشىغا نېمە خىرىسلارنىڭ يېتىۋاتقانلىقىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمىگەن بىر ئىجتىمائىي گاس توپنى بارلىققا كەلتۈرگەن. باشقىچە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئەسلىدە ھار ئېلىنىدىغان مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى بىر بۆلۈك كىشىنىڭ خاراكتېرىنى چاگلاشتۇرغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ كىملىكى، نېمىنى ھىمايە قىلىپ، نېمىدىن مۇداپىئەلىنىدىغانلىقىنى تۇيمايدىغان ئىجتىمائىي بىنورماللىق پەيدا بولغان.

يۇقىرىدا ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشماسلىقنىڭ نېمە ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى قىسقىچە تىلغا ئېلىندى. بۇنى ئۇيغۇر تۇرمۇشى نۇقتىسىدىن قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟ جەمئىيەتشۇناسلار بۇنى قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟ ئېيتىش كېرەككى، بىر ئىجتىمائىي توپقا مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەتلەرنى كۆزەتكىنىمىزدە ئاشۇ ھەرىكەتلەرنىڭ كۈتكەن نەتىجىسى ۋە كۈتمىگەن نەتىجىسىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك. بۇ يەردە نۆۋىتى كەلگەندە كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق پىروفېسسورى، فۇنكسىيىزملىق پىكىر يولىنىڭ يەنە بىر غوللۇق ۋەكىلى، تالكوت پارسونسنىڭ ئوقۇغۇچىسى روبېرت مېرتون (Robert Merton, 1910ـ2003)نىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئارتۇقچە ئىش بولمىسا كېرەك.

روبېرت مېرتون ئۆزىنىڭ «جەمئىيەت نەزەرىيەسى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلما» ناملىق نوپۇزلۇق كىتابىدا ئېنىق ئاقىۋەت(Manifest Consequences , 明显的后果)، يېپىق ئاقىۋەت(Latent Consequences ,潜在的后果) دېگەن ئىككى ئۇقۇمنى پەرقلەندۈرۈپ تەھلىل قىلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئېنىق ئاقىۋەت (يەنە «كۈتكەن ئاقىۋەت» «Intended Consequence» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) كۈتكەن، پىلانلانغان ئاقىۋەتتۇر. يېپىق ئاقىۋەت بولسا ( يەنە «كۈتمىگەن ئاقىۋەت» «Unintended Consequence» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىر ئىجتىمائىي سىستېمىنىڭ يۈرۈشۈش داۋامىدىكى پىلاندىن، نىشاندىن سىرت پەيدا بولغان ئاقىۋەتتۇر (روبېرت مېرتون، 1957: 64ـ65). دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، جەمئىيەتشۇناسلىق ھەرىكەتنىڭ كۈتمىگەن ئاقىۋىتىنى بەكرەك تەھلىل قىلىدۇ ۋە ئادەتلەنگەن تونۇشقا جەڭ ئېلان قىلىدۇ. روبېرت مېرتون مۇراسىملارنى مىسال كەلتۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىر ئىجتىمائىي توپ ئىچىدە كىملىك تۇيغۇسىنى مۇقىملاشتا ئىنتايىن مۇھىم رول

ئوينايدىغانلىقىنى قەيت قىلدۇ ۋە يەنە مۇراسىملاردىكى ئەقىلسىزلىك ۋە ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسدە ئورۇندىلىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ كۈتمىگەن ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىدۇ. بىز ئەمدى مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىپ تۇرۇپ، بايا تىلغا ئېلىنغان تۇرمۇش كارتىنىلىرىدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ كۈتمىگەن ئاقىۋەتلىرىنى تەھلىل قىلىپ باقايلى. شۇنىسى ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇكى، توي مۇراسىمىدا غەرق مەست بولۇۋالغان دادىلارنىڭ مەقستى كۆڭلىنى خۇش قىلىش ياكى ئۆزلىرىنىڭ قارىشىچە تويىنى قىزىتىش. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ كۈتمىگەن ئاقىۋىتى ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قارىشىنى، جۈملىدىن پەرھىزلىرىنى، مۇقەددەس سىمۋوللىرىنى، كوللېكتىپ ۋىجدانىنى يەرگە ئۇرۇش بولغان. ئابدۇكېرىم ئابلىز ئىنتولىرى پەيدا قىلغان كۈتمىگەن ئاقىۋەت مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئارتىسنىڭ ئەسلى مەقستى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوبرازىغا داغ تەگكۈزۈش ياكى پاراك سەنئىتىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرۈش ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىللەتلەرنى قامچىلاش. ئەمما ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئاممىۋى مېدىيەلەرنىڭ ياردىمىدە كۈتمىگەن ئاقىۋەت پەيدا قىلغان ـ دە، ئالدىنى ئېلىشقا تېگىشلىك زۆرۈرىيەتسىز ئېيتىملار ئۇيغۇر تىلىدا «ماقال ـ تەمسىل» شەكلىدە ئومۇملىشىشقا يۈزلەنگەن ۋە پاخال گەپلەر جەمئىيەتلەشكەن. دېمەك، ئابدۇكېرىم ئابلىز ئىللەتلەرنى قامچىلايمەن دەپ يېڭى بىر ئىللەتكە يول ئاچقان؛ ئەمما ئۆز ھەرىكىتىنىڭ بۇ كۈتمىگەن ئاقىۋىتىنى ئويلاشمىغان. [6] كىندىكى ئوچۇق ئۇسسۇل ئوينىغان سەبىي قىزلار كۆرۈنۈشكە كەلسەك، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئەسلى مەقستى ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قارىشىغا ھۇجۇم قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ بايرىمىغا كونسېرت تەييارلاپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش. ئەمما، مەيلى رېژىسسورلار بولسۇن، ئاتا ـ ئانىلار بولسۇن ياكى ئوقۇتقۇچىلار بولسۇن سەبىي قىزلارغا ئوچۇق كىيىم كىيگۈزۈشنىڭ كۈتمىگەن ئاقىۋىتىنى، يەنى بۇنداق قىلىشنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قارىشىغا، جۈملىدىن ھايا قارىشىغا، نومۇس مەدەنىيىتىگە زىت بولىدىغانلىقىنى، بۇنداق نومۇرلار تېلېۋىزىيە ئارقىلىق تارالسا قانچىلىغان سەبىي قىزنىڭ ئېڭىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئويلاشمىغان. رېستورانغا كىرمەي تۇرۇپ پۇل يىغىش ئىشىدا بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق ئادىتىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىش ئەسلى مۇددىئا ئەمەس. ئەمما، كىرگەن مېھمانغا «قولايلىق يارىتىش»، «دەۋرگە ماسلىشىش»، قىلىن مېھمانلارغا چەك قويۇش مەقسىتىدە ئومۇملاشقان بۇ ئىشتا شەھەردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر جامائىتى ئۇيغۇر ئەخلاقىنى، مېھماندارچىلىق يوسۇنىنى نەزەرگە ئالمىغان. بۇنى ھەرگىزمۇ دەۋرنىڭ تەرەققىياتى ياكى ئۇيغۇر ئادەتلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرغانلىق دېگىلى بولمايدۇ. ياغلىق چېگىۋېلىپ ئېلېكترونلۇق تۈنەكخانىلاردا تانسا ئويناۋاتقان قىز ۋە ياۋروپاچە توي كۆڭلىكى كىيىپ «شيالى» ماركىلىق پىكاپقا چىقىش ئالدىدا تۇرغان دېھقان قىزى، ئېنىقكى، تېلېۋىزور قاتارلىق ئاممىۋى مېدىيەلەردە كۆرگەن كۆرۈنۈشلەردىن زەرەتلەنگەن. ھېچقانداق

چەكلىمە بولمىسىمۇ، بالىلىرىنىڭ ئانا تىل ئۆگىنىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىۋاتقان ھېلىقى پۇرسەتپەرەس ئاتا ـ ئانىلار بولسا بىر مىللەتنىڭ روھى ۋە غۇرۇرىنىڭ سىمۋولى بولغان، ئۇرتاق مۈلكى ۋە بايلىقى ھېسابلىنىدىغان تىلنى بويۇن قىستۇرغان. رېئاللىقنى ئادەم پەيدا قىلىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا نەچچە مىڭلىغان ئاتا ـ ئانا ئاشۇ پۇرسەتپەرەسلىك قىلغان ئاتا ـ ئانىلاردەك ئويلىسا ۋە ھەرىكەت ئۆتسە، ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قارىشى، جۈملىدىن كوللېكتىپ ۋىجدانىغا ئۆزلىرى خالاپ تۇرۇپ ئاسىيلىق قىلىدىغانلىقى ئېنىق. يۇقىرىقى تەھلىللەردىن بىز مۇنداق بىر قانچە نۇقتىنى ئېنىق چۈشىنەلەيمىز: بىرىنچى، كوللېكتىپقا، ئىجتىمائىي توپقا مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەتلەردە ئەقىلسىزلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، شۇ توپنىڭ قىممەت قارىشى تاجاۋۇزغا ئۇچرىماي قالمايدۇ. ئىككىنچى، ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىنى شۇ ئىجتىمائىي توپ تاشقى تەسىرلەر تۈپەيلى ئەمەس، بەلكى ئۆزى خالاپ تۇرۇپ ئاياغ ئاستى قىلسا ۋە بۇ ھال كوللېكتىپ ـ جامائەت پىكرىگە دۇچ كەلمىسە، شۇ توپتىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەت بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ئىقتىدارى ئۆلگەن، چاكىنىلىق جەمئىيەتلەشكەن بولىدۇ. ئۈچىنچى، بۇنداق جەمئىيەتتە ئاشۇنداق ئىشلارغا سوكۇت ئىچىدە شاھىت بولغان ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كېسەل جەمئىيەتتە ياشاۋېرىپ ئىجتىمائىي ئاغرىققا ئايلىنىپ بولغانلىقىنى تۇيمايدۇ. دېمەك، بىز جەمئىيەتتە ئۆزىمىز بىلىپ ـ بىلمەي، ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا چاكىنىلىقنىڭ جەمئىيەتلىشىشىگە يول قويىمىز ۋە ئۆزىمىزمۇ چاكىنىلىشىمىز.

بۇ يەردە يۇقىرىقىدەك كەسكىن بىر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزدىكى ئاساسىمىز نېمە؟ سەۋەب شۇكى، يۇقىرىقىدەك چاكىنىلىقلارنىڭ جەمئىيەتلىشىشى تۈپ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا دىن، ئەقىدە، ھالاللىق، مۇقەددەس سىمۋول، مۇراسىم ۋە ئەخلاقنىڭ مۇھىم رولىغا سەل قارالغانلىقتا ياكى چۈشىنىلمىگەنلىكتە (يەنە كېلىپ بۇ ھەقتە گەپ چىقسا بېشى ئاغرىيدىغانلارنىڭ ئاۋۇپ كېتىشى، چاكىنىلىقلارغا كۆنۈپ كەتكىنىمىزدە ئۆزىمىزدىن قانچىلىك دەرىجىدە يىراقلىشىدىغانلىقىمىزنى دەلىللەيدۇ). بۇ خىيىم ـ خەتەر» دە مۇنداق يازىدۇ: «بىر ئىجتىمائىي توپتا ھالاللىق ۋە ھاراملىق ئۆلچەملىرىنى ۋە باشقا پاسىلسىمان يوسۇنلارنى تىرەپ تۇرىدىغىنى شۇ ئىجتىمائىي توپنىڭ يوشۇرۇن رىشتىسىدۇر. مۇراسىم پائالىيەتلىرىدىكى تاۋار، يېمەكلىك، ئىچىملىك ئىستېمالى بىر ئىجتىمائىي توپنى يەنە بىر ئىجتىمائىي توپتىن پەرقلەندۈرىدىغان ئاساسلىق بەلگىدۇر.» (مەرىي دوگلاس، 1966: 44 ـ 45 ) لېكىن بىزنىڭ پاكىت تەھلىللىرىمىزدە تىلغا ئېلىنغان دادىلار بولسا ئۇيغۇر تۇرۇپ ئۇيغۇرنىڭ ھالاللىق ئۆلچىمىنى نەزەردىن ساقىت قىلدۇ. مەرىي دوگلاسقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، جەمئىيەتشۇناسلىق پېنىگە ئاساس سالغان فىرانسىيەلىك مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ئېمىل دۇركايىم خەلقئارا ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە يۈز نەچچە يىلدىن بېرى تەسىرىنى يوقاتماي كېلىۋاتقان «دىنىي ھاياتنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى»،

«ئۆلۈۋېلىش» قاتارلىق مەشھۇر ئىلمىي تەتقىقاتى ئەسەرلىرىدە ئىمان-ئېتىقاد، دىن، ئەقىدە ۋە ئەخلاقنىڭ بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاشتىكى رولىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىر جەمئىيەتتە ئىمان-ئېتىقاد كىشىلەر ئارىسىدا ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇشچانلىقنى كۈچەيتىش، ئايرىم بىر قىممەت قاراش ۋە خاس ئىجتىمائىي ھايات يارىتىش قۇدرىتىگە ئىگە. ئېمىل دۇركايىم كارل ماركستىن پەرقلىق ھالدا جەمئىيەتتىكى زىددىيەت ۋە، مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى كاپىتالىزم ياكى ئىقتىسادقا باغلاپ چۈشەنمەيدۇ، بەلكى شۇ جەمئىيەتتىكى ئەخلاقىي تەرتىپلەرنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن كۆرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىر جەمئىيەتتە ئاساسلىق تۈزۈلمە شەكىللىرى ئورتاق بىر قىممەت قارىشى ۋە ئىجتىمائىي مىزاننى ئومۇملاشتۇرالمىغاندا زىددىيەت ۋە قالايمىقانچىلىق كۆرۈلىدۇ. ئىجتىمائىي مەۋجۇدلۇقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەخلاققا مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. دۇركايىمنىڭ نەزەرىدە دىنىي ئېتىقاد جەمئىيەت ئەزالىرىنى بىر يەرگە ئەكېلىدىغان، ئۇيۇشتۇرىدىغان ئىجتىمائىي يېلىمدۇر. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئېمىل دۇركايىم كارل ماركسنىڭ «دىن— ئەپيۇن» دېگەن قارىشىدىن پەرقلىق ھالدا، گېگانت پەيلاسوپ ئىممەنيۇل كانت ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن «بىلمىلىرىمىزگە ئازىراق چەك قويۇپ، ئەقىدىگە ئورۇن بېرەيلى» [7] قاتارلىق دىنىي ئېتىقادنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى قاراشلارغا جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ياندىشقان. ئېمىل دۇركايىمنىڭ قارىشىچە، ھەر قانداق دىندا مۇقەددەس سىمۋوللار بىلەن چەكلەنگەن نەرسىلەر ئېنىق ئايرىلغان بولىدۇ، «بىر جەمئىيەت كىشىلىرى ئورتاق قىممەت قارىشى ياراتماي تۇرۇپ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلىيالمايدۇ ياكى قايتىدىن بەرپا قىلالمايدۇ.» (ئېمىل دۇركايىم، 1968:422) ئۇنىڭدىن باشقا، ئېمىل دۇركايىم سىمۋول ۋە مۇراسىملارنىڭ رولىغىمۇ يۇقىرى باھا بېرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىر جەمئىيەتتە كىشىلەرنى بىر يەرگە ئەكېلەلەيدىغان، ئۇيۇشتۇرالايدىغان سىمۋوللار بولىدۇ ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئۈزلۈكسىز ساقلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بايراق، دۆلەت شېئىرى، مىللىي قەھرىمانلار، سەنئەت مىراسلىرى، تارىخىي يادىكارلىقلار ۋە ئابىدىلەر مانا مۇشۇنداق مۇھىم سىمۋوللاردۇر. دۇركايىم مۇنداق يازىدۇ: «بىر جەمئىيەتتە مۇراسىم شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمكى، ئۇ بىر ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرىغا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى قەرەللىك يوسۇندا تونۇتۇپ تۇرىدۇ.» (ئېمىل دۇركايىم، 1968:427) كىشىلەر مۇراسىملاردا ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس سىمۋوللىرىنى ئەسلەپ، ھېس قىلىپ تۇرىدۇ ۋە بۇ جەرياندا ئۆزلىرىنى قايتىدىن يارىتىدۇ؛ ئۆزىگە ئورتاق بولغان ھېسسىياتلارنى، رىشتىلەرنى ۋە مەنسۇبىيەت تۇيغۇسىنى تېپىۋالىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرى ئارىسىدا ئورتاق ھېس-تۇيغۇ، ئورتاق ئىدىيە ئارقىلىق ئۇيۇشۇشچانلىق، ئىناقلىق ۋە خاسلىق پەيدا قىلالمىغان جەمئىيەت مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئورتاق ھېس-تۇيغۇ، ئورتاق قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئەسلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن مۇراسىملار ۋە يىغىلىش سورۇنلىرىنىڭ بولۇپ تۇرۇشى ھەم زۆرۈر ھەم تەبىئىي ئەھۋالدۇر» (ئېمىل دۇركايىم 1968:427). ئېمىل دۇركايىمنىڭ يەنە بىر ۋارىسى، ئامېرىكىلىق فۇنكسىيىزمچى جەمئىيەتشۇناسلاردىن بىرى ئېدۋارد شىلس (Edward Shils,1995_1915) «مەركەز ۋە گىرۋەك» ناملىق ئەسىرىدە: «ھەر قانداق بىر جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ كوللېكتىپ كىملىكىنى رىشتە بىلەن باغلايدىغان، بىر يەرگە ئەكېلىدىغان بىر مۇقەددەس مەركەز (Sacred Center) بولىدۇ، كىشىلەر ئاشۇ مەركەز ئەتراپىغا ئولىشىپ مەۋجۇدلۇقىنى ساقلايدۇ» دەپ يازىدۇ (ئېدۋارد شىلس، 1975:3). بىز يۇقىرىقى ئۈچ مۇتەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋەتلىك قاراشلىرىنى ماھىيەتتىن چۈشەنگىنىمىزدە، مەرىكە، نەزىر- چىراغ قاتارلىق مۇراسىم سورۇنلىرىنىڭ، مۇقەددەس سىمۋوللارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئەمما تويدا غەرق مەست بولۇۋالغان دادىلار كەبى كىشىلەرنىڭ مەرىكە- مۇراسىم ئەخلاقىمىزغا ئېغىر ھاقارەت كەلتۈرگەنلىكىنى، ئۆز نۆۋىتىدە بىزنىڭ قىممەت قارىشىمىزغا تاجاۋۇز قىلىنغان بىھۆرمەتلىك ۋە ھاقارەتلەرگە لايىقىدا ئىنكاس قايتۇرۇپ تۇرۇش مەجبۇرىيىتىمىزنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتىمىز.

بىز ئۇيغۇرلاردا جەمئىيەتلىشىۋاتقان چاكىنىلىقلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن تىرىشقان چېغىمىزدا، ئېمىل دۇركايىمنىڭ كوللېكتىپ ۋىجدان، مىزانسىزلىق (Anomie, 失范) ئۇقۇملىرى مەسىلىنى تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئېمىل دۇركايىمنىڭ «دىنىي ھاياتنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى» دېگەن ئەسىرىدە قارىشىچە، بىر جەمئىيەتتە كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا پىرىنسىپلارغىمۇ ئەمەل قىلىپ ياشاشقا ئۈندەيدىغان ئەقىدە يىلتىز تارتقاندا، ئورتاق قىممەت قاراشلىرى، ئەخلاقىي مىزانلار مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدە ئەكس ئەتكەندە، ئۇنىڭ نەتىجىسى كوللېكتىپ ۋىجدان شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. بىر ئەخلاقسىز قىلمىش سادىر بولغاندا، ئۇ ئەڭ ئاۋۋال شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كوللېكتىپ ۋىجدانىغا تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ ۋە ئەخلاقلىق ئادەملەرنىڭ ۋىجدانىغا ئازار بېرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن كوللېكتىپ ۋىجدان جامائەت ئەخلاقىغا چېتىلىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن شەخسنىڭ ۋىجدانىدىن پەرقلىنىدۇ. مىزانسىزلىق— ئېمىل دۇركايىم تەرىپىدىن «ئۆلۈۋېلىش» دېگەن كىتابىدا نەزەرىيەلەشتۈرۈلگەن يەنە بىر ئۇقۇم بولۇپ، بىر جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئالاقىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىجتىمائىي مىزانلارنىڭ يوق بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇقۇم كارل ماركس تەرىپىدىن نەزەرىيەلەشتۈرۈلگەن يات‌لىشىش (Alienation, 异化) ئۇقۇمىغا ئوخشاشلا جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە كەڭ كۆلەملىك مۇنازىرە ۋە ئىزدىنىشكە سەۋەب بولغان. دۇركايىمنىڭ قارىشىچە، ئادەملەر قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئۆز ئارزۇ- ئىستەكلىرىگە تولۇق ماس كەلگەن چاغلىرىدىلا ئاندىن خۇشال بولالايدۇ. ئەمما، ئادەمنىڭ ئارزۇ-

www.uyghurkitap.com

ئىستىكنىڭ چېكى بولمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىمكانىيەتلەر بولسا تولىمۇ چەكلىك بولىدۇ. ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى قانمىغاندا ئادەم قاتتىق چۈشكۈنلىشىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرى مىزانسىزلىق يولىغا قاراپ ماڭىدۇ. بىر جەمئىيەتتە ئۇيۇشۇشچانلىق، بىردەك قىممەت قارىشى كەمچىل بولسا ۋە بىر تاشقى قىممەت قاراش بىر جەمئىيەت ئەزالىرىغا تېڭىلسا، مىزانسىزلىق جەمئىيەتلىشىدۇ.

## 4 . چاكىنىلىقنى جەمئىيەتلەشتۈرۈۋاتقان تاشقى تەسىرلەر ۋە جەريانلار

### ئاممىۋى مېدىيەلەر، ئىجتىمائىيلىشىش ۋە ئىجتىمائىي كونترول

بىر جەمئىيەتتە ئومۇملىشىۋاتقان چاكىنىلىقتا شۇ توپ كىشىلىرىنىڭ قىممەت قارىشى، يوسۇن ۋە كوللېكتىپ ۋىجدانىنى ئۆيچە دەپسەندە قىلىشلا ئەمەس، تېڭىلغان ئىدىيەلەر، مەجبۇرلانغان تاشقى تەسىرلەرمۇ سەۋەبچى بولىدۇ ۋە شۇ قىممەت قارىشىنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئەخلاق ساراسىمىسى پەيدا قىلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئەخلاق ساراسىمىسى (Moral Panic, 道德恐慌) دېگىنىمىز ـ «بىر ياكى بىر توپ ئادەم بىر جەمئىيەتنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئورتاق قىزىقىشلىرىغا خىرىس قىلىشى نەتىجىسىدە شۇ توپتىكى باشقا ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان ئەنسىرەش، راھەتسىزلىنىش ھادىسىدۇر»(ستەنلېي كوخېن، 1973:9). جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان ئەخلاق ساراسىمىسى ئاتالمىسى ئەنگلىيەلىك مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ستەنلېي كوخېن (1925 ـ ) تەرىپىدىن ئۇقۇملاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ «ئاۋام ئارىسىدىكى مەلئۇنلار ۋە ئەخلاق ساراسىملىرى» ناملىق كىتابىدا ئەخلاق ساراسىمىسىنىڭ غول مەدەنىيەتكە قارشى ئىككىلەمچى مەدەنىيەتلەر، زەھەر چېكىش، جىنايەت، بۇزۇقچىلىق ھادىسىلىرىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولىدىغانلىقىنى، ئاممىۋى مېدىيەلەر بىلەن ئەخلاق ساراسىمىسى ئارىسىدا زىچ باغلىنىش بارلىقىنى، دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ، تۈزۈلمىنىڭ بۇنىڭغا جاۋابكار ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ، 1970 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئەنگلىيەدە پەيدا بولغان ئەخلاق ساراسىمىسىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تۆۋەن تەبىقىدىكى ئاۋامنىڭ دىققىتىنى مەۋجۇد، ئاساسلىق مەسىلىلەردىن بۇراش ئۈچۈن ئۇزۇن يىل پىلانلاپ ئوتتۇرىغا چىقارغان ھادىسە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەخلاق ساراسىمىسىنى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مېدىيە ۋاسىتىلىرىنىڭ تەسىرىدە بۇرمىلانغان رېئاللىقنىڭ نەتىجىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بىز تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارغا ئاتاپ بېرىلىۋاتقان ئىچ كىيىم مودېل مۇسابىقىسى قاتارلىق پروگراممىلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قارىشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئەخلاق ساراسىمىسى پەيدا قىلمىدى، دەپ ئېيتالمايمىز.

30 يىل بۇرۇن، جۈملىدىن تېلېۋىزور ھاياتىدا پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار كىندىكى ئۇچۇق كىيگەن قىزلار تۇگۈل، قىسقا يوپكا كىيگەن قىزلارنىمۇ كۆزىگە سىغدۇرالمايتتى. مانا بۈگۈن خېلى بىر قىسىم ئۇيغۇرنىڭ كۆزى تېلېۋىزور، كىنو، سىنبار قاتارلىق ئاممىۋى مېدىيەلەردىكى ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرگە كۆنۈپ كەتتى. ھەتتا تېلېۋىزىيە پروگراممىسىدا ئىچ كىيىم مۇسابىقىسى كۆرسىتىدىغان ئەھۋالمۇ مەيدانغا كەلدى. «زۇيباشاڭ خەيپا چۇلەيلي»، «ئەر كىشى ئۆيگە كىرسە بىرنىڭ، تالاغا چىقسا مىڭنىڭ» دېگەندەك ئېيتقۇسىز ئىبارىلەر ئاۋام ئارىسىدا ھېچ ئايانماي تارالدى. قانداقسىگە بۇنچىۋالا بوپكەتتى؟ چاكىنىلىقلار، ئىجتىمائىي بىنورماللىقلارنىڭ ئومۇملىشىشىدا ئەڭ ئاۋۋال تېلېۋىزىيە، كىنو، سىنبار قاتارلىق ئاممىۋى مېدىيەلەر «زەربىدارلىق» رولىنى ئوينىدى. بۇ جەرياندا ئېكران ئالدىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئۆزگە مەدەنىيەتلەر بىلەن بولۇپمۇ قىممەت قارىشى ۋە دىنىي ئېتىقادى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ۋە شۇ مەدەنىيەتلەرگە خاس سىمۋوللارنىڭ، ئىماگلارنىڭ، ئۇچۇرلارنىڭ ئوۋ نىشانىغا ئايلاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ مېڭىسى تاشقى تەسىرلەرنىڭ تەجرىبە ئېتىزىغا ئايلىنىپ قالغىلى تۇردى. نەتىجىدە ئۇيغۇر قىممەت قارىشىغا زىت، ئۇيغۇر ئەخلاقىغا مۇخالىپ بولغان ئىشلاردىن ئاممىۋى مۇراسىملاردا كوللېكتىپ، يوشۇرماي كەيپ قىلىش، قىزلار ئارىسىدا ئۇچۇق كىيىم كىيىش قاتارلىق بىر قاتار بىنورمال ھادىسە پەيدا بولدى ۋە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئادەتلەرگە ئايلاندى. ھەتتا بۇنداق قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار مەسخىرە قىلىندى ياكى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. چاكىنىلىق جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئېقىمىغا، جاھانسازلىق ۋە پۇرسەتپەرەسلىك ياشاش دەسمايىسىگە، ئىجتىمائىي بىنورماللىق ئادەتلىنىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى. بۇنىڭدىكى بىر ماكرولۇق سەۋەب شۇنىڭدىكى، ئىدېئولوگىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي كونترولنىڭ ۋاسىتىسى بولغان ئاممىۋى مېدىيەلەر قەلبلەرنى ئوۋ نىشانى قىلدى، ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قارىشى ۋە كوللېكتىپ ۋىجدانىنى ھەر خىل ئېزىتقۇ سىمۋول ئارقىلىق ئاستا ـ ئاستا چىرىتىشكە باشلىدى. مەجبۇرلاش ۋاسىتىلىرى ھەل قىلالمىغان ئىشلارنى ئاممىۋى مېدىيەلەر ھەل قىلغان بولدى.

ئاممىۋى مېدىيەلەر بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ قىممەت قارىشىنى چىرىتىشتە نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا زور قۇدرەتكە ئىگە؟ جەمئىيەتشۇناسلار بۇنى قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟ بىرىنچى ، ئاممىۋى مېدىيەلەر ئاخىرقى ھېسابتا سىياسىي ئىگىلىك، ئىجتىمائىي كونترول ۋە ئىدېئولوگىيەلىك ئاپپاراتلارنىڭ تەشۋىقات پىلانى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولغاچقا، ئاشۇ مېدىيەلەردىكى ئۇچۇرلارنى، ئىماگلارنى، مەزمۇنلارنى، سىمۋوللۇق بەلگىلەرنى كونترول قىلىش ھوقۇقى پاسسىپ ئورۇندا تۇرغان توپنىڭ ئىلكىدە بولمايدۇ. ئىككىنچى، زامانىۋىلىق، يەر شارىلىشىش مۇساپىسىدە تۇرغان ھەر بىر ئادەم ئۇچۇر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان ئادەمدۇر. بۇنى فىرانسىيە جەمئىيەتشۇناسى، مەشھۇر مۇتەپەككۇر ژان بۇردىللىيارد(1929 ـ ) نىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، تېلېۋىزور قاتارلىق زامانىۋى مېدىيەلەرنىڭ ئادەملەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەر قانداق

ئېخنىكىنىڭكىدىن زور ۋە چوڭقۇر. ئېلېۋىزور ئەتراپىمىزدىكى دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەنلا قالماي، بارغانچە بىز ياشايدىغان دۇنيانىڭ يۆنىلىشى ۋە دائىرىسىنىمۇ بەلگىلەپ قويدى (مۇراسىملاردا ھاراق ئىچىپ سەتلىشىۋاتقىنىنى تويىماپۋاتقان دادىلار، كىندىكى ئوچۇق كىيىم كىيگەن قىزلار ۋە ياغلىق چىگىپ ئېلېكتىرونلۇق تۈنەكخانىدا تانسا ئويناۋاتقان قىزلارنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ). ھازىر بىزنىڭ كۆرۈۋاتقىنىمىز ئاممىۋى مېدىيەلەردىكى زىيادە جىق ئىماگ ۋە ئوچۇرلارنىڭ تەسىرىدە تۇسخىلانغان ۋە پەيدا بولغان سۈنئىي رېئاللىق (Hyperreality, 虚拟现实) دۇر. ئۈچىنچى، ئاممىۋى مېدىيەلەر ۋە ئاۋام مەدەنىيىتى كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش، تەنقىدىي ئويلىنىش، گۇمانلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇ نۇقتا جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن تېئودور ئادورنو (1903-1969 Theodor Adorno ,) ۋە ماكس خوكخېيمېر (1895-1973) نىڭ «ئاقارتىش دىئالېكتىكىسى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەندۇ. ئۇلار مەدەنىيەت تىجارەتىدىكى ئاقارتىش شوئارىنىڭ ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئېكران ئالدىدا ئولتۇرغان تاماشىبىنلاردىن مۇستەقىل تەپەككۇر قابىلىيىتىنى كۈتكىلى بولمايدۇ.» (1972:144) تۆتىنچى، فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد مەشھۇر ۋەكىلى، گېرمانىيە مۇتەپەككۇرى يۈرگېن خابېرماس(1929 - ) نىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ جامائەت پىكرىنى پەيدا قىلىدىغىنى تەشۋىقات قاتارلىق كونترول ۋاستىلىرى. (يۈرگېن خابېرماس، 1989)

ئاممىۋى مېدىيەلەرنىڭ تەسىرى، ئىجتىمائىيلىشىش، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش داۋامىدا ئادەملەر دوراش ۋە جەمئىيەتتىن يۇقتۇرۇش ئارقىلىق ئىجتىمائىي بىنورماللىققا كۆنۈپ كېتىدۇ. بۇ نۇقتا ھەققىدە ئىجتىمائىيەت پسىخولوگىيىسى، ستانفورت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق پىروفېسسورى ئالبېرت باندۇرا(1925- Albert Bandura) ۋە فرانسىيە مۇتەپەككۇرى گابرىئېل تاردې(1843- 1904 Gabriel Tarde,) نىڭ مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيەلىرىدە ئېنىق چۈشەنچە بېرىلگەن. ئالبېرت باندۇرانىڭ «جەمئىيەتتىن ئۆگىنىش نەزەرىيەسى» ناملىق كىتابىدا ئىلگىرى سۈرۈلۈشىچە، كىشىلەر يېڭى ھەرىكەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىتلىرىدىكى ئىجتىمائىي ئىلمېنتلارنى ئۆگىنىش ئارقىلىق يۇقتۇرىدۇ. بۇنداق يۇقتۇرۇش جەريانى دوراش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە بولغان ئىنكاسى دوراش ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ دېگەنلىكتۇر(پاكىت تەھلىلدىكى ياۋروپاچە توي كۆڭلىكى كىيگەن دېھقان قىزنى ۋە «ئابدۇكېرىم ئابلىز ماقال- تەمسىللىرى» شەكلىدە ئومۇملىشىۋاتقان ئېيتىملارنى تەمتىرىمەي دەۋاتقان كىشىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ). كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىدۇ ۋە ئاندىن ئوخشاش ياشاش ئۇسۇلىدا قانداق ھەرىكەت قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. بۇ خىل دوراش جەريانى ئىختىيارىي، تاشقى كۈچلەرنىڭ مەجبۇرلىشىسىز ئىشقا ئاشىدۇ. دوراش- ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى(ئالبېرت باندۇرا، 1977). فرانسىيىلىك جەمئىيەت پسىخولوگى گابرىئېل تاردې «دوراش قانۇنىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھادىسىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «ھەر قانداق جەمئىيەت ئاز ساندا ئىجادچى ۋە بىخەتلىك ياراتقۇچىدىن ۋە كۆپ ساندا ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى دورايدىغان ئەگەشكۈچىدىن تەركىب تاپىدۇ . دوراش- مەدەنىيەت تارقىتىش جەريانىنىڭ بىر ۋاستىسى. يېڭى بىر ھەرىكەت قىلىپ بىر جەمئىيەتتە دوراش ئارقىلىق تارقىلىدۇ.» (گابرىئېل تاردې، 1977) دوراش ۋە يۇقتۇرۇش قانۇنىيىتى ھەققىدە چۈشىنىش ھاسىل قىلغىنىمىزدا، جەمئىيىتىمىزدە ھەر خىل چاكىنىلىق تۇسخىسىنى ئومۇملاشتۇرغان تۇنجى ئىجادچىلارنىڭ ئۇيغۇر قىممەت قارىشىغا ھۇجۇم قىلغان ھەرىكەت قىلپىلىرى ئۈچۈن جاۋابكار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا تېلېۋىزور پەيدا بولغاندىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، ئېكرانغا تۇنجى بولۇپ يېرىم يالىڭاچ كىيىم كىيىپ چىققان ئايال كىمدۇ؟ مېھمانغا چاي قويماي تورۇپ پۇل يىغىش ئادىتىنى تۇنجى بولۇپ «كەشپ قىلغۇچى» ئۇيغۇر كىمدۇ؟ يەنە... بىلغان كىمدۇ؟... بۇ سوئاللار گۆدەكلىكتەك، داڭقان پۇتىدەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما، بۇ سوئاللا ھەرىكىتى ئۇيغۇر جامائىتى ئۈچۈن ئېغىر دەرىجىدە كۆتمىگەن ئاقىۋەتلەرنى سادىر قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرىدىغان سوئالدۇر. يەنە مۇنداق بىر سوئالمۇ ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك: جەمئىيەتتە ئۆزلۈكسىز چاكىنىلىشىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ۋە نۇرغۇن ئىجتىمائىي بىنورماللىققا سۈكۈت ئىچىدە شاھىت بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايدىغان ھەم ئويلىنالايدىغان ئۇيغۇرلىرىمىز زادى قانچىلىكتۇ؟

جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىق ئۆزلۈكىدىن پەيدا بوپقالىدىغان ھادىسە ئەمەس. بىر ئادەم بوۋاق ۋاقتىدىلا چاكىنىلىقنى يۇقتۇرۇۋالمايدۇ. بىر پاھىشە تۇغۇلۇشىدىنلا پاھىشە بولۇپ تۇغۇلمايدۇ. بىر ئوغرى ئوغرىلىقنىڭ ھەرىكەت قائىدىسىنى ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىن ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ مەھسۇلى . چىركىن ئىجتىمائىي سىستېمىلار، كېسەل مەدەنىيەت مۇھىتلىرى- جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىقنىڭ پارنىكلىرى. مېڭە يۇيۇش (brain washing) ، روھ ئۆلتۈرۈش (menticide) ، ئوي تىزگىنلەش (thought control) قاتارلىق ئىجتىمائىي كونترول ۋاستىلىرى جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىقنىڭ تۈرتكە كۈچلىرى. بۇ ھال ئىجتىمائىي كونترول ۋاستىلىرىنىڭ بىنورماللىق پەيدا قىلىشتىكى رولىنى چۈشىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىجتىمائىي كونترول دېگەن نېمە؟ ئىجتىمائىي كونترول- كىشىلەرنىڭ ھېس- تۇيغۇسى، ئوي- پىكرى، يۈرۈش- تۇرۇشى ۋە سۆز- ھەرىكىتىنى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي سىستېمىلارغا ماسلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش جەريانىدۇر. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي كونترول مەۋجۇد ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغدايدىغان ۋاستىدۇر. ئىجتىمائىي كونترول ھەر خىل مەجبۇرلاش ئۇسۇلى ۋە ئىدېئولوگىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. نەتىجىدە ئادەملەر مەكتەپ، ئائىلە،

www.uyghurkitap.com

جەمئىيەت قوينىدا ئىجتىمائىيلىشىش ئارقىلىق شۇ جەمئىيەتتىكى يېتەكچى ئورۇندىكى قىممەت قاراشلارنى، پوزىتسىيەلەرنى ئۆگىنىدۇ ۋە شۇ ئىجتىمائىي سىستېمىغا نىسبەتەن ئۆزىدە مەنسۇبىيەت تۇيغۇسى (sense of belonging, 归属感) يېتىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەردىكى «خەق نېمىدەپ قالار» دېگەن پوزىتسىيە دەل ئىجتىمائىي كونترول ۋاستىلىرىنىڭ ئۇلارنى مەۋجۇد سىستېمىلار ۋە ياشاش شەكلىگە كۆندۈرۈۋالغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىجتىمائىي كونترولنىڭ تەسىرىدە ئىدېئولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىدۇ. بىر يېرىم ئەسىر ئىلگىرىلا كارل ماركس: «ھەر قانداق جەمئىيەتتىكى يېتەكچى ئىدىيە ـ تەشەببۇسكار ئورۇندىكى توپنىڭ ئىدىيەسىدۇر» (1972:136) دېگەنىدى. بۇ نۇقتىنى ئاممىباب تىل بىلەن چۈشەندۈرگەندە، بىر ئىجتىمائىي توپ كىشىلىرىنىڭ ئىدىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىدىيەلەر ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، بەلكى ھوقۇقنىڭ كۈچى بىلەن تاراش ئارقىلىق ئۆگىنىلىدۇ. ئىتالىيەلىك ماركسىزمچى پەيلاسوپ ئانتونىئو گرەمشى (Antonio Gramsci , 1937 ـ 1891) نىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «ئىدېئولوگىيە ئادەملەرنىڭ ھەرىكەت قىلىش دائىرىسى ۋە يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ قويىدۇ» (ئانتونىئو گرەمشى، 1972). ھەممىشە دېگۈدەك قولىدا ھوقۇق بولغان ئىجتىمائىي توپ ئىدېئولوگىيەلىك سىناقتا پاسسىپ ئورۇندىكى ئىجتىمائىي توپتىن بەكرەك ئاكتىپ ئورۇنغا ئۆتىدۇ. ئىدېئولوگىيە شەكىللىرى ئىچىدە سىياسىي ئىدېئولوگىيە بىر جەمئىيەت ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىياسىي ئىدېئولوگىيە بىرجەمئىيەتتىكى ئادەملەر ھەرىكىتىنىڭ، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەنبەسىدۇر. ئادەملەرنىڭ سىياسىي ئىدېئولوگىيەگە بېقىنىش دەرىجىسى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلما ھەققىدىكى تونۇشى، رېئاللىق ھەققىدىكى چۈشەنچىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەملەرنىڭ رېئاللىق ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

## چاكىنىلىشىش ۋە جەريان: زامانىۋىلىشىش، شەھەرلىشىش

ئاممىۋى مېدىيەلەر ۋە ئىجتىمائىي كونترولنىڭ بىر جەمئىيەتتىكى رولىنى چۈشىنىش ئىجتىمائىي بىنورماللىقنى جەمئىيەتلەشتۈرىدىغان ۋاستىلەرنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بەرسە، زامانىۋىلىشىش ۋە شەھەرلىشىش ئۇقۇملىرىنى چۈشىنىش بۇ ئارىدىكى جەرياننى چۈشىنىشىمىزگە قولايلىق تۇغدۇرىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پەيدا بولۇۋاتقان بىنورماللىقلار ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بىلەن زامانىۋىلىق، شەھەرلىشىش مۇساپىسى ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش ۋە ماسلىشالماسلىق ھادىسىسىنىڭ نەتىجىسىدۇر. سەۋەبى، تېخىچە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۇتى زامانىۋى جەمئىيەتتە، يەنە بىر پۇتى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە. بىز ئۆمەرجان ئىمىننىڭ «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» ناملىق كىتابىدا يېزىلغان ئۇيغۇر تۇرمۇشى بىلەن شەھەر تۇرمۇشىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا بۇ نۇقتىنى روشەن ھېس قىلالايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر ئەنئەنىسىدە، ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە زامانىۋىلىقنىڭ نۇرغۇن ئېلېمېنتى قوبۇل قىلىنمايدۇ. يېرىم ـ يالىڭاچ كىيىملەرنى كىيىش، ئاممىۋى سورۇندا كەيپ سۈرۈش غەربلىكلەر ۋە باشقىلار ئۈچۈن ھېچنېمە بولمىغىنى بىلەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر مەسىلە. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پەيدا بولۇۋاتقان نۇرغۇن بىنورماللىقنى دەۋرنىڭ ئېھتىياجى، زامانىۋىلاشقانلىقنىڭ نەتىجىسى دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە زامانىۋىلىشىش ئۇقۇمىنى يېتەرلىك چۈشەنمىگەنلىكنىڭ مەھسۇلىدۇر.

زامانىۋىلىشىش دېگەن نېمە؟ جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق كىتابلارنىڭ بىرى بولغان «ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش» ناملىق ئەسىرىدە ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس ستېۋېن ۋاگو (Steven Vago) زامانىۋىلىشىش ئۇقۇمىغا مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: «زامانىۋىلىشىش ـ يېرىك ئىشلەپچىقىرىش جەمئىيىتىنىڭ سانائەت جەمئىيىتىگە ئايلىنىش جەريانىدۇر. بۇ جەريان ئىلغار سانائەت تېخنىكىسىنىڭ بولۇشىنى ۋە شۇ تېخنىكىنى ئىشلىتىش، يېتەكلەش، ساقلاشقا دائىر سىياسىي، مەدەنىي، ئىجتىمائىي ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى تەقەززا قىلىدۇ. زامانىۋىلىشىش جەريانىنىڭ مەقسىتى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان، نىسبىي مۇقىم بولغان جەمئىيەت بەرپا قىلىشتۇر.» (ستېۋېن ۋاگو ، 2004:103) يەرشارىلىشىشنىڭ تەسىرىدە زامانىۋىلىشىش ھەر بىر ئىجتىمائىي تۈزۈلمىگە، ھەر بىر جامائەتچىلىككە، ھەر بىر ھايات شەكلىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، زامانىۋىلىشىش جەريانى غەربچە تېخنىكا، مەھسۇلات ۋە ھەرىكەت نۇسخىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەردە ئۆگىنىلىش، دوراش ۋە تارقاش جەريانى بولدى. بۇ دېگەنلىك غەرب مەدەنىيىتى باشقا مەدەنىيەتلەرگە سىڭىپ كەتتى دېگەنلىكتۇر. بۇ ھەقتە ئامېرىكىدىكى ھىندى قان سىستېمىسىدىن بولغان مەشھۇر مەدەنىيەت تەنقىدچىسى ئارجۇن ئاپپادۇراي ( Arjun Appadaurai, 1949) «زامانىۋىلىقنىڭ تەسىرى» ناملىق نوپۇزلۇق كىتابىدا: «يەر شارىلىشىش مۇساپىسى زامانىۋىلىقنى يېڭىچە تۈسكە ئىگە قىلدى؛ يېڭىچە ئالاقە شەكىللىرى، يېڭىچە ياشاش ئۇسۇللىرى، يېڭىچە كىيىم ۋە يېڭى ئىستېمال شەكىللىرى ئومۇملاشتى. تەرەققىي تاپمىغان ياكى تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەت كىشىلىرى زامانىۋىلىقنى غەربچە بولۇش دەپ چۈشەندى» دەپ يازىدۇ(ئارجۇن ئاپپادۇراي، 1996). پاكىت تەھلىلىدىكى ياۋروپاچە توي كۆڭلىكى كىيگەن، ياغلىق چېگىپ بەزمىخانىلاردا تانسا ئويناۋاتقان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ۋە يېرىم يالىڭاچ سەنئەت كىيىمى كىيگەن سەبىيلەرنىڭ مىسالىدىن ئاپپادۇراي نۇقتىئىنەزەرىنىڭ ئىپادىسىنى ھېس قىلالايمىز.

ئەلۋەتتە، زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكى شەھەرلىشىش داۋامىدا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. بۇ دېگەنلىك زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى سانائەتلىشىش جەريانى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى شەھەرلىشىش جەريانى بىلەنمۇ زىچ باغلانغان دېگەنلىكتۇر. ستېۋېن ۋاگو يۇقىرىقى كىتابىدا شەھەرلىشىش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «شەھەرلىشىش ئاھالىلەرنىڭ يېزىلاردىن شەھەرلەرگە ئېقىشى ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەت، مەمۇرىي، سىياسىي ئورگان، خەۋەر ـ ئالاقە تورىنىڭ شەھەرلەرگە

مەركەزلىشىشى دېگەنلىكتۇر» (ستېۋېن ۋاگو،111: 2004). شەھەرلىشىش كۆپ خىللىق ۋە رەڭگارەڭلىكنى تەقەززا قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئورتاق قىممەت قارىشى تىكلىمەك تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرلەردە پۇل ۋە باشقا كاپىتاللار ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلچىمى بوپقالىدۇ. گېرمانىيەنىڭ ئاتاقلىق جەمئىيەتشۇناسى گېئورگى زىممېل (George Simmel, 1918-1858) ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەت ھەققىدە» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن «شەھەرلەر ۋە مەنىۋى ھايات» ناملىق ماقالىسىدە زامانىۋىلىشىش داۋامىدىكى شەھەر ھاياتىنىڭ ئادەملەرنى ياتلىشىش خەۋپىگە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ ۋە شەھەر ھاياتىنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدىمۇ مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. گېئورگى زىممېلنىڭ قارىشىچە، «چوڭ شەھەرلەردە بىز ھەمىشە دېگۈدەك ئۇچۇرلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىغا ئۇچرايمىز، نېرۋا- ئەسەبلىرىمىز ھەمىشە دېگۈدەك غىدىقلىنىش ھالىتىدە تۇرىدۇ ... ئادەملەرنىڭ خىرىسلىق ئىجتىمائىي ئېلېمېنتلارنىڭ قورشاۋىدا خاسلىقىنى قانداق ساقلاپ قېلىشى زامانىۋى شەھەرلەردىكى ئەڭ چوڭ مەسىلىلەرنىڭ بىرى» (1998:174). ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلىشىش قەدىمى 1978- يىلىدىن كېيىن، بولۇپمۇ 1990- يىللارنىڭ بېشىدا باشلانغان بازار ئىگىلىكى ئىسلاھاتى داۋامىدا تېزلەشتى. ئادەملەر ئۇرۇمچى قاتارلىق شەھەرلەردە ئەنئەنىۋى يېزا تۇرمۇشىنىڭكىدىن كەسكىن پەرقلىنىدىغان ياشاش شەكلىگە، رىتىمى تېز ھاياتقا ۋە يەنە ئۇيغۇر قىممەت قارىشى بىلەن توقۇنۇشىدىغان ئىماگلارغا، سىمۋوللارغا، ئۇچۇرلارغا ۋە خىرىسلارغا دۇچ كەلدى. كۈندە دېگۈدەك ئېلان- ئۇچۇرلار، تەشۋىقات قورشاۋىدا يۈرۈش ئۆزلۈك تۇيغۇسىغا، خاسلىقىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى، مەنىۋىيىتىگە ئارامچىلىق بەرمىدى. ئىجتىمائىي ئالاقىدە پۇل ھەر ۋاقىت ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، خاسلىق ۋە مېھىر- مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى خېلى زور كۆپ قىسىم دائىرىدە ئەمەلىيەتچانلىق ۋە مېھىرسىزلىك ئىگىلىدى. شەھەرلەردىكى خېلى زور كۆپ قىسىم ئۇيغۇرنىڭ ئېڭى ماددىيلىشىپ، پۇل، تاۋارغا چوقۇنۇش خاھىشى ئەدەپ كەتتى. پاكىت تەھلىلىدە تىلغا ئېلىنغان رېستورانغا كەلگەن مېھمانغا چاي قۇيماي تۇرۇپ پۇل يىغىش ئادىتى زامانىۋىلىشىش، شەھەرلىشىش مۇساپىلىرىنىڭ ئاشۇ خىلدىكى ئەكس تۇغۇندىلىرىدىن بىرى. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئاڭنىڭ ماددىيلىشىشى دېگەن ھادىسە ھەققىدە ماركسىزمچى مۇتەپەككۇر، فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ۋەكىلى، ئاۋستىرىيە جەمئىيەتشۇناسى گېئورگى لۇكاس (Georg Lukasc,1975 -1885) ئۆزىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە زور تەسىرگە ئىگە «تارىخ ۋە سىنىپىي ئاڭ» ناملىق ئەسىرىدە كارل ماركسنىڭ بازاردا، پۇل ئوبوروتىدا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ تاۋارلىشىدىغانلىقى ھەققىدىكى نەزەرىيەسى بىلەن ماكس ۋېبېرنىڭ زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ بۆلۈك- پۇچقاقلىرىغىچە ئەقلىيلىشىش ئېلېمېنتلىرىنىڭ تارايدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرىدا مۇئەييەن بىر باغلىنىش بارلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇ ئىككى مۇتەپەككۇرنىڭ ئىدىيەلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشتى ۋە كارل ماركسنىڭ «تاۋارغا چوقۇنۇش» (Fetishism of Commodity, 拜物教) ئۇقۇمىنى يۇغۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ تاۋارغا ئايلىنىش جەريانىنى ماددىيلىشىش (Reification, 物化) دەپ ئاتىدى. گېئورگى لۇكاس ئاڭ ماددىيلاشقان جەمئىيەت ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئەخلاقىي مىزانلار تاشلىۋېتىلىدۇ؛ ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇشچانلىقنىڭ ئورنىغا چۇۋالچاقلىق پەيدا بولىدۇ: پۇلنىڭ، بازارنىڭ كۈچى زورىيىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەقلىيلەشكەن كىشىلەر ھېساب- كىتاب قىلىشقا ئۇستا، شەخسىيەتچى بوپكېتىدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قىممەت ئالماشتۇرۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ماددىغا ئايلىنىدۇ» (گېئورگى لۇكاس، 1968). گېئورگى لۇكاسنىڭ قاراشلىرى ئۇيغۇر شەھەر جەمئىيىتىدە تاۋارغا، ماددىغا مۇناسىۋەتلىك چاكىنىلىقلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن پەيدا بولغانلىقى ۋە قانداق جەمئىيەتلەشكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئىجتىمائىي كونترول، ئاممىۋى مېدىيەلەر ۋە زامانىۋىلىشىش، شەھەرلىشىش مۇساپىسىنىڭ نەتىجىسىدە بىر بۆلۈك ئۇيغۇر ئارىسىدا ئۆزىگە خاس پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر ۋە پوزىتسىيەلەر يېتىلدى. كىشىلەر ئارىسىدا ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى رىشتە ۋە ئۇيۇشۇشچانلىق ئاجىزلىدى. ئۆزلۈكى يىمىرىلگەن، ئەقىدىسىزلىك كرىزىسى، كىملىك كرىزىسى ۋە زىددىيەتلىك كىملىك ئىسكەنجىسىگە پاتقان، ياتلاشقان بىر توپ كىشى پەيدا بولدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىسىدە ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلگەن ھايا قارىشى، ئەخلاقىي ئۆلچەملەر، مۇقەددەس سىمۋوللار دەپسەندە قىلىندى؛ ئۇيغۇرنىڭ قىممەت قارىشى قاشاسىز تامغا ئوخشاپ قالدى؛ ئەڭ يامان بولغىنى، كاززاپلىق ئىمان- ئېتىقادسىزلىق، جاھانسازلىق بازار تېپىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قارىشىنى قوغداشنى بۇرچى دەپ بىلىدىغان كىشىلەر، ھالال ئەقىدىسى بار كىشىلەر چەتكە چىقىپ قالدى. ئاۋام ئارىسىدا ئۇيۇشۇشچانلىق ئاجىزلاپ، ئىدېئولوگىيەلىك بۆلۈنۈش ئېغىرلاشتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنگىچە ھەر خىل بوران- چاپقۇنىدا ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلىيالىشى، مەدەنىيەت گېنىدىكى ئىممۇنىتېت كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە بۇ مىللەتنىڭ پەرقلىق، ئۆزىگە خاس قىممەت قارىشى ۋە ئەقىدە يېتىلدۈرگەنلىكىدىن بولغانىدى. ئەنگلىيەلىك مەشھۇر پەيلاسوپ بېرتراند رۇسسېل (1872- Bertrand Russel,1970): «بەزىلەر ئۆلۈپ كېتىشكە رازىكى، ھەرگىزمۇ پىكىر قىلىشنى خالىمايدۇ» دەپ يازىدۇ. ئەللامە زەمەخشەرىي بولسا: «دۇنيا ئىبرەت بىلەن تولغان، شۇنداقلا ئىبرەت ئالمىغۇچىلارنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەنمۇ تولغان» دەيدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز يوسۇندا چاكىنىلىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇۋاتقان ئاشۇ بىر بۆلۈك كىشى دەل ئەنە شۇنداق پىكىر قىلمايدىغان، نېمە قىلىۋاتقىنىنىمۇ تۇيمايدىغان ھەم تارىخىي ۋە مەۋجۇد ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئالمايدىغان كىشىلەردۇر. ئۇيغۇرنىڭ قىممەت قارىشىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدىغانلار جەمئىيەتلىشىۋاتقان چاكىنىلىقلارغا ئىنكاس قايتۇرۇشى ۋە ئىجتىمائىي بىنورماللىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇۋاتقانلارغا «بەس!» دېيىشى لازىم. بولمىسا، تېز سۈرئەتتە جەمئىيەتلىشىۋاتقان ھەر خىل چاكىنىلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى

تەسەۋۋۇرمۇ قىلغىلى بولمايدۇ ھەمدە ياخشىلارمۇ چاكىنىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرغان بوپقالىدۇ. ماقالىدە «بىز ئۆزلۈكسىز تەرزدە چاكىنىلىشىش خەۋپىگە دۇچ كېلىمىز» دېگەن قاراشنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن.

## تۈگەنچە

*ــ بىز تارىخنىڭ ھەر قانداق ۋاقىتىدىكىدىن بەكرەك چىن ئۆزلۈكىمىزنى ئىزدەش ۋەزىيىتىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز.*

*ــ ئانتونىي گىددېنس: «زامانىۋىلىق ۋە ئۆزلۈك» ناملىق ئەسىرىدىن [٤]*

بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، جۈملىدىن شەھەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئومۇملىشىۋاتقان بىر قىسىم چاكىنىلىقنىڭ ئىپادىلىرى، سەۋەبلىرى، جەريانلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىندى. جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىق ــ بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئەسلىدە ھىمايە قىلىنىدىغان، ئورتاقلىق تۇيغۇسى ۋە مەنسۇبىيەت ئېڭى پەيدا قىلىدىغان قىممەت قاراشلىرى، ئىجتىمائىي مىزانلىرىغا خىلاپ ھالدا ئومۇملاشقان، ئەمما ئەخلاقسىزلىق ھېسابلانمايدىغان ھەم جىنايەت ئۆلچىمىگە توشمايدىغان، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇ ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرى ئارىسىدا ھەيرانلىق ھېس قىلىنمايدىغان ئىجتىمائىي بىنورماللىقتۇر. ئادەتتە جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىق «تاپتىن چىققۇچىلار جەمئىيەتشۇناسلىقى» (Sociology of Deviance, 越轨行为社会学) دائىرىسىدە تەتقىق قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە جەمئىيەتلىشىۋاتقان چاكىنىلىقلار ئۆزىدە يوق كىملىكنى بېزەپ كۆرسىتىش، ماددىيلىق ۋەسۋەسىسىگە باش ئېگىش، كوللېكتىپ ۋىجدانغا ئاسىيلىق قىلىش، مۇقەددەس سىمۋوللىرىمىزغا بىھۆرمەتلىك قىلىش، جاھانسازلىق كويىغا كىرىش شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. چاكىنىلىق جەمئىيەتلەشكەندە، شۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئادەم پۇچەكلىك قورشاۋىدا قالىدۇ؛ ئادىمىلىكى سوئالغا دۇچ كېلىدۇ؛ ئومۇمنىڭ قىممەت قارىشى دەپسەندە قىلىنىدۇ. كىملىك كرىزىسى، ئەقىدە كرىزىسى ۋە زىددىيەتلىك كىملىك ئىسكەنجىسىگە پاتقان بىر توپ پەيدا بولىدۇ. بۇ ھال بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە مىللىي روھ ئۈچۈن پايدىسىز .

جەمئىيەتلىشىۋاتقان چاكىنىلىققا دىياگنوز قويۇشتىكى ئۆلچەم نېمە؟ بىز قانداق چاكىنىلىشىمىز؟ بۇ ھادىسىگە دىياگنوز قويۇشتىكى ئۆلچەم «بىز كىم؟ كىمنىڭ پۇشتى؟ قىممەت قارىشىمىز نېمە؟» دەپ سوئال قويۇشتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، جەمئىيەتلىشىۋاتقان چاكىنىلىق ھەققىدىكى ئويلىنىش كىملىكىمىز ۋە قىممەت قارىشىمىز ھەققىدىكى قايتا ئويلىنىشتۇر؛ كىملىكىمىز ۋە قىممەت قارىشىمىز ھەققىدىكى ئويلىنىش بولسا ئۆزىمىزدىن ۋە ياشاش ئۇسۇلىمىزدىن گۇمانلىنىشنى تولەپ
-
يېڭىمىندا، بورلۇق ـ چىلۇۇنداقدى كۆۋۈپ تۇرغان ئىمارەتكە ئوخشاتساق، قىممەت قارىشى ئاشۇ ئىمارەتنىڭ ئۇلىدۇر؛ كىملىك ئاشۇ ئىمارەتنىڭ قاشاسىدۇر. قاشاسىنى ياخشى قوغدىيالمىغان ئىجتىمائىي توپ ئاشۇ ئىمارەت ئۇلىنىڭ لىغىشىپ قېلىشىغا سەۋەبكار بولغان توپتۇر. بىز ھازىر ئۆزىنى ياخشى دەۋاتقانلار ئۆزلىرىدىن گۇمانلانمىسا، ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلمىسا بولمايدىغان، ئەتراپىمىزدىكى نورمال بىلىنىپ كەتكەن نەرسىلەر ۋە ياشاش شەكىللىرىگە سوئال قويمىساق بولمايدىغان بىر دەۋرگە كىرىۋاتىمىز. چۈنكى بىز چاكىنىلىقنى ئىجتىمائىيلىشىش ئارقىلىق يۇقتۇرىمىز ۋە دوستلا ، سوكۇت قىلىش يولى بىلەن بىرا ـ بىرا جەمئىيەتلەشكەن چاكىنىلىققا كۆنۈپ كېتىمىز؛ ئەمەلىي ئۆزلۈكىمىزدىن يىراقلىشىپ، ئىجتىمائىي بىمارلارغا ئايلىنىش ئېھتىماللىقىغا دۇچ كېلىمىز؛ ئىجتىمائىي ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىمىزمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆلىدۇ. چاكىنىلىق جەمئىيەتلىشىۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى ئادەم ئۆزىگە ئىجتىمائىي ئاغرىق دەپ مۇئامىلە قىلغاندا، ئاندىن ئۆزىدىكى چاكىنىلىشىش يۇقۇندىلىرىنى ھېس قىلالايدۇ. ئۆزىگە سوئال قويۇشنى ئۆگەنگەندە، ئاندىن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىگە نورمال بىلىنىپ كەتكەن ياشاش ئۇسۇللىرىنىڭ گۇمانلىنىش ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. چاكىنىلىق قورشاۋىدا تۇرغان بىر ئادەم ئۆزىگە «مەن كىم؟» دەپ سوئال قويۇشتىن باشقا يەنە ھەققە يېقىنلىشىش ئارقىلىق، ئۆز مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، توختاۋسىز پىكىر قىلىش، ئىزدىنىش ۋە ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلىش ئارقىلىقمۇ ئۆزلۈك ئىزدەش سەپىرىگە ئاتلىنالايدۇ. بۇ، ئىنسان ھاياتىغا مەنە ئاتا قىلالايدىغان ئەھمىيەتلىك روھ سەپىرىدۇر.

## ئىزاھلار

[1] بۇ نەقىل ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۆزۈڭنى تونۇ» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

[2] ئىممەنيۇل كانت (Immanuel Kant) ــ غەرب پەلسەپە تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان گېرمانىيەلىك مەشھۇر پەيلاسوپ. ئۇنىڭ ئەخلاق پەلسەپەسى باشقا كۈچلۈك پەلسەپە سىستېمىلىرىغا ئوخشاشلا غەرب پەلسەپە تارىخىدا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «نوقۇل ئەقىلگە تەنقىد» قاتارلىقلار بار. بۇ نەقىل روبېرت سولومون ۋە كەسلېن خىگىنىس بىرلىشىپ يازغان «پەلسەپەنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىكى كانتقا ئاتاپ يېزىلغان بابتىن ئېلىندى. ئوكسفورد: ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996 ـ يىل، 212 ـ بەت.

[3] ئېمىل دۇركايىم (Emile Durkheim) ــ فرانسىيەلىك مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. بۇ نەقىل ئۇنىڭ «دىنىي ھاياتنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى (نەشر ئۈچۈرى ئۈچۈن نەقىل مەنبەلىرىگە قارالسۇن).

[4] «كىملىك كرىزىسى» ھادىسىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئاپتورنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىل 3 ـ سانىغا بېسىلغان «شەھەرلىشىش ۋە كىملىك كرىزىسى» ناملىق ماقالىسىگە، «زىددىيەتلىك كىملىك» ھادىسىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئاپتورنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىل 6 ـ سانىغا بېسىلغان «مۇجمەل ئادەم ۋە زىددىيەتلىك كىملىك» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن .

[5] بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە «كىملىك» سۆزى «سالاھىيەت» دەپ ئېلىنىپ قالغان. ئەسلىي تېكستتىن بىۋاسىتە نەقىل ئېلىندى ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى بەت نومۇرىمۇ قوشۇپ قويۇلدى. كىتابنىڭ ئىنگلىزچە نەشر ئۇچۇرى ئۈچۈن نەقىل مەنبەلىرىگە قارالسۇن.

[6] بۇ مەسىلىنى ئېلىشىم مېنىڭ ئابدۇكېرىم ئابلىزنى تەنقىد قىلغانلىقىمدىن ياكى چۆكۈرگەنلىكىمدىن، ئىنتوت ژانىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىمدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ ماقالىدە ئۇنىڭ ئىنتوتلىرىدىكى ئايرىم سۆزلەرنىڭ كۈتمىگەن ئاقىۋىتى تەھلىل قىلىندى. ئابدۇكېرىم ئابلىز ئىنتوتلىرىغا باھا بېرىش بۇ ماقالىنىڭ مەقسىتى ئەمەس.

[7] كانتنىڭ بۇ قارىشى 1- ئىزاھاتتىكى كىتابنىڭ 213- بېتىدىن ئېلىندى.

[8] بۇ نەقىل ئەنگلىيەلىك مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ئانتونىي گىددېنس (Anthony Giddens, 1938) نىڭ «زامانىۋىلىق ۋە ئۆزلۈك» ناملىق مەشھۇر كىتابىدىن ئېلىندى. گىددېنس ئىلگىرى كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، لوندون ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ۋە ئەنگلىيە باش ۋەزىرى تونىي بلايرنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان.

## نەقىل مەنبەلىرى

ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ- ئادەتلىرى» . شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996-يىل نەشرى.

ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى2000 -يىل نەشرى.

ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى2006 يىل نەشرى.

مەري دوگلاس: 1966- يىل، «ھالاللىق ۋە خېيىم- خەتەر»

Mary Douglas. 1966. Purity and Danger. London: Routledge and Kegan Paul

ئېمىل دۇركايىم: 1968- يىل، «دىنىي ھاياتنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى»

Emile Durkheim. 1968. The Elementary Forms of Religious Life. London: Allen and Unwin.

سامۇئېل خانتىڭتون: 1997- يىل، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»

Samuel Huntington. 1997. The Clash of Civilizations and the Remaking of World Order. New York: Touchstone.

تالكوت پارسونس: 1951- يىل، «ئىجتىمائىي سىستېمىلار»

Talcott Parsons. 1951. Social Systems. London: Routledge and Kegan Paul.

روبېرت مېرتون: 1957- يىل، «جەمئىيەت نەزەرىيەسى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلما»

Robert Merton. 1957. Social Theory and Social structure. New York: Free Press.

ستەنلېي كوخېن: 1973- يىل، «ئاۋام ئارىسىدىكى مەلئۇنلار ۋە ئەخلاق ساراسىمىلىرى»

Stanley Cohen. 1973. Folk Devils and Moral Panics. Oxford: Blackwell Publishing.

ئېدۋارد شىلس: 1975- يىل، «مەركەز ۋە گىرۋەك»

Edward Shils. 1975. Center Periphery. Chicago: University of Chicago Press.

ژان بودرىليارد: 1988- يىل، «تاللانغان ئەسەرلەر»

Jean Baudrillard. 1988. Selected Writings. Cambridge: Polity Press.

يۈرگېن خابېرماس: 1989-يىل، «ئاممىۋى مۇنبەرلەردىكى قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش»

The Structural Transformation of the Public Sphere. Cambridge: Polity.

ماكس خوكخېيمېر ۋە تېئودور ئادورنو: 1973- يىل، «ئاقارتىش دىئالېكتىكىسى»

Max Horkheimer and Theodor Adorno. 1973. Dialectic of En_lightenment. London: Allen Lane.

ئالبېرت باندۇرا: 1977- يىل، «جەمئىيەتتىن ئۆگىنىش نەزەرىيەسى»

Albert Bandura .1977. Social Learning Theory. Prentice Hall.

گابرىئېل تاردې: 2009- يىل، «دوراش قانۇنىيىتى»

Gabriel Tarde. 2009. Laws of Imitation. BiblioBazaar.

كارل ماركس: 1972- يىل، «ماركس- ئېنگېلس ئوقۇشلۇقى» (روبېر، تاركېر تۈزگەن)

The Marx_Engels Reader. 1972. Robert Tucker eds. New York: Norton.

ئانتونىئو گرەمشى: 1992- يىل، «تۈرمە خاتىرىلىرى»

Antonio Gramsci. 1992. Selections from the Prison Notebooks. London: New left Books.

ئارجۇن ئاپپادۇراي: 1996- يىل، «زامانىۋىلىقنىڭ تەسىرى»

Arjun Appadurai. 1996. Modernity at Large: Cultural Dimen_sions of Globalization. Minneapolis: University of Minnesota Press.

ستېۋېن ۋاگو: 2004- يىل، «ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش»

Steven Vago. Social Change(4th Edition). Prentice Hall.

گېئورگى زىممېل: 1997- يىل، «مەدەنىيەت ھەققىدە»


George Simmel. 1997. Simmel On Culture: Selected Writings. London: Sage.

گېئورگى لۇكاس: 1972- يىل، «تارىخ ۋە سىنىپىي ئاڭ»

George Lucacs. 1972. History and Class Consciousness. The MIT Press.

---

ئاپتور: ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى




www.uyghurkitap.com

# كىتاب خالتىسى بوپقالماڭ

ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان

كىتاب ئىنسانلار ئەقىل - پاراسەت خەزىنىسىنىڭ خىسلەتلىك ئاچقۇچى. ئۇلۇغ رەھبەر جۇئېنلەي «مەن جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيمەن» دېگەندى تولىمۇ مەنىلىك قىلىپ. دېمەك، كىتاب مىللەت - دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان ئەڭگۈشتەر، تەرەققىياتنىڭ شوتىسىدۇر.

بىراق ھەممىلا كىتابتا ئۇنداق خاسىيەت بولۇشى ناتايىن. ئەمدى سۆزلەيدىغىنىمىز ئاممىباب كىتابلار توغرىسىدىكى پاراڭلار.

كىتابنى تاللاپ ئوقۇش كېرەك. ناۋادا سىز تېخى تۇرمۇش قاينىمىغا ئەمدىلا شۇڭغىغان ياش بولسىڭىز، ئېھتىمال تۇرمۇش ھەم قىزغىن مۇھەببەت ۋەقەلىكلىرى تەسۋىرلەنگەن، ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان كىتابلارغا ئامراق بولۇشىڭىز مۇمكىن. مۇبادا بىر ئىستۇدېنت بولسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىققا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى ياقتۇرۇپ كۆرۈشىڭىز ئېنىق.

ئەمدى مېنىڭ سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭ. تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى بىلەن تولغان ھېكايە - رومانلار ئاساسەن توقۇلما ۋەقەلىك بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئەدەبىي دىتى بىلەن تۇرمۇش بىرلەشتۈرۈلۈپ بەدىئىي يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن، كىشى قەلبىنى لال قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى ھېچكىم ئۆز تۇرمۇشىغا تامامەن تەتبىقلىيالمايدۇ، كىتاب ۋەقەلىكلىرىدىكى بۇنداق ئىش تۇرمۇشتىمۇ ھەم كۆرۈلمەيدۇ ياكى بىر ئۆزگەرمەس پىرىنسىپمۇ بولمايدۇ. ئۇ پەقەت سىزگە تۇرمۇشنىڭ قانداقلىقىنى بىرەسمىي ئېيتىپ بېرىدۇ، خالاس.

مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئەسەرلىرى ھاياتىڭىزغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېكىن سىز بۇ خىل ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقىغانسېرى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىسىز. نىشانىڭىزغا يېتىش يوللىرىنىڭ كۆپلۈكى سىزنى قايسىسىنى تاللاش كېرەكلىكىنى بىلەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ھەتتا بەزى كىتابلاردىكى بىر قىسىم قاراش توغرا بولسا، يەنە بىر كىتابتا شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا ئىنكار قىلىنىدۇ. قىسقىسى، بۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەرنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى بولۇپ، باشقا كىشىلەرگە تامامەن ماس كەلمەيدۇ. بۇ كىشىلەرمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش جەريانىدا بۇنداق كىتابلارغا تايانمىغان، بەلكى قول سېلىپ ئىشلەشكە تايانغان. دۇنيادا شۇنداق بىر ھەقىقەت باركى، ئۇ بولسىمۇ، مۇتلەقلەشتۈرۈشكە بولىدىغان ھېچقانداق ھەقىقەت يوق. دېمەك، سىز ھەقىقەت دەپ بىلگەن نەرسىنى باشقىلار ھەقىقەت دەپ قارىشى ناتايىن. ئادەم دۇنيادىكى ئەڭ ئېنىقسىز ئامىل، ئوي - پىكرى، ئىش - ھەرىكىتى ھەر ۋاقىت توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قارىشى پەقەت شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە قانۇنىيەت بولۇپ، مۇتلەق ھەقىقەت دەپ بىلىشكە، تەققاسلاشقا بولمايدۇ. شۇڭا سىزدە مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىققا ئائىت كىتابتىن پەقەت بىر - ئىككى پارچىسىلا بولسۇن.

دېمەك، ئەڭ مۇھىمى، ئۆزىڭىز تاللىغان يول— ئۆزىڭىزگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت. ناۋادا سىز قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ ئۆزىڭىزگە ئىشەنسىڭىز، ئۇنداقتا ئويلىغانلىرىڭىزنى چوقۇم قىلالايسىز، يەنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۆزىڭىزگە خاس ئالتۇن ئاچقۇچىنى تاپالايسىز. «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن

«ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جوۋالدۇرۇز»

ئىزدەش» دېگەن قانۇنىيەت بويىچە ئېيتقاندا، ئۆزىڭىزگە تەۋە ھەرقانداق ھەقىقەتنى ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىقلا تاپىسىز. بۇنداق ھەقىقەت، ئېنىقكى، سىز باش چۆكۈرۈپ ئوقۇۋاتقان كىتابلاردا يوق. ھەركىم ئۆز يولىنى ئۆزى ماڭىدۇ.

يېغىنچاقلىغاندا، سىز كىتابنى ئۆز ئىرادىڭىزنى چېنىقتۇرۇپ، ئەقلىڭىز پىشىپ يېتىلگىچە بولغان ئارىلىقتا «غىدىبىگە قاراپ ماڭغان يول تىرىشچانلىقتىن تاماملىنىدىكەن» دېگەن تۇيغۇغا كېلىش ئۈچۈن ئوقۇڭ. ناۋادا مەلۇم بىر ئىشقا بەل باغلىغان بولسىڭىز ئەمەلىي قول سېلىپ ئىشلەڭكى، كىتاب خالتىسى بولۇپ باش چۆكۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىق ياكى تۇرمۇش توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ سىزنى ھاياجانغا سېلىپ، ئەمەلىي ئىشلەش ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلىپ قويىدۇ.

ئەتراپىڭىزغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالىدىغان بولسىڭىز، كىتاب ئوقۇش ۋاقتى ئەمەلىيەتكە بېغىشلانغان ۋاقتتىن زىيادە كۆپ كىشىلەرنىڭ بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى بايقايسىز. ئۇلار ھەمىشە كىتابتىكى غايىۋى خىياللار قاينىمىدىن چىقىشقا بوشاڭلىق قىلىدۇ. ئەكسىچە، بوشاشماي قول سېلىپ ئەمەلىي ئىشلەيدىغان، جەمئىيەتنى كۆزىتىشكە ماھىر، تۇرلۇك ۋاستىگە قادىر كىشىلەر ھامان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئۇلار كۆپىنچە ھالدا مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئامال - چارىلىرىنى كىتابتىن ئەمەس، ئەمەلىيەتكە قاراپ ئىش قىلىشتىن تاپىدۇ.

ئاخىرقى تەكلىپىم شۇكى، مۇۋاپىق تاللىماي، قارا - قويۇق كىتاب كۆرۈشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. ئۇسىزنى پەقەت كىتابنىلا تونۇيدىغان، ئەمەلىيەتكە سەل قارايدىغان يامان خاراكتېرلىك ئايلىنىش قاينىمىدا پىرقىرىتىپ يۈرمىسۇن.

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە توك ئىدارىسى 110 كىلوۋولتلىق ترانسفورموتور پونكىتىنىڭ خادىمى

## «مەڭگۈلۈك ھەمراھ — ئەقىل - پاراسەت» دىن جەۋھەرلەر

▲خۇشھال بولغاندا ئۆزۈڭنى بىلمەي قالما، ئازابلانغاندا ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويما، تىرىشچانلىق، ئېھتىياتچانلىقنى باشتىن - ئاخىر ساقلا.

▲ئەجەل يەتكۈچە ياشاش نىيىتىڭ بولغانىكەن، رېئاللىققا يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولىسەن؛ رېئاللىق ئىچىگە قەدەم باسقانىكەنسەن، ئۆز روھىيىتىڭگە ماس كېلىدىغان ياشاش ئۇسۇلىنى تېپىشقا مەجبۇر بولىسەن.

▲دۇنيادا ئەڭ ئازابلىق ئىش كۆڭۈلدىكى گەپنى دېيەلمەسلىك ئەمەس، بەلكى دېگەن گەپنىڭ كۆڭۈلدىكى گەپ بولماسلىقىدۇر.

▲ئاشۇ ئەڭ ئۇتلۇق، ئەڭ گۈزەل مۇھەببەت مەكتۇپى يازغانلارنىڭ بىزنى سۆيىدىغان ئادەم بولۇشى ناتايىن؛ بىز بىلەن يەپ - ئىچىپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەقىقىي دوست بولۇشى ناتايىن؛ ئاغزىدىن ئىنساب، ئەدەپ - ئەخلاق، توغرىلىق چۈشمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي پەزىلەت ئىگىسى بولۇشى ناتايىن.

▲سىز ئېزىش ۋە چەكلىمىلەرگە قارىتا قەتئىي، قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق قىلىشىڭىز كېرەك. بارلىق چەكلىمە ئالدىدا مەردانە بولۇڭ، ئەنە شۇ چاغدىلا ھەقىقىي باتۇر، كىشىلىك ھاياتنىڭ ھۆكۈمرانى بولالايسىز.

▲دوست - ئاغىنە تاللاشتا مېنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقمايدىغان ئادەملەرنى تاللاشقا رازىمەنكى، مەندىن قورقىدىغان ئادەملەرنى تاللاشنى خالىمايمەن.

▲ئەتراپىمىزدىكىلەردىن ئۆزىمىزنىڭ مىجەزىگە بېقىشنى تەلەپ قىلىش ئەخمىقانىلىك.

▲ئەگەر ئادەملەر بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشسا، ئەڭ كىچىك بەدەل بىلەن ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

▲ئادەتتە بىز ئۆزىمىزنىڭ خاتالىقىنى باشقىلارنىڭ خاتالىقىدەك ئېغىر كۆرمەيمىز.

▲سەن ھەر قانچە كاتتا ئادەم بوپكەتسەڭمۇ، باشقىلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى چەتكە قاقماسلىقىڭ كېرەك.

▲سەن دوست - بۇرادەرلىرىڭگە قانداقتۇر بىر مەشھۇر كىشى (شەخس)نى تونۇيدىغانلىقىڭنى سۆزلەپ بېرىشكە ئالدىراپ كېتىسەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئەرزىمەس ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲روھىي تۇسالغۇ پەيدا قىلىدىغان، ئادەمنىڭ بەختىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان نەرسە بەزىدە ماددىي جەھەتتىكى يېتىشەلمەسلىك ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى. ئەگەر ئۆزۈڭنى پۇشايمان قىلىدىغان، ئەپسۇسلىنىدىغان كونا ئىشلارنىڭ ئىلكىگە تاشلاپ بەرسەڭ، ئازاب مۇقەررەر ھالدا پۈتكۈل يۈرىكىڭنى ئىگىلىۋالىدۇ.

▲كىشىلىك ھايات سەپىرىدە ئەڭ ئۇسال ئەھۋال نامراتلىق، تەتۈر پېشانىلىك ئەمەس، بەلكى بىر ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى بىر خىل خامۇشلۇق ئىلكىدە قېلىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى ھېس قىلالماسلىقىدۇر.

▲ئۆتكەن ئىشلار — ھېسسىياتقا بەك بېرىلىپ كېتىدىغان ئادەملەرنىڭ روھىدىكى «ئەپيۇن»

▲بىز كىشىلىك ھاياتنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز بولساقمۇ، لېكىن كىشىلىك ھايات قارىشىنى ئۆزگەرتىش قولىمىزدىن كېلىدۇ؛ بىز مۇھىتنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز بولساقمۇ، روھىي ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتىش قولىمىزدىن كېلىدۇ.

▲پىكىر ئالماشتۇرۇش بىلەيگە ئوخشايدۇ، ئوي - پىكىر بولسا تىغقا. ئىككىسى ئۇچراشسا، ئوي - پىكىر تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىدۇ، روھىي غېرىبلىق ھېس قىلمايدۇ.

▲بارلىق جانلىق مەۋجۇدات ئۈچۈن ئېيتقاندا ئاچلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تەنھالىق چىداش ئەڭ تەس بولغان نەرسە.

---

ئېلبىرت خۇببارتنىڭ «مەڭگۈلۈك ھەمراھ — ئەقىل پاراسەت» ناملىق كىتابىدىن تاللاپ تەۋسىيە قىلغۇچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىكى، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتى توختى قۇربان

www.uyghurkitap.com

## ھايات ھېكمەتلىرى

▲تارىخ ئوقۇش ئادەمنى ئاقىلانە قىلىدۇ، شېئىر ئوقۇش زېرەك قىلىدۇ، ماتېماتىكا ئۆگىنىش پۇختا قىلىدۇ، پەلسەپە يۈزە قاراشتىن خالىي قىلىدۇ، ئېتىكا ئەدەپلىك قىلىدۇ، لوگىكا مۇنازىرىگە ئۇستا قىلىدۇ. ئومۇمەن، بىلىم ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىدۇ.

▲ئادەمنىڭ پىكرى نىيىتىگە، سۆزى بىلىمىگە باغلىق، ئەمما ھەرىكىتى كۆپىنچە ئادىتىگە باغلىق بولىدۇ.

▲دوستلۇقنىڭ مۇنداق بىر ئالاھىدە رولى بار: خۇشاللىقىڭىزنى دوستىڭىزغا ئېيتسىڭىز قوش خۇشاللىققا ئېرىشىسىز، دەرد ـ ئەلەملىرىڭىزنى دوستىڭىزغا تۆكسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز يېرىم غەمدىن خالاس بولىسىز.

▲بەدەندىكى دەردكە دورا بار، لېكىن كۆڭۈلدىكى دەردكە دوستتىن باشقا داۋا يوق.

ــ فرانس بېكون

▲قولىمىزدىكى بايلىق ئەركىنلىكىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان قورال، ئېرىشمەكچى بولغان بايلىقلىرىمىز بولسا بىزنى قۇلغا ئايلاندۇرۇشنىڭ بىر خىل قورالى.

ــ رۇسسو

▲ساياھەت قىلىش ــ ئۆزى ياشاپ زېرىككەن جايدىن باشقىلار ياشاپ زېرىككەن جايغا بېرىشتۇر.

ــ تورداشلار پارچىسى

▲بىر ئايال بالىسى بولغانلىقى بىلەن ئۆمرىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر كەشپىياتنى تاماملايدۇ.

▲بالىلارنىڭ ئويۇنىدىن ئۇلارنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ــ ئالفىر ئادلېر

---

تەۋسىيە قىلغۇچى: يەكەن ناھىيە كونىشەھەر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى نۇرگۇل ھېيت

## باغچا يولى قوزغىغان ئىلھام

### تۇرسۇن تۇردى

ئامېرىكىدىكى دۇنياغا مەشھۇر دىيسنىي باغچىسىنىڭ مەسئۇللىرى باغچا يوللىرىنى لايىھەلەشنى باغچىغا كىرگەن تاماشىبىنلارنىڭ «لايىھەلىشى»گە قالدۇرغانىكەن. نەتىجىدە باغچا ئېچىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن باغچا ئىچىدە كىشىلەر قالدۇرغان نۇرغۇن چىغىر يول ھاسىل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باغچا مەسئۇللىرى ئاشۇ چىغىر يوللارنى بويلاپ باغچا يولىنى ياساپتۇ. بۇنىڭدىن، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئاشۇ بىر باغچا يولىنى لايىھەلەشتىمۇ پۇقرالارنىڭ ئەركىن تاللىشىغا ھۆرمەت قىلغانلىقىدەك خەلقچىللىقىدىن تەسىرلەنمەي تۇرالمايمىز. بۇ يەردە ھەيران قالارلىق ئىش شۇكى، باغچىغا كىرگەن خىلمۇ خىل ئىرق ۋە ئېتىقادقا بۆلۈنگەن ئامېرىكا پۇقرالىرى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ جاي ـ جايىدىن كەلگەن ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ۋە قىممەت قارىشىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ باغچىغا قالدۇرغان ئىزلىرى نىشانى ئېنىق ھەم كىشىگە بىر خىل ئازادىلىك تۇيغۇسى بېرىدىغان، يەنە تېخى باغچىنىڭ چىملىقلىرىغا خويما ياراشقان يىلانباغرى تەبىئىي يوللار بولغانىكى، ھەرگىز پادا ـ كالا پېتىقدىغاندەك باش ـ ئاخىرى يوق گادىرماچ يوللار بوپقالمىغان. بۇ يەردە مېنى ئەڭ سۆيۈندۈرگىنى، باغچا مەسئۇللىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ يول يۈرۈشتىكى ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلغانلىقىلا بوپقالماي، يەنە تېخى تارىختىن بېرى پۈرچىقى پىششىماي كېلىۋاتقان ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ يول يۈرۈشتە ئورتاقلىقتا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغانلىقى بولدى.

ئەمدى، ئۆزىمىزنىڭ باغچىلىرى ۋە ئەتراپىمىزدىكى چىملىقلىرىمىزغا قارايدىغان بولساق، بۇ يەردىكى يوللارنى پۈتۈنلەي ئىنژېنېرلار لايىھەلەيدۇ. بۇ يوللار ئاساسەن تۈز ۋە بەزىسى يىلانباغرى بولسىمۇ، ئەمما مەيلى تۆت چاسا سېمونت خىش ياتقۇزۇلغان يوللاردا ياكى چىملىقلارغا تىزىپ قويۇلغان موگو (ئېشەكمەدىكى) لاردەك كۆرۈنىدىغان رەڭلىك سېمونت تاشلارنىڭ ئۈستىدە ماڭسىڭىز، قەدىمىڭىزنى ئۆلچەمگە چۈشۈرەلمەي ئالچاڭلاپ قالىسىز. شۇڭا ئۇ يوللارنىڭ يېنىدا كىشىلەر ئۆز ئىختىيارىيلىقى بويىچە سالغان يىلانباغرى چىغىر يوللار ياندىشىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئاشۇ تۈز ھەم پاكىز يوللاردا ماڭماي، چىملىقنى دەسسەپ ئۆز ئالدىغا يول سېلىۋالىدۇ؟! ئۇلار قەستەن قېرىشىپ شۇنداق قىلىۋاتامدۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ؟ دىيسنىي باغچىسىدىكى يوللار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئىنسانلار يول يۈرۈش مەسلىسىدە قانداقتۇر لايىھەلىگۈچى ياكى يولباشچىغا ھاجەت ئەمەسكەن. گەرچە ئۇلارنىڭ ئىرقى، مىللىتى، مەدەنىيىتى، قىممەت قارىشى ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما يول سېلىشتىن ئىبارەت بۇ تۇغما ئىقتىدارى ئوخشاش قانۇنىيەتكە ئىگە ئىكەن ھەم بۇنىڭغا يۇقىرى تەلەپ قويۇشمۇ كەتمەيدىكەن. ئۇنداق بولمىغاندا مەيلى ئامېرىكىنىڭ دىيسنىي باغچىسى ياكى بىزنىڭ چىملىقلىرىمىز بولسۇن، ھەممىسى پادا ـ كالا مەيدانىغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. دېمەك، بۇ يەردە ئادەمنى بەكمۇ سۆيۈندۈرىدىغان بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ يول يۈرۈشتىكى ئورتاقلىقى! بەلكىم، كۆنلەرنىڭ بىرىدە خۇددى چۆجە خورازلاردەك بىر ـ بىرىنىڭ تۇمشۇقىنى قان قىلىشىپ بېسقماي كېلىۋاتقان ئىنسانلار يول يۈرۈشتىكى ئاشۇ ئورتاقلىقىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئىدىيە ۋە باشقا جەھەتلەردىمۇ توقۇنۇشۇپ قالمايدىغان يوللارنى بەرپا قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

---

ئاپتور: مايتاغ 6 ـ رايون ئاھالىلەر كومىتېتىدا پۇقرا



# «سالماقچىلار چايخانىسى» دىكى پاراڭلار

**هەق گەپ ـ نەق گەپ**

## رەهبەرلەر «خاپا بولۇپ»مۇ سۆزلەمدىغاندۇ؟

پارتىيە ۋە دۆلەت رەهبەرلىرىنى ئەزەلدىن هۆرمەتلەيمەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈپ تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلغانلىقىغا ئائىت خەۋەرلەرگە بەك قىزىقىمەن.

ئۇزاق كۆزىتىش جەريانىدا مۇنداق بىر ئىشنى بايقىدىم: رەهبەرلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلغانلىقى، ئامما دەرقەمتە بولغانلىقى هەققىدىكى خەۋەرلەرنىڭ هەممىسىدە «خۇشاللىق بىلەن مۇنداق دېدى »، ياكى «ناهايىتى هاياجان بىلەن ئۇنداق دېدى» دېيىلىدىكەنۇ، ئەمما هېچقاچان «خاپا بولۇپ ئۇنداق دېدى»، ياكى «غەشلىك بىلەن مۇنداق دېدى» دېيىلمەيدىكەن. رەهبەرلەرنىڭ ئوي ـ خىيالى ئاممىدا بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئوقىتىنى ئويلايدۇ، تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلارنىڭ هەر يىلى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىدىغان ۋاقتى بىر ـ ئىككى ئايدىن كەم بولمايدۇ. بارغان شەهەر ـ ناهىيەلەرمۇ نەچچە ئونغا يېتىدۇ. خوش، ئۇنداق بولسا، رەهبەرلەر بارغانلىكى يېرىدە كۆڭۈللۈك ئىشلارغا ئۇچراپلا تۇرامدىغاندۇ؟

يېقىرىنىڭ مەنسىپى چوڭمۇ ئەمەس، ئەمما ئاساسىي قاتلاملارغا جىق بارىمەن؛ مەن بارغان ـ تۇرغان جايلاردىكى ئىشلار كۆڭلۈمنى غەش قىلىدۇ. 2009 ـ يىلى يېقىنغا كېتىۋاتقاچ ۋۇتەي تېغى باغرىدىكى مەلۇم ناهىيەدىن ئۆتۈپ قالدىم. بۇ يەردە ئالتۇن كان، تۆمۈر كان، كۆمۈر كان دېگەنلەر كۆپ ئېچىلغاچقا، تىنما كاتاك بوپكېتىپتۇ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەردىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ، دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ كۆپى قۇرۇپ كېتىپتۇ، قۇرۇپ كەتمىگەنلىرىنى لاي ـ لاتقا بېسىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ يول بويى كۆڭلۈم غەش بولدى. يېقىندا شىمالىي جياڭسۇغا بارغانىدىم، ئۇ يەردە دېهقانلارنىڭ يەرلىرىنى باشقىلار ئىگىلىۋالغاچقا كېلىپ چىققان ئاممىۋى ماجرادا بىر يىگىتنىڭ قازا قىلغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن نەچچە يۈز ئادەم كوچىلاردا جىلەكلەرنى كۆتىرىپ نامايىش قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم غەش بولدى. جاغاندا ئۆيلىرىگە قايتماقچى بولغان لەكمەك ـ لەكمەك يولۇچىنىڭ بېلەت ئالالماي قاقشاۋاتقانلىقى، كۆرمەك شەهەرلىكنىڭ بالىلىرىنى يەسلىگە ئالدۇرالماي ۋە داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ زىيادە ئېغىرلىقىغا چىداپ بولالماي ۋايساۋاتقانلىقى ... ئىشقىلىپ مۇشۇنداق ئاۋارىچىلىكلەرنىڭ تولىلىقى كۆڭلۈمنى غەش قىلىدۇ. قارىغاندا، ئاۋام ـ پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ئىشلار خۇشال قىلىدىغان ئىشلاردىن جىق ئوخشايدۇ.

بۇ هەرگىزمۇ رەهبەرلەر بۇنداق ئىشلارنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدۇ، پەسەنتىگە ئېلىپمۇ قويمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. مۇهىمى، رەهبەرلەر بارغان جايلاردا بۇنداق ئىشلارنى كۆرمەي، ئاڭلىماي قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. چۈنكى هازىر رەهبەرلەرنىڭ تەكشۈرۈشكە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان يەرلىك مەنسەپدارلار رەهبەرلەرنىڭ ماڭىدىغان يولىنى، قەيەرگە بېرىشقا بولىدىغانلىقىنى، قەيەرگە بېرىشقا بولمايدىغانلىقىنى، نەنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، نەنى يوشۇرۇش لازىملىقىنى ئالدىنئالا يېپىدىن يىڭنىسىغىچە پىلانلاپ «خوجا كۆردى» قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئىشقىلىپ ياخشىسىنى كۆرسىتىپ كېكەرتىۋېتىدۇ؛ ناچار تەرەپلەرنى ئىزدەپ ـ سوراپمۇ كۆرەلمەيسەن. دوكلات ئاڭلاشقا كەلسەك، ياخشىسىنىلا تاللاپ سۆزلىگەندىن تاشقىرى، يەنە ئاساسىي قاتلامدىكى گەپدان ـ زۇۋانداراز كادىر ۋە ئاممىدىن بىر نەچچىنى تاللاپ سۆزلىتىدۇ، هەتتا رەهبەرلەرگە مەخسۇس بېيىغان «يېڭى توم، گېپى ئوك» ئائىلىلەرنى تاللاپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاتقۇزىدۇ. بۇنداق «ئامما» «خۇشاللىق بىلەن» سۆزلىگەندە رەهبەرلەر «خۇشال» بولماي قالامتى؟! بىراق ئۇنداق يەرلەردە ئازراقمۇ مەسىلە يوقمىدۇ؟ ئاممىۋى ماجرا، مەنسەپدارلار بىلەن توقۇنۇش بولۇپ باقمىغانمىدۇ؟ هېچقانداق مەنسەپدار خىيانەتچىلىك قىلمىغان، چىرىكلەشمىگەنمىدۇ؟ ئەمەل ـ مەنسەپ ئۈچۈن يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ پۇل ـ هوقۇق سودىسى قىلغانلار ئەسلا يوقمىدۇ؟ ساختىپەز ـ شەكلۋازلار ئەزەلدىن يوقمىدۇ؟ مۇهىتنى بۇلغاپ، ئېكولوگىيەنى بۇزىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈپ باقمىغانمىدۇ؟ مائارىپ ۋە سەهىيە ساهەسىدە كەلسە ـ كەلمەس هەق ئالىدىغان ئىشلار يوقمىدۇ؟ مۇهىمى، ئۇنداق ئىشلار رەهبەرلەر ئالدىدا هەرگىز تىلغا

www.uyghurkitap.com

ئېلىنمايدۇ، بۇنداق «سەلبىي ئۇچۇر»لار ئەينەن تىلغا ئېلىنسا رەھبەرلەر چوقۇم «كەسكىنلىك بىلەن»، «ئاچچىقلىنىپ تۇرۇپ» جاۋاب قايتۇرغان بولارئىدى.

ھازىرقى رەھبەرلەر «خاپا بولۇپ»مۇ سۆزلەمدىغاندۇ؟ بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىمىز يوق دېيەرلىك. ئېيتىلىشچە، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى رەئىس ماۋزېدۇڭ تەكشۈرۈشكە بارغانلىكى يېرىدە ئاممىنىڭ قورشاۋىدا قالارمىشكەن. كىشىلەر ئۇنى قارشى ئالىمىز، كۆتۈۋالىمىز دەپ پايپېتەك بولۇشۇپ تۇرسا ئۇ بۇنىڭدىن كۆپ قېتىم خاپا بولۇپ كەتكەنىكەندۇق. شۇڭا ماۋزېدۇڭغا مەخسۇس پويىز ئاجرىتىلىپ، پويىز نەدە توختىسا شۇ يەرنى تەكشۈرىدىكەن. ئېتىز ـ قىرلارنى، زاۋۇت ـ مەكتەپلەرنى كۆرۈپ بولۇپ، ئۇدۇل پويىزغا چىقىپ شۇ يەردە تاماق يەپ، شۇ يەردە يېتىپ ـ قوپىدىكەن. رەئىس ليۇ شاۋچى 1961 ـ يىلى خۇنەن يېزىلىرىنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ناھايىتى خاپا بوپكەتكەنمىش. ليۇ شياۋچى خۇنەننىڭ لاۋجيانىڭ يېزىسىغا بارغاندا يول ياقىسىدىكى بىر چوشقا فېرمىسىغا «بېقىۋاتقان چوشقىمىز ئون مىڭ تۇياققا يېتىدۇ»دەپ يېزىلغانلىقنى كۆرۈپ، پىكاپتىن چۈشۈپلا ئۇدۇل ئاشۇ فېرمىغا كەپتۇ. ليۇ شياۋچى پۈتكۈل فېرمىدا پەقەت ئىككى تۇياقلا چوشقىنى كۆرۈپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ: «ھۇ ئۆلگۈرلەر، تەكشۈرۈش مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ، ھەممىمىز قوتاندا قونىمىز؛ ھېچكىم كەتمىسۇن!» رەھبەرلەرنىڭ «خاپا» بولغانلىقىغا ئائىت يەنەمۇنداق بىر پاكىت بار: (2008 ـ يىلى ماي ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا) سىچۇەن ـ ۋېنچۈەندە ئېغىر يەرتەۋرىگەندە ھەربىي قىسىم ئايەتتىن قوتقۇزۇشقا دېگەندەك ماسلىشالماي قاپتۇ. بۇنىڭدىن خاپا بولغان زۇڭلى ۋېن جياباۋ ئۆكۈپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ: «ئېسىڭلاردا بولسۇن، سىلەرنى بېقىۋاتقىنى خەلق، قالغىنىنى ئۆزۈڭلار بىلىڭلار!» قارىغاندا، تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشقا چۈشكەن، بىرەر خىزمەتكە پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشكەن رەھبەرلەرنىڭ «خاپا بوپقالىدىغان» چاغلىرىمۇ بولىدىكەن.

بىراق مەرھۇم رەھبەرلەرنىڭ «خاپا بولغان»لىقى توغرىسىدا شۇ چاغدا ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن بولغاچقا، ئۇنى پەقەت ئەينى يىللاردا شۇلارنىڭ يېنىدا ئىشلىگەن خادىملارنىڭ كېيىنكى يىللاردا يازغان ئەسلىمىلىرىدىن ئۇققاندۇق. ۋېن جياباۋ زۇڭلىنىڭ «خاپا بولغان»لىقىمۇ ئەينى چاغدىكى جاھاننى زىلزىلىگە سالغان ئالاھىدە شارائىتتىلا ئاندىن ئاشكارا خەۋەر قىلىندى. ناۋادا ئادەتتىكى ۋاقىت بولغان بولسا، بۇ گەپ ئەسلا تىلغا ئېلىنماس بولغىدى.

بۇنىڭدىن مۇنداق بىر نېگىزلىك مەسىلىنى بايقاش مۇمكىن: رەھبەرلەر ئەلنىڭ رايىغا، ئىلمىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە مۇخالىپ ئىشلارنى كۆرگەندە ئاچچىقلانغان بولسىمۇ، ئەمما تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئۇنىڭغا ئېرەن قىلمايۋاتىدۇ، ھەتتا تەشۋىقات ۋاستىلىرى رەھبەرلەرنىڭ ئاچچىقلانغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى بويىچە تاراشلاپ چىقىرىۋېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ ئېغىزىدا «ئادەمنى خۇشھال قىلىدىغان ئىشلار» ۋە «خۇشھاللىق بىلەن» دېگەن گەپلەرلا ئېشىپ قېلىۋاتىدۇ. ھەيھات! ئۇنداقلارنى لى جۇڭتيەننىڭ قايسىبىر ھېكايىسىدىكى «خۇشھاللىق ئىلمىي جەمئىيىتى»نىڭ ئەزالىرىدىنمىكىن دېگۈم كېلىدۇ.

مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئوقۇرمەنلەر بىلەن كۆرۈرمەنلەر نېمىدەپ قالار؟ ئۇلار «رەھبەرلەر ئاساسىي قاتلاملارغا چۆكۈشنى بىلمەيدىكەن؛ جەمئىيەتنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى بىلمەيدىكەن؛ ئاممىدىن يىراقلاپ كېتىۋېتىپتۇ؛ ئاۋام ـ پۇقرالار چېغىدا كۆرەلىگەن نەرسىلەرنى ھېس قىلالمايدىكەن؛ ئۇلار ئەرشئەلادىكى باغنى ئىرەمدە شادىمان ياشايدىغان ئىلاھلارغىلا ئوخشاپ قالغاچقا، جاھاندا بەختسىزلىكنىڭمۇ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتۇ» دەپ قالماسمۇ؟!

ئوبدانراق ئويلىنىپ باقساڭلارلا مەلۇم بولىدۇكى، رەھبەرلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلغانلىقىغا ئائىت خەۋەرلەردە سابىلا «خۇشھاللىق بىلەن مۇنداق دېدى» دېيىلسىمۇ، ئەمما شۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىنىڭ رەھبەرلەر ۋە پۇقرالارنى بىردەك «خۇشھال» قىلالىشى ناتايىن. ناۋادا رەھبەرلەرنى «خۇشھال قىلغان» تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىكى ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئاۋامنى «زەردە بىلەن ئويلاندۇرىدىغان» ئىشلاردىن بوپقالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە گېزىتلەرنىڭ جار سالغىنى ئەمەلىيەتتە مۇخالىپ مۇقاملاردىن بوپقالمامدۇ؟!

---

جياڭ شىنياڭ قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون ئەسلىي «تەقدىرداشلار» ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىل 4 ـ سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلى 2010 ـ يىل ماي (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **مۇھەممەت ھۇسەن** تەرجىمىسى. تىلماچ: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسىپ ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتىدا زىرائەت ئېكولوگىيەسى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانت.

## زىيالىيلار ۋە ئەل ـ ئاۋامنىڭ ئىشلىرى

يېقىندىلا «مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پىروفېسورىنى ئەل ـ ئاۋامنىڭ ئىشلىرىغا بەك ئىچكىرىلەپ ئارىلىشىپ كەتتى، دەپ خىزمەتتىن ۋاقىتنچە توختىتىپ قويۇپتۇدەك» دېگەن گەپلەر تارالدى. بۇغۇ بىر مىش ـ مىش گەپ، ئاق ـ قارىنى ئايرىماي تۇرۇپ «راست» دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ مىش ـ مىش گەپ جەمئىيەتكە «ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پىروفېسورلىرى ئەل ـ ئاۋامنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشسا، بولۇپمۇ ئىچكىرىلەپ ئارىلاشسا بولامدۇ ـ يوق؟» دېگەن ئىنتايىن مۇھىم بىر سوئالنى تاشلىغاندەك قىلىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ھەقتىكى پىكىر ۋە كۆز قاراشلارغا قۇلاق سېلىپ باقساق يامان كەتمەس.

مۇنداقچە ئېيتساق، ئەل ـ ئاۋامنىڭ ئىشلىرى ئەسلىدىنلا ھۆكۈمەتكە تەۋە تۇرسا، پىروفېسورلار بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ بولۇپمۇ بىزدەك پۇقرانىڭ نېمە چاتىقى؟ بىراق، بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز دېگەن «خەلق جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ھۆكۈمىتىدە! ئۇنداقتا بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەر بىر پۇقراسى ئەل ـ ئاۋامنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا ھوقۇقلۇق دېگەن گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنى پۇقرالارنىڭ زىيالىيسى سانايدىغان پىروفېسورلار ئەل ـ ئاۋامنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى، ھەتتا «تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ» ئارىلىشىشى كېرەك. ئەل ـ ئاۋامنىڭ ئىشلىرى ھەم ئومۇمنىڭ، ھەم شەخسنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان تۇرسا، جۇمھۇرىيەتنىڭ پۇقراسى، دۆلەتنىڭ باج تاپشۇرغۇچىسى بولمىش ھەر قانداق ئادەم ئەل ـ ئاۋامنىڭ ئىشلىرىغا قانداقسىگە ئارىلاشماي تۇرالىسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەسلىدىنلا دۆلەت ئاساسىي قانۇنىدا ھەر بىر پۇقراغا بەخشەندە قىلغان ھوقۇق تۇرسا! زىيالىيلار دېگەن جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرى ۋە ئويغاقلىرىدىن. شۇڭا ئۇلار ئەل ـ ئاۋامنىڭ ئىشلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرى خۇسۇسىدا ئىككى ئېغىزلىلا گەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ھەم بۇ ھەقتە چوقۇم ئوتتۇرىغا چىقىپ گەپ قىلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن 110 نەچچە يىل بۇرۇن فىرانسىيەنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ئېمىل زولا «درېيفۇس دېلوسى»غا ئارىلىشىپ، پۈتكۈل دۇنيا زىيالىيلىرىغا شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەرگەنىدى.

ئۆز كېيىمىزگە كەلسەك، مەيلى پىروفېسسورلار ۋە ياكى مۇتەخەسسىس-ئالىملار بولسۇن، ھەممىيلەن ئەل-ئاۋام بىلەن ياشاۋاتقان ئەھلى ئىلىملەر بولغانىكەن، دېمەك ئۇلار ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلەيدىكەن، ئاۋامنىڭ دەردى-ھالى خۇسۇسىدا ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق كىشىلەر دېيەلەيمىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا «ئارىلاشما»، «گەپ قىلما!» دېگۈدەكمىز؟! بولۇپمۇ سىياسەتشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، سوتسىيولوگىيە، ئانتروپولوگىيە، پىسخولوگىيە، ئېكولوگىيە، قانۇنشۇناسلىق ۋە ئەدەبىيات قاتارلىق ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىس - ئالىملارغا كۆرە ئېيتقاندا ئەل- ئاۋامنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئۇلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا ئۇلارنى «نىدزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە باغلاش» ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت. بۇ جەھەتتە تەبىئىي پەنلەر ئالىملىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىمۇ ئوخشاشلا ئېغىر. دۇنياغا مەشھۇر فىزىك ئېينىشتېيىنمۇ ئەل-ئاۋامنىڭ ئىشلىرىغا ئۆمۈر بويى ئارىلاشقانىدى. ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ئەل-ئاۋامنىڭ ئىشلىرىغا ئىچكىرىلەپ ئارىلىشىپ، ئادالەت يولىدا كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ئىككى قۇۋۋەز ھەق گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالىدىغان زىيالىيلار كۆرمىڭ. شۇڭا ئەل- ئاۋامنىڭ ئىشلىرىغا قول تىققان ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنى ھەدېسىلا «قولۇڭنى تارت»، «تىلىڭنى يىغ» دەپ ئەيىبلەۋەرمەي، ئۇلارنىڭ روھىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز تۈزۈك.

يەنە، بىزدە ئەل- ئاۋامنىڭ ئىشلىرىغا مۇنداقمۇ «ئارىلىشىدىغان» مۇتەخەسسىس-ئالىملارمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، چىرىكلىككە يان باسىدىغان ئىقتىسادشۇناسلار، خىيانەتچى مەنسەپدارلارنى ئاقلايدىغان قانۇنشۇناسلار، كۆچلۈكلەر ئۈچۈن ھەدەپ كاناي چالىدىغان «گۇپپاڭچى»، «ھەمكار»لار بۇنىڭ تىمسالىدىندۇر. قېنى، ئۇلارنىڭ قايسىبىرىنى ئەل-ئاۋامنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان دېيەلەيمىز؟ كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، «ئەل-ئاۋامنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش» قا بولمايدۇ ئەمەس، بولىدۇ. مۇھىمى، زادى كىم تەرەپتە تۇرۇپ ئارىلىشىشىڭىزدا. مەسىلەن، بەزىلەر «ئارىلىشىش» نىڭىز مەنسەپدارلار ۋە ئۇلار بىلەن مەنپەئەتدار گۇرۇھلارغا پايدىلىق بولغان بولسا، ئۇ ھالدا «ئارىلىشىش» ئەمەس، قانچە ئىچكىرىلەپ ئارىلاشسىڭىز شۇنچە ياخشى. ھالبۇكى، «ئارىلىشىش» تا ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى نازارەت قىلىش مۇددىئاسى بىلەن بەزى مەنسەپدارلار ۋە ئۇلارغا باغلانغان گۇرۇھلارنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە زەرەر يەتكۈزۈپ قويغان بولسىڭىز تۈگەشكىنىڭىز شۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ھەر خىل ۋەقە-ھادىسە، تۈرلۈك - تۈمەن چىرىكلىك قىلمىشى «تېزىنى باسسا، مېڭىسى چىقىپتۇ» دېگەندەك ئۈزۈلمىگەچكە كۆزىمىزگە سىڭىپ قالغاندەكمۇ قىلىدۇ. قىزىق يېرى، ھەر قېتىم مۇشۇخىلدىكى ئىش چىققان ھامان نۇرغۇن مۇتەخەسسىس- ئالىم ئۇنىڭغا بەس - بەستە «ئارىلىشىدۇ». بىراق ئۇلارنىڭ «ئارىلىشىشى» مۇنداق ئىككى خىل تۈستە بولۇۋاتىدۇ: بىرى، مۇتەخەسسىس-ئالىملار ئىش تېرىغۇچىنى «قوغداپ قىلىش» مۇددىئاسىدا ئارىلىشىپ، ھادىسىنىڭ ئۇ كىشىگە مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى، قورۇلۇش سۈپىتىدە قىلچە مەسىلە يوقلۇقىنى جىنىنىڭ بارىچە ئىسپاتلاپ پەتىۋا تاپىدۇ؛ يەنە بىرى، مۇتەخەسسىس-ئالىملار ئۇنداق ئىشلارغا گۇمانى نەزەر بىلەن ئارىلىشىپ، مەسىلىنىڭ نېگىزى ۋە جاۋابكارنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ئالدىنقىلارنىڭ (جاۋابكارلار ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنمۇ تېخى، بۇنىڭغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ) ئارىلىشىشى، تەبىئىيكى ئىنتايىن قارشى ئېلىنىدۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ ئۇلار مۇكاپاتلىنىشى ھەتتا ئۆستۈرۈلۈشىمۇ مۇمكىن. كېيىنكىلەرگە بولسا ئۇنداق ئامەت نېسىپ بولمايدۇ. ئۇنداقلارنى پەرۋايىغا ئېلىپ قويمايدۇ. ئۇلار «ئارىلىشىمەن» دەپ داۋاملىق «تىركەشسە» گەپ - سۆزى چەكلىنىپلا قالماي، ھەتتا ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىشى تۇرغان گەپ.

بايا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك «ئەل- ئاۋامنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش» ئەسلىدە ھەر بىر پۇقرانىڭ، شۇنداقلا ھەر بىر باج تاپشۇرغۇچىنىڭ، بولۇپمۇ زىيالىيلارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتى ئىدى. دېمەك ئۆزىنى «زىيالىي» سانايدىغان ھەر قانداق ئادەم ئاۋام- پۇقراغا قارىغاندا «كۆپنىڭ ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئارىلىشىشى» كېرەك. ناۋادا بۇ خىل ئارىلىشىش «يامان غەرەز» ياكى «ناتوغرا ئۇسۇل» تۈپەيلى ئومۇمنىڭ ۋە ياكى شەخسنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزسە، ئۇنداقتا بۇ ئىشنى قانۇنغا قويۇپ بېرىش كېرەك. دۆلەتنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قانۇنى، مەكتەپنىڭ قائىدە - تەرتىپى بولىدۇ. مۇبادا ئوقۇتقۇچى مەكتەپنىڭ قائىدە - تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، مەكتەپ تەشكىلى ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا تامامەن ھوقۇقلۇق. ناۋادا لاياقەتسىز، بىلىمسىز، ئىقتىدارسىز بولسا، دەرسنى ئوقۇغۇچىلارغا خۇشياقمىغۇدەك ئۆتەلمىسە ياكى باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ پەزىلەتسىزلىك قىلسا، ئۇنداق ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇنبەرگە چىقىش سالاھىيىتىنى ۋاقتىدا ئېلىپ تاشلىيالمىغان مەكتەپ تەشكىلىنى «لاياقەتسىز» گە چىقارغۇلۇق. بىراق ھەر قانداق ئورۇن ۋە تارماق «ئەل-ئاۋامنىڭ ئىشلىرىغا ھامىيلىق قىلىپ ئارىلاشقان» كىشىلەرگە «ئۆزۈڭگە مۇناسىۋەتسىز ئىشقا ئارىلاشتىڭ» دېگەن باھانە بىلەن ئازار بەرسە زىنھار بولمايدۇ. ماقالىمىزنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان «مىش-مىش گەپ»نىڭ دېگەندەك ئاساسى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدەك ئەھۋاللار جەمئىيەتتە يوقمۇ ئەمەس. بۇ گەپلەرنى ھازىرچە «ئاساسسىز» دەپ تۇرساقمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەل ئارىسىدا تارقالغىنى راست، ھېچبولمىغاندا پۇقرالارنىڭ «زىيالىيلار ئاۋام پۇقرالارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشسىكەن» دېگەن ئارزۇسىنى، شۇنداقلا ئاۋام-پۇقرالارنىڭ دەۋرىمىز ئالىي مەكتەپلىرى ھەققىدىكى پىكىر-قاراشلىرىنى، ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ كۈنسايىن «يامۇللىشىپ» كېتىۋاتقانلىقىغا بولغان نارازىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەجەبا، بۇلار چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ بېقىشىمىزغا ئەرزىمەسمۇ؟!

---

ليۇ شىتۇڭ ئىمزاسىدىكى بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2010 - يىل ماي (ئالدىنقى ئايلىق) سانىغا بېسىلغان. **ئىدرىس قۇددۇس ئەركىزات** تەرجىمىسى. تىلماچ: «مىللەت ۋە دىن »ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى

## ساقچىغا مەلۇم قىلىش

— ۋەي، ساقچىخانىمۇ؟ بىزنىڭ بۇ يەردە توپلىشىپ قىمار ئويناۋاتىدۇ، باشقۇرامسىلەر-يوق؟

— ھە... قىمارۋازلار دوغا تىككەن پۇل جىقمىكەن...؟

— ھەئە!

— بولىدۇ، ھازىرلا ئۈنىمىز ئۇ يەرگە.

---

چېڭ موچۈەن قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېلىيەتون «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2010 - يىل ئىيۇن (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا بېسىلغان. **راخمانجان روسۇل سۇلتانىي** تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتابلىرى تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئۆلچىمىگە ئايلانغاندىن كېيىن،ئىقتىسادنىڭ بەلگىسى بولغان پۇل نۇرغۇن ئىجتىمائىي قىممەتكە جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى نوپۇزى ۋە يۇكسەك جەلپكارلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى ئەخلاق، ئېتىقاد، ۋىجداننىڭ مۇقەددەسلىكىنى تەۋرىتىپ قويدى: ئىجتىمائىي قاتلاملار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىپ، ئىجتىمائىي توپلارنىڭ جەمئىيەتتىكى يېتەكچىلىك ئورنىدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. كىشىلەر ئىلگىرى زوقلىنىدىغان، ھەۋەسلىنىدىغان، پەخىرلىنىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان بىر قىسىم ئىجتىمائىي توپ ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇشقا، ئۇلارنىڭ دىققەت مەركىزىدىن يىراقلىشىشقا باشلىدى؛ بىر قىسىم يېڭى ئىجتىمائىي توپ بارلىققا كېلىپ، ئۆزىنىڭ پائالىيەتچانلىقى، ئۇنىۋېرساللىقى ۋە بايراقدارلىقى بىلەن جەمئىيەتتىكى ئىلگىرىكى ھۆرمەت ساھىبلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، بارغانسىرى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە نائىل بولۇشقا باشلىدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش بولۇپمۇ زىيالىيلار بىلەن يېقىندىن بارلىققا كېلىۋاتقان، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ھېسابلىنىدىغان كارخانىچىلار ۋە شىركەت دىرېكتورلىرى قوشۇنىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدىكى ئۆزگىرىشتە روشەن ئىپادىلەندى. يەنى، كىشىلەر ئىلگىرى ئالىم- مۇتەخەسسىس، ئەدىب، ئوقۇتقۇچى، ئىنژېنېر- تېخنىك ھېسابلانغان كىشىلەرگە ئالاھىدە ئېھتىرام بىلدۈرگەن، شۇلار ئارقىلىق پەخىرلەنگەن، ئۇلارنى ئۆز مىللىتىنىڭ سەركىلىرى ھېسابلىغان بولسا،مانا ئەمدىلىكتە كارخانىچىلار ۋە شىركەت دىرېكتورلىرى، پۇلدارلارنىلا ھۆرمەتلەيدىغان،ياشلار ئۆگىنىدىغان ۋە چوقۇنىدىغان مەبۇدقا ئايلاندى. بولۇپمۇ ياشلار ئىلگىرى ئالىم، ئوقۇتقۇچى، ئىنژېنېر بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ۋە شۇنىڭغا ئىشتىياق باغلىغان بولسا، ئەمدىلىكتە كىچىكىدىن باشلاپلا پۇل تېپىشنى، خوجايىن- پۇلدار بولۇشنى ئارمان قىلىدىغان بوپقالدى. شۇنداقلا، «گاچا بولسىمۇ پۇلى بارلار سۆزلىسۇن» دېگەندەك، پۇلدارلار مېدىيە- ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ چولپانلىرىغا ئايلىنىپ، كىشىلەر ئەخلاق، ئېتىقاد، ئادىمىلىك توغرىسىدىكى ۋەز-نەسىھەتلەردىن كۆرە پۇلنى قانداق تېپىش ياكى كىملەرنىڭ قانداق پۇل تاپقانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇر-خەۋەرلەرگە بەكرەك قىزىقىدىغان بوپقالدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئىجتىمائىي توپلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ زىيالىيلار توپى ئاستا-ئاستا جەمئىيەتتىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى «بوشىتىش»قا مەجبۇر بولدى. بولۇپمۇ ئىلمىي ئەمگىكى ئۆز خەلقىنىڭ ئالقىش- ئېتىبارىغا ناخشا- ئۇسسۇلچىلىرىچىلىك ئېرىشەلمىگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى يېقىندىن شەكىللىنىۋاتقان پۇلدارلار قوشۇنى ۋە پۇلنى قىممەت ئۆلچىمى قىلغان زور كۆپچىلىك كىشىنىڭ نەزىرىدە جەمئىيەتتىكى «نامرات تەبىقىنىڭ ۋەكىلى» بوپقالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈزۈلمىگە زىيادە يۆلىنىۋېلىش ۋە «تۆمۈر ماياش»قا باغلانغان ئىقتىسادىي بېقىندىلىق سەۋەبىدىن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مۇستەقىللىق،يېڭى پىكىرلەرگە بولغان ئىنتىلىش ۋە قىزىقىش روھى سۇسلىشىپ، ئۇلار جەمئىيەتتىكى يېڭى پىكىر-

## سەن كىمنىڭ زىيالىيسى، ئويلىساڭچۇ؟!

قاراشلارنىڭ نوپۇزلۇق ۋەكىلى بولماي قالدى ۋە يېتەكچىلىك ئورنى ئاجىزلىشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر زىيالىي ئاتالغۇسىنى بۇرۇنقىدەك كۆپ تىلغا ئالمايدىغان، تىلغا ئالغاندىمۇ ئىلگىرىكىدەك ئالاھىدە ھۆرمەت ـ ئىھتىرام تۇيغۇسى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىرخىل يوچۇن تەلەپپۇزدا، مەنسىتمەسلىك تۇيغۇسى بىلەن تىلغا ئالىدىغان، جەمئىيەتتىكى ئورنىغا ئېتىبارسىز قارايدىغان، ئەمگىكىنى ئېتىبارغا ئالمايدىغان بوپقالدى. بۇ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى دۇچ كېلىۋاتقان بىر ئىجتىمائىي كىرزىس بولۇشى مۇمكىن.

بۇخىل كىرزىسنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئەلۋەتتە نۇرغۇن تارىخىي،ئىجتىمائىي سەۋەب بار. بۇ سەۋەبلەرنىڭ بەزىلىرىنى تارىخىي جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ،ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تەرجىمىھاللىرى ئاساسىدا دەلىل ـ ئىسپاتلىق يەكۈن چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بىزدە تېخى تارىخىي تەزكىرىشۇناسلىق ساھەسىدە يېتەرلىك خىزمەتلەر ئىشلەنمىگەچكە،ئۇيغۇر زىيالىيلىرى باشتىن كەچۈرگەن تارىخىي تاللاش ۋە ئىدېئولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەرنى مىساللىق،دەلىل ـ ئىسپاتلىق يورۇتۇپ بېرىشكە ئاجىزمىز.شۇڭا بۇ يەردە پەقەت بۈگۈنكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى دۇچ كەلگەن كىرزىسنىڭ قىسمەن سەۋەبلىرىنى ھېسسىي تەھلىل سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ ئاجىزلىشىشى، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كىرىزىسنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن. ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ جەمئىيەتنىڭ توغرا يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلىشىغا مەسئۇل بولۇش تۇيغۇسى ۋە سالاھىيىتىگە ئىگە شەخس ياكى مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ جەمئىيەتتىكى خاتا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا توغرىلىق ۋە ئادالەتنى ياقلاپ، ھەق ـ ئادالەتنى دەۋا قىلىشنى ئۆز ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش جەريانىدۇر. تارىختىن بۇيان بۇ خىل مەسئۇلىيەتنى ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن. بۇ خىل كىشىلەر دەل زىيالىيلار بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە زاماننىڭ ئېھتىياجىغا لايىق،باشقىلار ئېتىراپ قىلغۇدەك بىلىم ئىگىلىمىگەن ئادەمنى ھېچكىم زىيالىي دەپ تونۇمايدۇ، شۇنداقلا مەكتەپتە ئوقۇغانلا ئادەمنىڭ ھەممىسىنى ھەم زىيالىي دەپ قارىمايدۇ. چۈنكى بىلىم زىيالىيلىقنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى ھېسابلانسىمۇ،لېكىن بىردىنبىر شەرتى ئەمەس. زىيالىي ئۆز دەۋرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە، مۇستەقىل ئىدىيە ۋە غايىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئەزاسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى زىيالىيلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشى ۋە خەلق بىلەن دىيالوگ مۇناسىۋىتى ئورنىتىشتىكى مۇھىم ئاساسلاردىن بىرى.جەمئىيەتتىكى باشقا ئىجتىمائىي توپ ۋە گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۆزى تەۋە سىنىپ، پارتىيە ياكى گۇرۇھنىڭ غايە ـ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەم خەلق بىلەن مۇشۇ مەنپەئەت ئاساسىدا دىيالوگ مۇناسىۋىتى ئورنىتىدۇ.ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى شۇلار ۋەكىللىك قىلغان غايە ـ مەنپەئەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى بەلگىلەيدۇ، ئۇلار ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان مەنپەئەت ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، ئۇنى جان تىكىپ قوغدايدۇ ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن سۆزلەيدۇ،پىكىر بايان قىلىدۇ. ئەمما زىيالىيلار ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى باشقا ئىجتىمائىي توپلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى دىيالوگ مۇناسىۋىتىنىڭ نازارەتچىسى، جەمئىيەتنىڭ ۋىجدانى بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە جەمئىيەتتىكى باشقا ئىجتىمائىي توپلار پەيدا قىلغان ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەققانىيەت نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ،خەلقنىڭ مەيداندا تۇرۇپ پىكىر بايان قىلىدۇ: ئۇلار ئىشلەۋاتقان ئورگان،تەۋە تۈزۈلمىنىڭ باياناتچىسى بولۇۋالمايدۇ،بەلكى ۋاقتى كەلگەندە ئۆز ھاياتىنىڭ خەتىرى بەدىلىگە ئۆز دەۋرىنىڭ،جەمئىيەتنىڭ خاتالىقلىرىنى، تەڭسىزلىكلىرىنى قامچىلايدۇ،ئېچىپ تاشلايدۇ ھەم ھەقىقەتنىڭ نوپۇزىنى قوغدىغۇچى سۈپىتىدە پىكىر بايان قىلىپ،نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتالىقى ئۈستىدە دەۋا قىلىدۇ: خەلقنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ.ئۇلاردىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى دەل مۇشۇ نۇقتىلاردا كونكرېتلىشىدۇ.شۇڭا ھەقىقىي زىيالىيلارنىڭ زور كۆپ قىسمىنىڭ ھاياتى ئازاب ۋە تەقىپ ئىچىدە ئۆتىدۇ.

ئەمدى زىيالىي جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ پۇقراسى، ئۆزى تەۋە مىللەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغاچقا، ئۇ مەيلى قايسى تەبىقە،قايسى ئىدېئولوگىيە،قايسى سىنىپقا تەۋە بولسۇن ياكى بىلىم ۋە كەسپ جەھەتتە قانچىلىك نوپۇزغا ئىگە بولسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزى تەۋە مىللىي توپنىڭ بىر ئەزاسى ھەم ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى ئالدى بىلەن مىللىي مەسئۇلىيەت ۋە مىللىي بۇرچ سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ زىيالىيسى ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىدە ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ مەيداندا تۇرۇپ پىكىر بايان قىلىدۇ.ئەمما بۇ خىل مىللىي مەسئۇلىيەت ۋە مىللىي بۇرچنى پەقەت ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ھەقىقىي تونۇغان زىيالىيلارلا ئۈستىگە ئالالايدۇ. ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىدىن چانىغان، ئۆزى تەۋە مىللىي توپنىڭ ئەخلاق، ئېتىقاد، ئەنئەنە سىستېمىسىدىن ياتلاشقان زىيالىي مەيلى قانچىلىك نەتىجە ياراتسۇن،مىللىتىنى سۆيىدىغانلىقىنى ھەر نېمە بىلەن دەۋا قىلسۇن، ئۆزى تەۋە مىللىي توپنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى ۋە باياناتچىسى بولالمايدۇ، خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى نېمىلەرنى قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كەسپىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئەمەس،كۆپ سانلىق خەلقنىڭ كىملەرنى بىلىدىغانلىقى ۋە تونۇيدىغانلىقىدەك ئاددىي بىر كۆزىتىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ نەزەر سالىدىغان بولساق،بەلكىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مىللىي مەسئۇلىيەتنى قانچىلىك ئادا قىلغانلىقى ئايدىڭلىشىشى مۇمكىن. مانا بۇ نۇقتىدا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشى كېرەك.

خەلق ناخشىچى ۋە قىزىقچىلاردىن تارتىپ ھەر كىم ھەر خىل سورۇندا ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خالىغانچە سۈيئىستېمال قىلىدىغان تولىمۇ مەۋھۇم ئاتالغۇ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەلۇم تېررىتورىيەدىكى ئورتاق بىر سىياسىي، ئىقتىساد،مەدەنىيەت تەۋەلىكىدىكى ئەڭ كۆپ سانلىق كىشىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ زور كۆپ سانلىقىنى دېھقاندىن ئىبارەت بىر ئىجتىمائىي توپ تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىل ئىستېمالىدىكى خەلق كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا

www.uyghurkitap.com

دېھقانلارغا مەركەزلەشتى.دېھقانلار ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ سادىق ئىجراچىلىرى ھەم ھىماتچىلىرى،ئۇلارسىز ئۇيغۇرلارنى ھەم ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. ئەمما ئۇيغۇر زىيالىيلىرى دېھقانلاردىن ئىبارەت مۇشۇ توپ ۋەكىللىك قىلغان ئۇيغۇرلار ئىدېئولوگىيەسىنى قانچىلىك تەتقىق قىلالىدى؟ ئۇلارغا قانچىلىك يېقىنلىشالىدى؟ قانچىلىك ۋەكىللىك قىلالىدى؟ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي باياناتچىسى بولالىدىمۇ؟ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى مۇشۇ نۇقتىدىن كۆزىتىدىغان بولساق، بەلكىم «خەلقنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان»، «سەھنە ـ سورۇنلاردا خەلقنى سۆيىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان»لارنىڭ يېلى چىقىپ، بېشى چۈشۈپ كېتىشى تۇرغان گەپ.

ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ كۆپ قىسمى كادىرلىق بىلەن سالاھىيەتلەنگەن ئاق ياقىلىقلار بولغاچقا، «كادىر»لىق ئۇلارنىڭ مەنىۋى سالاھىيەت بەلگىسى بوپقالغان. دېھقانلار ئۇلارنى سالاھىيەت جەھەتتە ئالاھىدە تەبىقىدىكى بۇيرۇقۋاز «مەمۇرىي تەشكىللىگۈچى» سۈپىتىدە تونۇيدۇ، ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى، ئۆزلىرى ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىغا قىزىقمايدۇ. ئۇلارنى ئۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق «قەسىر ئىچىدىكى كىشىلەر» دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە زىيالىيلار ۋەكىللىكىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ ھەدېگەندە دېھقانلارنى «ھارامزادىلەرچە» خۇنۇكلەشتۈرۈپ سەھنىلەشتۈرۈشى ۋە ھەجۋىيلەشتۈرۈشى دېھقانلار بىلەن زىيالىيلارنى ئىككى قۇتۇپقا ئايرىۋەتكەن بولۇپ، ئىش يۈزىدە زىيالىيلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۆزىنى دېھقاننىڭ زىيالىسى ھېسابلىمايدۇ ھەم دېھقانلارنىڭ تولىسى زىيالىيلارنى مەنىۋى جەھەتتە ئۆزىنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىمايدۇ. بۇ خىل مەنىۋى جەھەتتىكى يېتىملىك ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكى بولۇشى مۇمكىن. خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشقان «زىيالىي ــ قىلغان ئىشى خىيالىي» دېگەن مەسخىرىلىك باھانى، خەلقنىڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى مۇشۇ نۇقتىدىن كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا قويغان دىياگنوزى دېيىشكە بولىدۇ. مانا بۇ نۇقتىدا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، بولۇپمۇ ئۆزىنى زىيالىي ھېسابلايدىغانلار خەلقنىڭ سەركىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ئالدى بىلەن دېھقانلاردىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي توپنى چۈشىنىشى،ئۇلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرىشى، ئۇلارنىڭ ئېتراپ قىلىشىغا ئېرىشىشى، ئۇلارنىڭ يۈرىكى، كۆزى، تىلى بولۇشى كېرەك.

بۇ كىرزىسنىڭ سەۋەبلىرىدىن يەنە بىرى،ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى دىيالوگ مۇناسىۋىتىنىڭ كۆپ قىرلىق بولالمىغانلىقى بولسا كېرەك. زىيالىيلار ئۆز خەلقىنىڭ يېتەكچىلىرى ۋە سەر خىل كىشىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ھەرخىل نۇقتىدىن ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئۇلار گەرچە مەسىلە ھەل قىلمىسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلىلەرنى تارىخ، پەلسەپە، سىياسىي،ئىقتىساد، مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن شەرھلەيدۇ، ئىنكاسچى سۈپىتىدە ئۇ مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدىكى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ ھەم توغرا يۆنىلىشنى ئىشارەتلەپ بېرىدۇ. زىيالىيلارنىڭ خەلقنى مۇشۇ خىل ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش جەريانى دەل خەلق بىلەن دىيالوگ مۇناسىۋىتى ئورنىتىش جەريانى بولۇپ، بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ قايسى يوسۇندا ئورنىتىلىشىنى زىيالىيلار ياشىغان دەۋرنىڭ چەكلىمىسىدىن كۆرە،زىيالىيلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە مەسىلىنى قايسى نۇقتىدىن كۆزىتىشى، خەلقنىڭ ئۇلارنى قايسى يوسۇندا تونۇشى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا زىيالىيلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ زىيالىي دەپ ئاتىلىشتىن بۇرۇن خەلق بىلەن ئورناتقان دىيالوگ مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن يازغۇچى، شائىر، پەيلاسوپ، تارىخشۇناس، جەمئىيەتشۇناس، سەنئەتكار دېگەندەك ناملار بىلەن تونۇلىدۇ. ئەمدى بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى مۇشۇ خىل دىيالوگ مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ زور كۆپ سانلىقىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدىكى پۈتكۈل جۇڭگو زىيالىيلىرى ئومۇميۈزلۈك «سېسىق توققۇزىنچى» تامغىسى ئاستىدا باشتىن كەچۈرگەن بالايىئاپەت، زىيالىيلارغا ئىشەنمەسلىك ۋە سىنىپىي كۈرەش ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشى، خەلق بىلەن كۆپ قىرلىق دىيالوگ مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىغا تولدۇرۇۋالغۇسىز بۇزغۇنچىلىق سالدى. بولۇپمۇ زىيالىيلاردىكى شۇ دەۋردىن قېپقالغان روھىي ئەندىكىش ھەم زىيالىيلاردىن خەۋپسىرەش زىيالىيلار بىلەن خەلقنىڭ دىيالوگ مۇناسىۋىتىنى كۆپ تارايتىۋەتتى. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تۇنجى ئەۋلاد مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن،ئابدۇكېرىم خوجا، ئىمىن تۇرسۇن، ئىبراھىم مۇتىئىي، مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئۇيغۇر سايرانىي، زوردۇن سابىر... قاتارلىقلار 1980 ـ يىللاردىن 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئون نەچچە يىللىق«مەدەنىيەت قېزىش»تا «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا ئوخشاش دۇنياۋى شۆھرەتلىك بۈيۈك تارىخىي،كىلاسسىك ئەسەرلەرنى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلارنى، ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە ئائىت نوپۇزلۇق تەتقىقاتلارنى خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش، ئۇيغۇرتىلى ـ شېۋىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ۋە بېكىتىش، باشقا مىللەتلەرنىڭ نوپۇزلۇق كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ خەلققە تونۇشتۇرۇش، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى روياپقا چىقىرىش جەھەتتە ئەھمىيەتلىك تارىخىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ،پۈتكۈل جەمئىيەتتە «مەدەنىيەت قىزغىنلىقى»نى قوزغاپ،خەلقنى سۆيۈندۈرگەن، خەلق بىلەن ئۈنۈملۈك دىيالوگ مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن كېيىنكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بۇ خىل «مەدەنىيەت قىزغىنلىقى»نى سىجىل ساقلاپ قالالمىدى.ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار خەلق بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن باشقا تىلغا ئالغۇدەك ئالاھىدە دىيالوگ مۇناسىۋىتى ئورنىتالمىدى. بولۇپمۇ 1980 ـ يىللاردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئەدەبىيات قىزغىنلىقىنىڭ تۈرتكىسى ۋە ۋىلايەت ـ ئوبلاستلارنى بىرلىك قىلغان ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سەھنە ھازىرلاپ بېرىشى بىلەن ئەدەبىيات قولىدا قەلەم ئورنىشىدىغان، ئاز ـ تولا ھېكايە ـ شېئىر يازالايدىغان تالاي ياشنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەشتىكى تاللىشىغا ئايلىنىپ، سانائەت پەنلىرى، تارىخ، پەلسەپە،سىياسىي، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئوخشاش زۆرۈر پەنلەر ياشلارنىڭ تاللىشىغا ئېرىشەلمىدى. 1990 ـ يىللارغا كەلگەندە بولسا، ياشلار ئارىسىدا

سەنئەت قىزغىنلىقى باش كۆتۈرۈپ، «ئۇيغۇرلارنى سەنئەت ئارقىلىق دۇنياغا تونۇتۇش» داۋرىغى ئەۋج ئېلىپ، ئالىي مائارىپ تەربىيەسى ئالغان بىرمۇنچە ياش مۇشۇ داۋراڭغا ئەگىشىپ كەتتى، ئۆگەنگەن كەسپلىرىنى تاشلاپ ناخشا پىلاستىنكىسى چىقىرىش قىزغىنلىقى بىر ئېقىمغا ئايلاندى. بۇ خىل يۈزلىنىش ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا يازغۇچى بىلەن ناخشىچى كۆپ بولۇشتەك ھالەتنى شەكىللەندۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەتكە يۈزلەنگەن ئاممىۋى مېدىيەلەردە ئاز-تولا داۋرىغى بولىدىغان، مەلۇم مۇناسىۋەت بىلەن زىيالىيلار قاتنىشىدىغان نوپۇزلۇق ۋە ئاشكارا يىغىلىشلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر قانچە ئەدەبىي، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى، ئەدەبىيات-سەنئەت مۇكاپات سورۇنلىرى ياكى قايسىبىر ناخشىچى، قىزىقچىنىڭ ئۆتكۈزگەن كېچىلىكىگە مەركەزلىشىپ قالغاچقا، خەلقنىڭ زىيالىيلار توغرىسىدا ئەڭ كۆپ ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغىنى يەنىلا ئەدەبىيات-سەنئەت ئۇچۇرلىرى بولدى. شۇڭا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كىشىلەر زىيالىيلارنى پەقەت قەلەمگە تايىنىپ جان باقىدىغانلار، بىرەر يازغۇچى ياكى شائىرغا تون كىيدۈرۈش يىغىلىشى، ئاللىقانداق بىر ئەدەبىي، ئىلمىي مۇھاكىمە سورۇنلىرىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى ياكى ناخشىچى، ئۇسسۇلچى سۈپىتىدىلا تونۇيدىغان بوپقالدى.

دەرھەقىقەت، تارىختىن بۇيان مەيلى جۇڭگو ياكى چەت ئەللەردە بولسۇن ئەدەبىيات-سەنئەت زىيالىيلارنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەش، خەلق بىلەن دىيالوگ مۇناسىۋىتى ئورنىتىشتىكى مۇھىم تاللىشى بوپكەلگەن، شۇنداقلا ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ زىيالىيلىرى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى تەربىيەلىگەن، ئۇلارنى يېتەكلىگەن. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ خەلقىمىزگە تونۇشلۇق بولغان قەلەمكەش زىيالىيلار — خەلقپەرۋەر مەرھۇم يازغۇچى-شائىرلىرىمىزدىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، روزى سايىت... قاتارلىقلار، ھايات قەلەمكەشلىرىمىزدىن مەمتىمىن ھوشۇر، نۇرمۇھەممەت توختى، ئەختەم ئۆمەر، ئابدۇقادىر جالالىددىن، مۇھەممەتجان راشىددىن، يالقۇن روزى، ئۆمەرجان ئىمىن... قاتارلىق ئەدىبلەر خەلقنى تەربىيەلەش، يېتەكلەش جەھەتتە نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك خىزمەت ئىشلىدى. ئۇلار ئەسەرلىرىدىكى ساپ چىنلىق، خەلقچىللىق، ھەققانىيلىق بىلەن خەلقنىڭ ئىنكاسچىسى، باياناتچىسى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ ھەققىي ۋىجدانى بولالىدى. ئۇلارنى خەلقنى سۆيگەن ھەم خەلقمۇ سۆيگەن قەلەمكەش زىيالىيلارنىڭ ۋەكىللىرى دېيىشكە ھەقلىقمىز. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەلققە قانداق زىيالىيلارنىڭ كېرەكلىكى ھەم خەلقنىڭ قانداق زىيالىيلارنى سۆيىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. لېكىن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدە بۇنداقلارنىڭ سانى ۋە ئوينىغان رولى تولىمۇ چەكلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەلقنى تەربىيەلەش، يېتەكلەش جەھەتتىكى ئەمگەكلىرىنى يەنە باشقا ئەمگەكلەر ئارقىلىق تولۇقلاش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە بېيىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت كىشىلەرنى ئېستېتىك جەھەتتىن تەربىيەلەيدىغان پەن بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئېڭى، بىرلىك ۋە تەرەققىيات قارىشى، خىرىس ۋە كىرىزىس ئېڭىنى پەرۋىشلەش، مەسىلىلەرنى ئىلمىي شەرھلەش، كىشىلەرنى ئەڭ توغرا ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە ئۇ يەنىلا نۇرغۇن چەكلىمىلىككە ئىگە. بۇ خىل چەكلىمىلىكلەرنى ئەدەبىيات-سەنئەت ئارقىلىق دۇنياغا يۈزلىنىش، تونۇلۇش قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، سىياسىي، ئىقتىساد، پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئوخشاش قوللىنىشچان پەنلەرگە يۈزلىنىپ، شۇ ساھەلەر بويىچە مەخسۇس زىيالىيلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ۋە شۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق بۇزۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ. توغرا، بۇ خىل زىيالىيلارمۇ يوق ئەمەس. 1990-يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ھەر خىل پەن تۈرى بويىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە دوكتورلۇقتا ئوخشاش يۇقىرى ئوقۇش تارىخى بويىچە ئوقۇغانلار تېز سۈرئەتتە كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار مەكتەپلەر ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىغا بېكىنىپ قېلىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى خەلققە تونۇتۇش ۋە يەتكۈزۈش جەھەتتە خەلق بىلەن ئۈنۈملۈك دىيالوگ مۇناسىۋىتى ئورنىتالمىدى. نۇرغۇن دوكتورنىڭ بىلىمى ئۆزى ئىشلىگەن مەكتەپ ياكى تەتقىقات ئورنى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى.

ئۈچىنچى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىكى ئەخلاقىي، مەنىۋى چۈشكۈنلۈك بۇ خىل كىرىزىسنىڭ يەنە بىر مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك دېسە كۆپىنچە كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا دەرھال ئىجتىمائىي ئەخلاققا زىت بولغان قىمارۋازلىق، زىناخورلۇق، شەھۋەتپەرەسلىككە ئوخشاش ناشايانلىقلار كېلىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ناتوغرا كىشىلىك قىممەت قارىشىنىڭ شەخسنىڭ ھەرىكىتى سۈپىتىدە ئەكس ئېتىشى بولۇپ، كۆپىنچە مەلۇم بىر ئوبيېكتىپ شەخسنىڭ ھەرىكىتىگە ماس كېلىدۇ. شۇڭا بىز بۇيەردە زىيالىيلارنى قانداقتۇر كىشىلىك ئەخلاققا زىت شۇ خىل قىلمىشلار بىلەن ئەيىبلىمەكچى ئەمەس، شۇنداقلا ئەيىبلەشكە ھەم ھەددىمىز ئەمەس. ئەخلاق كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى مەلۇم قىممەت قارىشى بويىچە تىزگىنلەيدىغان ئۆلچەم بولۇپ، قىممەت قارىشىنىڭ قانداق بولۇشى، ئاخىرقى ھېسابتا ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، شەخسلەردىكى ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا قىممەت قارىشىدىكى چاكىنىلىقتىن ئىبارەت. ئەمدى شەخسلەردىكى قىممەت قارىشى ئۆزى تەۋە مىللەت، جامائە ياكى جەمئىيەتنىڭ قىممەت قارىشىنى مەنبە قىلىدۇ، شەخس تەۋە بولغان مىللەت ياكى جامائەنىڭ قىممەت قارىشى بولسا ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ، شۇ مىللەت ياكى جامائەنىڭ نېمىگە ئېتىقاد قىلىشى، نېمىنى مۇقەددەس بىلىشى، نېمىنى يامان كۆرۈشى بىلەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا شۇ مىللەتنىڭ ئېتىكا ۋە ئېتىقاد سىستېمىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، مەيلى شەخس ياكى مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپ بولسۇن، ئۇنىڭدىكى ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزى تەۋە توپنىڭ ئېتىكا ۋە ئېتىقاد سىستېمىسىدىن يۈز ئۆرۈشتىن باشلىنىدۇ.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئېتىكا ۋە ئېتىقاد سىستېمىسى نۇقتىسىدىن باھا بېرىشكە ئاجىزمىز. شۇڭا ھازىرچە پەقەت ئالدىنقى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن ھازىرقى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرگە ئاساسەن بۈگۈنكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىكى مەنىۋى چۈشكۈنلۈكنى بىر قانچە نۇقتىدىن بايان قىلماقچىمىز. بۇ چۈشكۈنلۈك ئالدى بىلەن زىيالىيلاردىكى ئۈمىدسىزلىك ۋە ھۇرۇنلۇقتا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بىز ئالدىنقى ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن ئۇلارنىڭ

كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ـ ئىشەنچلىرى ۋە ئۆز مەسئۇلىيىتىگە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىنى كۆرۈۋالمىقىمىز تەس ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى شۇ خىل قىزغىنلىق، ئۈمىدۋارلىققا تايىنىپ ئۇيغۇر تارىخىنى شەرھلەش، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قېزىش جەھەتتە ئاجايىپ سەمەرىلىك ئەمگەكلەرنى قىلغان ھەم كېيىنكىلەر ئۈچۈن يول ئاچقان؛ تۆھپە، مەنسەپ تالاشماي ئورتاق ھەمكارلىشىپ، باشقىلار قىلالمايدۇ دەپ قارىغان «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «سۇبويىدا» قاتارلىق خەزىنىچە كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىمىزغا قالتىس پاساھەت ۋە بالاغەت بىلەن تەرجىمە قىلىپ، ئانا تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى نامايىش قىلىپلا قالماي، يەنە ئىلىم ھەمكارلىقىنىڭ ئاجايىپ ئېسىل ئۈلگىسىنى ياراتقان. ئەمما بۈگۈنكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا ھەرخىل ئىلمى ئۇنۋان، ۋە كاتتا ئوقۇش تارىخىغا ئىگە زىيالىيلار كۆپەيسە كۆپەيدىكى، ئىلمى ئەمگەك جەھەتتە ھازىرغىچە ئىلگىرىكىلەردىن ھېچكىم ھالقىيالمىدى، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەمگەكلىرىنى «كۆشەش» بىلەن جان باقىدىغانلار كۆپەيدى.

1990 ـ يىللاردىن كېيىن چەت ئەللەردە ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ كەلگەنلەر كۆپلەپ بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىلىمنىڭ تېز سۈرئەتتە يېڭىلىنىشى ۋە ئىجتىمائىي رىقابەت ئۇلارنىڭ زور كۆپ قىسمىنى نوقۇل ئۆز كەسپى بىلەنلا چەكلىنىدىغان «كەسىپ ئەھلى» لىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، زىيالىيلارنىڭ ئۇنىۋېرسال مەنىۋى ساپاسى تۆۋەنلەپ كەتتى. زىيالىيلىقتا مۇناسىۋەتلىك ناتوغرا رىقابەت مېخانىزمى پەيدا قىلغان بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەسلىك، گۇرۇھۋازلىق، يۇرتۋازلىققا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەر ئەۋج ئېلىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئۈلگىلىك رولىغا قارىتا گۇمان پەيدا قىلىپلا قالماستىن، ئەڭ يامىنى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش، مىللەتنىڭ قايغۇسىنى تەڭ يېيىشتەك روھىنى كۆپ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. بولۇپمۇ زىيالىيلار ئارىسىدا «ئۆزىنى جاھاندا بىر چاغلايدىغان كۆرەڭلەر»، «قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىدىغانلار»، «گۇيپاڭچىلىق قىلىپ ئىلمىيلىكى يوق ئىشلار بىلەن خەلقنى قايمۇقتۇرىدىغان» ئىشلار ئاۋۇپ، ئوخشاش كەسىپتىكى ئىككى ئادەم بىرلىشىپ بىرەر چوڭ ئىش قىلالمايدىغان، ئەمما بىرى بىرىنىڭ ئىشىنى ياراتمايدىغان ئىللەت جەمئىيەتلەشتى. ھەتتا تۆھپە، مەنسەپ تالىشىپ بىرى بىرىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايىدىغان، دەۋا ـ دەستۇرغا چۈشىدىغانلارمۇ بولدى. بۇ خىل چاكىنىلىق خەلقنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ، زىيالىيلارغا بولغان ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

ئۇندىن باشقا غايىسىزلىك ۋە غايە چاكىنىلىقى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىكى مەنىۋى چۈشكۈنلۈكنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىن. زىيالىيلار ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر رېئاللىقىدىن بىر دەرىجە ئۈستۈن غايىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى توپ بولۇپ، ئۇلار رېئاللىقنى ئۆز غايىسى بويىچە كۆزىتىپ پىكىر قىلغاچقا، كۆپ ھالدا جەمئىيەتنىڭ چۈشەنمەسلىكى، يەكلىشى، چەتكە قېقىشىغا ئۇچرايدۇ، ھايات ۋاقتىدا قەدىرلىنىشكە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنداق مىساللارنى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى زىيالىيلارنىڭ ھايات تارىخىدىن كۆپلەپ ئۇچرىتالايمىز. قارايدىغان بولساق، مەيلى جۇڭگو ياكى چەت ئەللەردە بولسۇن تالاي ئىلغار ـ يېڭى پىكىرلىك زىيالىينىڭ كۆز قاراشلىرى ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن ھەم كەڭ ئومۇملاشقان. بۇنداق زىيالىيلاردىكى ئەڭ قەدىرلەش ۋە ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان روھ، ئەڭ قىيىن شارائىتلاردىمۇ ئۆز غايىسىگە ئاسىيلىق قىلماسلىقى، ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئۆز غايىسىدىن ۋاز كەچمەسلىكى بولۇپ، ئۇلار ئۆز غايىسىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە ساداقىتى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ھەم تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغان. شۇڭا زىيالىيلىقتا خاس بىر توغرا غايە ھەم غايىگە بولغان ساداقەتنىڭ بولۇشى زىيالىيلىقنىڭ مۇھىم سالاھىيەت بەلگىسى. ئەمدى بىز مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە باشقا كىشىلەرنى ئەمەس پەقەت ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە «دىپلوم»لۇقلارنى تاسقاپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ تاسقاقتىن قانچىلىك كىشىنىڭ ئۆتەلەيدىغانلىقىغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۈگۈن ھەممىمىز بىر غايە بوھرانى ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. قارايدىغان بولساق، جەمئىيىتىمىزدە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ بىرەر خىزمەتكە ئورۇنلىشالمىغانلارنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى بىر ئامالىنى قىلىپ ھۆكۈمەتنىڭ مۇقىم مائاشلىق بىرەر خىزمىتىگە ئېرىشىۋېلىش، خىزمەتتىكىلەرنىڭ بولسا كىچىك بولسىمۇ بىرەر مەنسەپنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ئۆسۈش ئۈچۈن توختىماي تىرىشىش ياكى بىر قىماپ بىلەن جاننى ئۇپراتماي كۈن ئۆتكۈزۈش. مانا بۇ بىزنىڭ رېئاللىقىمىز، شۇنداقلا مىللەتنىڭ سەركىسى ئاتالغان زىيالىيلار دۇچ كېلىۋاتقان غايە كىرزىسى. ئەگەر بىز مۇشۇلارنى غايە دەپ قارايدىغان بولساق، بۇ ئەلۋەتتە غايە دېگەن ئىبارىگە قىلىنغان ئەڭ چوڭ ھۆرمەتسىزلىك بولۇشى مۇمكىن. يەنە ئەگەر ئۇ جەمئىيىتىمىزدە ئۆزىنى بىلىملىك ھېسابلايدىغان كىشىلەرنىڭ غايىسى بوپقالىدىغان بولسا، ئۇنداقتا «مىللەتنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش، مىللەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش» دېگەن بۇ ئىبارىلەرنى تىل لۇغىتىمىزدىن چىقىرىۋەتكەن تۈزۈك.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇندىن مىڭ يىل بۇرۇن بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزغا تولىمۇ ماس كېلىدىغان مۇنداق بىر ئۇلۇغ ھېكمەتنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. مەن دېمەكچى بولغانلىرىمغا شۇ ھېكمەتنى تۈگەنچە قىلماقچىمەن:

بولۇۋەرسە ئىتقا باش ئارسلان،
بولۇر ھەممە ئىت ئارسلانسىمان.
ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش،
بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان.

---

*ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: ئىجتىمائىيەت بويىچە يېتىلىۋاتقان ياش تەتقىقاتچى، خوتەن ۋىلايەت مەمۇرىي مەھكىمىدە ئىشلەمچى

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت. كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن، گۈلنار رۇستەم (تەكلىپلىك)



«قانلىق ئىز»، «يىمىرىلىش»، «ئارمان» قاتارلىق رومانلار، «سوغۇق تام» ناملىق
هېكايە- پوۋېستلار توپلىمىنىڭ مۇئەللىپى، يازغۇچى، مائارىپچى مۇھەممەتئېلى ھېلىم


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市文化路28号百川大厦10楼
邮　　编：830011 电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22　定价：6元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2010-يىل 5-سان (ئومۇمىي 305- سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژورنال)


باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28-نومۇر بەيچۇەن سارىيى 10-قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830011 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 باھاسى: 6 يۈەن


# فوتوگرافلار مۇنبىرى




ياشلىق جىلۋىسى ئۈركەش جاپپار فوتوسى



قايناپ... تۇرسۇنمۇھەممەت ئوسمان فوتوسى



چەۋەنداز ئاۋۇت بارات فوتوسى



خېرىدار كۈتۈش ئادىل ئىسمائىل فوتوسى